ISSN 1005—5878

# شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى

## پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى

1995

# شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى

(پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

پەسىللىك ژۇرنال

1995 ـ يىللىق 3 ـ سان (ئومۇمىي 63 ـ سان)

9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشىردىن چىقتى

باش مۇھەررىر: ئەكبەر ھۈسەيىن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قەييۇم قۇربان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى

## (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

Abdulcelil TURAN
Yenidogan Mh. 41. Sk. No:7
Daire: 4 Zeytinburnu-IST.

## پەسىللىك ژۇرنال

# بۇ ساندا

ئىگىلىكنى قانۇن ۋاستىسى ئارقىلىق باشقۇرۇش ئىدىيىسىگە دائىر بىرقانچە مەسىلە ..........
.......................... فۇ جاۋجۇاڭ (ئەكبەر ھۇسەيىن تەرجىمىسى) 1
سوغدىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئېتنىك ۋارىسلىرى توغرىسىدا ..........................
.................................... ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن 19
تەھرىرلىك خىزمىتىگە دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا.............. ئەكبەر ھۇسەيىن 41
يازغۇچى زۇنۇن قادىرى ھەققىدە.............................. ئازاد سۇلتان 55
پېرسوناژ ئوبرازى نەزەرىيىسىنىڭ تەرەققىياتى.................. ئابدۇللا مۇھەممىدى 70
ھەمكارلىق ۋە سىرتقا يۈزلىنىش سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ توپ يولى
.............................................. ھېكىم زۇنۇن 79
زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش توغرىسىدا .................... كۇلىيا 82
يەرلىك ئىقتىسادىي قانۇن ـ نىزاملارنى چىقىرىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا
.............................................. رىشات مۆمىن 87
مەمۇرىي تۆلەمدىكى بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا .................. گۈلباھار نىياز 91
تەكىتىس خۇلاسىنىڭ ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدە قوللىنىلىشى توغرىسىدا ........ ھەسەنجان تۇردى 96
بالدۇر نىكاھلىنىشقا سەۋەب بولىدىغان ئامىللار ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى .........
.............................................. ھەمرا مۇھەممەت 102
ئۇيغۇرلاردىكى ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا........ ئەھمەد سۇلايمان 106
ئوغۇز داستانىدا تىلغا ئېلىنغان «قىئات» توغرىسىدا .................. تۇرسۇن ھۇشۇر 114
ئىدىقۇت ئۇيغۇر مائارىپى توغرىسىدا .......................... چىمەن نەجمىدىن 117
لۇغەت ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا .......................... رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا 123
خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا.................. ۋاڭ سۇمېي 133
تاڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇنلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جۇڭگونىڭ قانۇن چىقىرىش تارىخىدا تۇتقان ئورنى
.............................................. زەيتۇنە توختى 138
دۇنيادىكى مىللەتلەر .............................. ئۆمەر موللا 142

كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

新疆大学学报
（哲学社会科学维文版）

1995年第3期
（总第63期）

# 目 录

关于经济法制观念的几个问题 …… 傅昭中 （艾克拜尔·侯赛因译）
论粟特及其文化后继者 …… 阿布都秀库尔·穆罕默德伊明
论编辑工作的几个问题 …… 艾克拜尔·侯赛因
论祖农·卡德尔 …… 阿扎提·苏里唐
人物形象理论的发展 …… 阿布都拉·穆罕默德
合作和对外开放是发展社会主义市场经济的根本途径 …… 阿克木·祖农
论现代企业制度的确立 …… 库里亚
论制定和完善地方经济法规的必要性 …… 热夏提·莫敏
关于行政赔偿的几个问题 …… 古丽巴哈尔·尼亚孜
二难推理在司法实践中的应用 …… 艾山江·图尔迪
早婚的诱发因素及其预防措施 …… 艾姆拉·穆罕默德
维吾尔族蓄发辫的习俗探源 …… 艾赫迈德·苏莱漫
论《乌古斯传》中提及的 Qi'at …… 图尔逊·吾守尔
论高昌回鹘的教育 …… 齐曼·乃吉姆丁
词典及其意义 …… 热外都拉·艾木杜拉
关于提高汉语教学质量之我见 …… 王素梅
论唐朝律令及其在中国法制史上的地位 …… 再伊彤·托乎提
世界的民族 …… 乌买尔·毛拉

# ئىگىلىكنى قانۇن ۋاسىتىسى ئارقىلىق باشقۇرۇش ئىدىيىسىگە دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا

**فۇجاۋجۇڭ**

قىسقىچە مەزمۇنى: سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا، ئىلمىزدە قانۇنشۇناسلىق نەزەرىيىسى ۋە قانۇنشۇناسلىق ئىدىيىسىنى يېڭىلاشتا، سىنىپىي مۇناسىۋەتلەرنى ئاساس ۋە نۇقتا قىلىدىغان ئىلگىرىكى سىياسىي قانۇنچىلىق ئىدىيىسىدىن ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئاساس ۋە نۇقتا قىلىدىغان ئىگىلىكنى قانۇن ۋاسىتىسى ئارقىلىق باشقۇرۇش ئىدىيىسىگە بۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بىر مەركەز بولۇشى كېرەك. بۇ ماقالىدە، مۇشۇ مەركەزنى چۆرىدىگەن ھالدا، سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ ماھىيىتى ۋە رولىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكى؛ قانۇننىڭ تۈرگە بۆلۈنۈشىدە ئومۇمىي قانۇن بىلەن خۇسۇسىي قانۇننىڭ پەرقى بولىدىغانلىقى ھەمدە بۇ ئىككىسى تۈرلۈك ساھەلەردە تۈرلۈك رول ئوينايدىغانلىقى، خۇسۇسىي قانۇن ئەۋزەللىكىنى يەنە ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقى؛ قانۇن مۇناسىۋىتى جەھەتتە ھوقۇق ئاساسچىلىقىنى، ھوقۇقنىڭ مەجبۇرىيەتنى ۋە ھوقۇق كۈچىنى بەلگىلەيدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىملىقىدىن ئىبارەت ئۈچ مەسىلە نۇقتىلىق ھالدا بايان قىلىنىدۇ.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىپ چىقىش ئىسلاھاتىمىزنىڭ يۆنىلىشى ۋە كۈرەش نىشانىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قانۇن ۋاسىتىسى بىلەن باشقۇرۇشنى قەدىرلەش بازار ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكىدۇر. ھەرقانداق ھازىرقى زامان بازار ئىگىلىكى — قانۇننىڭ يېتەكچىلىكىدە بولىدىغان، قانۇن تەرىپىدىن قائىدىگە سېلىنىدىغان، كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ۋە تىزگىنلىنىدىغان ئىگىلىك، قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغان ئىگىلىك. پارتىيە 14 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشقا دائىر بەزى مەسىلە توغرىسىدىكى قارار»دا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە ياخشىلاش ئىشىنى مۇكەممەل قانۇن - تۈزۈم ئارقىلىق قېلىپلاشتۇرۇش ۋە كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك. قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش، ئىسلاھات ئېچىۋېتىش بىلەن قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئىگىلىكنى قانۇن ۋاستىسى ئارقىلىق باشقۇرۇشنى، ئۆگىنىۋېلىش كېرەك.»① دەل مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى قانۇن ۋاستىسى ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان ئىگىلىك بولۇشى كېرەك.

قانۇن ۋاستىسى ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان ئىگىلىكنى بەرپا قىلىشتا ئىگىلىكنى قانۇن ۋاستىسى بىلەن باشقۇرۇشقا دائىر نەزەرىيە ۋە ئىدىيىنىڭ باشلامچىلىقى بولۇشى كېرەك. ئېلىمىزدە ئەنئەنىۋى قانۇنشۇناسلىق نەزەرىيىسى ۋە ئىدىيىسى، تۈرلۈك سەۋەبلەر ھەم تەسىرلەر تۈپەيلىدىن، سىنىپىي مۇناسىۋەتلەر بىكىنمىچىلىكى دائىرىسىدىن ئۇزاقتىچە ۋە تۈپ - ئاساسىدىن چىقىپ كېتەلمىدى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش جەريانىدا، قانۇنشۇناسلىق نەزەرىيىسى ۋە ئىدىيىسىنى يېڭىلاشتا مۇھاكىمە قىلىشقا بولىدىغان ئىنتايىن مول مەزمۇنلار بار. لېكىن، سىنىپىي مۇناسىۋەتلەرنى ئاساس ۋە نۇقتا قىلىدىغان ئىلگىرىكى سىياسىي. قانۇنچىلىق ئىدىيىسىدىن ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئاساس ۋە نۇقتا قىلىدىغان ئىگىلىكنى قانۇن ۋاستىسى ئارقىلىق باشقۇرۇش ئىدىيىسىگە بۇرۇلۇش قانۇنشۇناسلىق ئىدىيىسىنى يېڭىلاشنىڭ مەركىزى قىلىنىشى كېرەك. بۇ ماقالىدە، ئىگىلىكنى قانۇن ۋاستىسى ئارقىلىق باشقۇرۇشقا دائىر بىرقانچە مەسىلە ئۈستىدىلا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

### 1. قانۇننىڭ ماھىيىتى ۋە رولى توغرىسىدىكى چۈشەنچىنى نوقۇل سىنىپىي مۇناسىۋەتلەر ۋە مۈلۈكچىلىك مۇناسىۋىتى دائىرىسىدىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا كېڭەيتىش كېرەك

قانۇن — «ھۆكۈمران سىنىپ ئىرادىسىنىڭ ئىپادىسى»، «سىنىپىي ھۆكۈمرانلىق قورالى» دېگەن نۇقتىئىنەزەر ماركسىزملىق قانۇنشۇناسلىقتىكى ئەنئەنىۋى نۇقتىئىنەزەردۇر. بۇ نۇقتىئىنەزەر ئىلمىي نۇقتىئىنەزەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا يەنە دەۋر تامغىسى بېسىلغان. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ماركس ياشىغان دەۋردە، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى كاپىتالىزمنىڭ ئورنىنى سوتسىيالىزم ئىگىلەيدىغانلىقىنىڭ تارىخىي مۇقەررەرلىكىنى ئېنىق قىلىپ، پرولېتارىيات سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنى نەزەرىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا، «ھۆكۈمران سىنىپ ئىرادىسىنىڭ ئىپادىسى»، «سىنىپىي ھۆكۈمرانلىق قورالى» دېگەن نۇقتىئىنەزەر قانۇننىڭ ماھىيىتى ۋە رولىنى بۇرژۇئا قانۇنىنىڭ سىنىپىي مەزمۇنىنى ئېچىپ تاشلاش يۈزىسىدىن ئىزاھلاشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغاچقا، ئۇ قانۇننىڭ ماھىيىتى ۋە رولىنى تېخى تولۇق ئېچىپ بېرەلمىگەن. ماركسىزمنىڭ پۈتۈن ئىلمىي سىستېمىسى ۋە پۈتۈن تەرەققىيات تارىخىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ تۈپ پرىنسىپى سىنىپىي مۇناسىۋەتلەر نەزەرىيىسى ئەمەس، بەلكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. دېڭ شياۋپىڭ: «ماركسىزم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ھەممىدىن بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ»②، «ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش — ماركسىزمنىڭ تۈپ پرىنسىپى»③ دەپ قايتا - قايتا تەكىتلىگەن. لېنىنمۇ: «ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى، ئاخىرقى ھېسابتا، يېڭى ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ غەلىبىسىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم، ئەڭ ئاساسىي نەرسە»، «كوممۇنىزم ئىلغار تېخنىكىدىن پايدىلانغان، ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئاڭلىق بىرلەشكەن ئىشچىلار ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن، كاپىتالىزمدىكىدىنمۇ يۇقىرى بولغان ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىدىن ئىبارەت»④ دەپ قارىغان. ماركسىزمنىڭ تۈپ پرىنسىپىنى ئاساس قىلغاندا، سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ ماھىيىتى ۋە

رولى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا، قانۇنشۇناسلىقنىڭ ئەڭ تۈپ ئىدىيىسى تارىخىي ھاياتى كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

بىرىنچىدىن، قانۇننىڭ پەيدا بولۇشىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى، بولۇپمۇ تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىياتىغا ماسلىشىش ئېھتىياجى ھەممىدىن بەك تۈرتكە بولغان. خۇددى ئېنگېلس ئېيتقاندەك: «جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىلگىرىكى مەلۇم بىر باسقۇچىدا، مۇنداق بىر خىل ئېھتىياج تۇغۇلغانكى، ھەر كۈنى تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان ئىشلەپچىقىرىش، تەقسىمات ۋە مەھسۇلات ئالماشتۇرۇش ئىشىنى بىر ئورتاق قائىدىگە يىغىنچاقلاپ، شەخسلەرنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئالماشتۇرۇشنىڭ ئومۇمىي شەرتلىرىگە بويسۇندۇرۇشقا توغرا كەلگەن. بۇ قائىدە ئاۋۋال ئۆرپ - ئادەت بولۇپ ئىپادىلەنگەن، كېيىن بولسا قانۇنغا ئايلىنىپ كەتكەن.» ⑤ دېمەك، قانۇننىڭ ئاساسىي رولى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەش ئارقىلىق — «ئامال قىلىپ شەخسلەرنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئالماشتۇرۇشنىڭ ئومۇمىي شەرتىگە بويسۇندۇرۇش» يولى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. سىنىپىي جەمئىيەتتە، ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى سىنىپلار بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپلارنىڭ مەنپەئەت مۇناسىۋىتى ۋە سىنىپىي كۈرەشنىڭ مۇرەسسەسىزلىكى تۈپەيلىدىن، غەلىبە قازانغان ۋە دۆلەت ھاكىمىيىتىنى قولىغا ئالغان ھۆكۈمران سىنىپ دۆلەت ئارقىلىق تۈزۈپ چىققان قانۇن ھەقىقەتەن «سىنىپىي ھۆكۈمرانلىقنى قوغداش»تىن ئىبارەت مۇھىم رولغا ئىگە، لېكىن بۇنداق رول ھەرگىز ئاساسىي رول ئەمەس، بولۇپمۇ بىردىنبىر رول ئەمەس. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، «سىياسىي ھۆكۈمرانلىق ھەممە جايدا مەلۇم ئىجتىمائىي رولنى ئىش يۈزىدە كۆرسىتىشنى ئاساس قىلىدۇ، يەنە كېلىپ سىياسىي ھۆكۈمرانلىق ئۆزىنىڭ بۇنداق ئىجتىمائىي رولىنى ئىش يۈزىدە كۆرسەتكەن چاغدىلا، ئاندىن داۋاملىشالايدۇ». ⑥ قەدىمكى ۋە ھازىرقى تارىخقا ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ھەرقانداق دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى ئۇزاق مۇددەت خاراب ھالەتتە تۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئارقىغا چېكىنىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشى مۈشكۈل ئەھۋالدا قالىدىغان بولسا، ھۆكۈمران سىنىپ تۈزگەن قانۇنلار ھەرقانچە مۇكەممەل، سىياسىي ھۆكۈمرانلىق ھەرقانچە مۇستەھكەم بولمىسۇن، ئۇنداق دۆلەت ئاخىر ھالاك بولۇپ تۈگىشىدۇ.

ئىككىنچىدىن، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەردىن قارىغاندا، قانۇننىڭ رولى جەھەتتە مۇنداق ئىككى تىلسىماتنى بۇزۇپ تاشلاش كېرەك: بۇنىڭ بىرى — ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىدىكى ئۆزگىرىش پەقەت ئىنقىلاب ئارقىلىقلا، دىكتاتۇرا ئارقىلىقلا بارلىققا كېلىدۇ، «دىكتاتۇرا — زورلۇققا بىۋاسىتە تايىنىدىغان ۋە ھەرقانداق قانۇننىڭ چەكلىشىگە ئۇچرىمايدىغان ھاكىمىيەت»؛ ⑦ ئىنقىلاب مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ، يېڭى ھاكىمىيەت ئورنىتىلغان چاغدىلا ئاندىن ھۆكۈمران سىنىپ يېڭى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى قانۇن ئارقىلىق ئورنىتىدۇ ۋە قوغدايدۇ، دەپ قارايدىغان تىلسىمات. بۇ ئومۇمىي ئەھۋالغا باب كېلىدۇ، لېكىن شەيئىلەر ئومۇمىي ئاساستا ھامان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بولىدۇ. قانۇننىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆزگەرتىش رولىمۇ بار. جۇڭگونىڭ قۇللۇق جەمئىيەتتىن فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئۆتۈش مەزگىلىدىكى «شاڭ ياڭنىڭ قانۇن ئۆزگەرتىشى»نىڭ ئاساسىي رولى قۇلدارلىق تۈزۈمىدىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بولغان. شۇ قېتىمقى قانۇن ئۆزگەرتىش چىن خاندانلىقىنىڭ جۇڭگونى

www.uyghurkitap.com

بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن فېئوداللىق تۈزۈمدىكى دۆلەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەرگەن. ياپونىيىدە مېيجى يىلىدا ئېلىپ بېرىلغان يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتى قانۇن ئۆزگەرتىش ئارقىلىق فېئوداللىزمدىن كاپىتالىزمغا ئۆتۈشتەك سۈپەت ئۆزگىرىشىنى ئىشقا ئاشۇرغان. قانۇن ئۆزگەرتىپ يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتى سىنىپىي كۈرەشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىۋاسىتە شەكلى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھاتتىن ئىبارەت بولغان. زاۋالغا يۈزلەنگەن، چىرىپ كەتكەن دەپ ئاللىقاچان بىشارەت قىلىنغان كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكىدەك مەلۇم ھاياتىي كۈچكە ئىگە ھازىرقى زامان كاپىتالىزمغا ئايلىنالىشى، ئاساسەن، پەن - تېخنىكىنى قوللىنىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكتىن بولغان، لېكىن بۇنىڭدا قانۇنچىلىق ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھاتنىڭ رولىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ، كاپىتالىستىك ئەللەردە ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھاتتا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تۈپ خاراكتېرى ئۆزگەرتىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈملىرى قىسمەن تەڭشەلدى. ھازىرقى زامان كاپىتالىستىك قانۇنچىلىقىدا پۇقرالارنىڭ ئاساسىي سىياسىي ھوقۇقى كېڭەيتىلگەن. ئىشچىلارنىڭ كارخانا باشقۇرۇشقا قاتنىشىش، ئىجتىمائىي پاراۋانلىقتىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقلىرى كۈچەيتىلگەنلىكى ئۈچۈن، سىنىپىي زىددىيەت پەسكويغا چۈشتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىرمۇنچە ئىقتىسادىي قانۇن تارماقلىرى قۇرۇلۇپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا بولغان باشقۇرۇشى كۈچەيتىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، قانۇن مەۋجۇت ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىلا قوغداپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆزگەرتىش ياكى قىسمەن ئۆزگەرتىش رولىنى ئويناپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغانلىقى تېخىمۇ دىققەتكە سازاۋەردۇر. يەنە بىرى — قانۇن بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدا بىۋاسىتە باغلىنىش يوق، «ئۇستقۇرۇلما ئىقتىسادنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق، بازىسنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ۋاسىتىلىك ھالدىلا باغلىنىش ياسايدۇ»[8] دەپ قارايدىغان تىلسىمات. ئەمەلىيەتتە، قانۇننىڭ تەرەققىياتى بۇ نەزەرىيىۋى ئەندىزىنى ئاللىقاچان بۇزۇپ تاشلىدى. مەسىلەن، ئەمگەك مۇھاپىزىتىگە دائىر بىرمۇنچە قانۇن - تۈزۈملەر ئەمگەكچىلەر (ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئاساسىي ئامىلى) نى مۇھاپىزەت قىلىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇردى؛ تەبىئىي بايلىقلارنى مۇھاپىزەت قىلىشقا دائىر بىرمۇنچە قانۇن - تۈزۈملەر بولسا تەبىئىي بايلىقلار (ئەمگەك ئوبيېكتى) نى مۇھاپىزەت قىلىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇردى؛ پەن - تېخنىكا كەشپىياتى ۋە ئىختىرالىرىنى مۇكاپاتلاش ياكى مۇھاپىزەت قىلىشقا دائىر بىرمۇنچە قانۇن - تۈزۈملەر ئىلغار پەن - تېخنىكا (مۇھىم ئىشلەپچىقىرىش كۈچى) نى ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇردى.

ئۈچىنچىدىن، سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ ماھىيىتى ۋە تۈپ ۋەزىپىسى سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى ۋە تۈپ ۋەزىپىسى بىلەن بىردەك بولۇشى كېرەك. دېڭ شياۋپىڭ: «سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ئېكسپىلاتاتسىيىنى يوقىتىش، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى تۈگىتىش، ئاخىردا ئورتاق بېيىش مەقسىتىگە يېتىش»[9] دەپ كۆرسىتىدۇ. سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى بۇ ئىلمىي يەكۈن بەش ئاساسىي نۇقتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئالدىنقى ئىككى نۇقتىدا سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى، كېيىنكى ئۈچ نۇقتىدا سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ

مەقسىتى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن. سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ ماھىيىتىنى كۆپ نۇقتا ۋە كۆپ قاتلام بويىچە تەھلىل قىلىش مۇمكىن، لېكىن ئەڭ يۇقىرى ياكى دائىرىسى ئەڭ كەڭ قاتلام ئىككى جەھەتتىكى مۇئەييەنلىكنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك: ئۇنىڭ توپ ۋەزىپىسى «ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش»؛ توپ مەقسىتى «ئېكسپىلاتاتسىيىنى يوقىتىش، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى تۈگىتىش، ئاخىردا ئورتاق بېيىش مەقسىتىگە يېتىش.» توپ ۋەزىپە توپ مەقسەتكە يېتىشنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلغاندا توپ مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ. ئېلىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، «دەسلەپكى باسقۇچ» دېگەنلىك «تەرەققىي تاپمىغان باسقۇچ» دېگەنلىكتۇر، بۇنىڭدا، ئاساسەن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي تاپمىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ بۇ تارىخىي باسقۇچتىكى مەركىزىي ۋەزىپىسى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ ۋەزىپىسى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش دېگەن مەسىلە ئۈستىدە بىز ھەرھالدا ئاز - تولا تونۇشقا ئىگە، بەزى ئەسەرلەردە بۇ ھەقتە بايانلار بار، سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ ۋەزىپىسى يەنىلا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، بۇ قانۇنشۇناسلىق نەزەرىيىسىدە بىر بوشلۇق بولۇپ تۇرماقتا. بۇنداق مەسىلىنىڭ تۇغۇلۇشىنىڭ بىلىش جەھەتتىكى ئاساسىي سەۋەبى شۇكى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىشنىڭ مەنىسى ئىنتايىن تار دائىرە بىلەن چەكلەپ قويۇلدى، يەنى بىر سىنىپ يەنە بىر سىنىپنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان ئىنقىلابنىڭ ئىجتىمائىي فورماتسىيىدە بارلىققا كەلتۈرگەن ئۆزگىرىشلا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ دەپ قارالدى؛ بۇنىڭدىن باشقا، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى نەزەرىيىسىگە ئاساسەن، سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ بارلىققا كېلىشى پرولېتارىياتنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىشى ۋە كونا قانۇن سىستېمىسىنى ئۈزۈل- كېسىل پاچاقلاپ تاشلاش ئاساسىغا ئورنىتىلغان بولۇشى كېرەك، دەپ قارالدى. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككى نەزەرىيىۋى ئالدىنقى شەرتنى ئاساس قىلغاندا، سوتسىيالىستىك قانۇندا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش رولىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. دېڭ شياۋپىڭ بۇنداق دوگمىلىق ۋە قاتماللىق تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان سەۋەنلىكلەرگە ئېنىق جاۋاب بېرىپ: «ئىنقىلاب ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىدۇ، ئىسلاھاتمۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىدۇ» دېدى ھەم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىشنىڭ بۇنداق ئىككى خىل خاراكتېرى ۋە ۋەزىپىسى ئوتتۇرىسىدا پەرق بارلىقىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دېدى: «جاھانگىرلىك، فېئودالىزم ۋە بيۇروكرات كاپىتالىزمنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش — بىر ئىنقىلاب. دېمەك، ئىنقىلاب ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك ئاساسىي تۈزۈم ئورنىتىلغاندىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغىدىغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، جۇشقۇن ۋە ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تاشقان سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى بەرپا قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكىمۇ توغرا كېلىدۇ، بۇ — بىر ئىنقىلاب، دېمەك، ئىسلاھاتمۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىدۇ.»⑩ سوتسىيالىستىك ئىسلاھات سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئۆزىنى ئۆزى مۇكەممەللەشتۈرۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئۇ ئەنئەنىۋى مەنىدىكى ئىنقىلابقا ئوخشىمايدۇ. جۇڭگو خەلقى ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يولىدىكى ئىنقىلابتا، قوراللىق كۈرەشنى ئاساسىي شەكىل قىلغان سىنىپىي كۈرەشتىن ئىبارەت توپ ئۇسۇلنى قوللاندى؛ ئېلىمىزدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئۇزاققىچە بوغۇپ كەلگەن ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە سىياسىي تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىش يولىدىكى ئىسلاھات جەريانىدا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان قانۇن سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت توپ ئۇسۇلنى قوللىنىش كېرەك. دېمەك، سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ توپ ۋەزىپىسى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك.

**2. قانۇننىڭ تۈرگە بۆلۈنۈشىدە ئۇمۇمىي قانۇن بىلەن خۇسۇسىي قانۇننىڭ پەرقى بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك، پەرقلەندۈرۈشتىن مەقسەت — بۇ ئىككىسىنىڭ تۈرلۈك ساھەلەردىكى ئورنى ۋە رولىنى توغرا تونۇش**

ئۇمۇمىي قانۇن بىلەن خۇسۇسىي قانۇننىڭ پەرقى كەم دېگەندىمۇ رىم قانۇنىدىن بۇيان ئىزچىل ئېتىراپ قىلىنىپ كەلدى. رىم قانۇنى — «تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ تۇنجى ئالەمشۇمۇل قانۇنى» . ⑪ دېمەك، خۇسۇسىي قانۇننىڭ تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ئىنچىكە جەھەتتە مۇقەررەر باغلىنىشى بار.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قانۇنشۇناسلىق نەزەرىيىسى ۋە «سول» چىل ئەنئەنىۋى ئىدىيىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، ئېلىمىزنىڭ قانۇنشۇناسلىق ساھەسىدىكىلەر سوتسىيالىستىك دۆلەتتە ئۇمۇمىي قانۇن بىلەن خۇسۇسىي قانۇننىڭ پەرقى مەۋجۇتلۇقىنى ئۇمۇميۈزلۈك ئىنكار قىلىپ كەلدى ھەمدە بۇنداق پەرقلەندۈرۈشنى بۇرژۇئا قانۇنشۇناسلىق نۇقتىئىنەزىرىنىڭ بەلگىسى دەپ ھېسابلاشتى. ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ئىقتىسادىي تۈزۈمىدىن تەھلىل قىلغاندا، يۇقىرىقىدەك ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىگە ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئىككى جەھەتنى سەۋەب قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن:

بىرىنچى، ئىقتىسادىي بازىس جەھەتتىن ئېيتقاندا، سوتسىيالىستىك دۆلەتتە ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان بىرلا خىل مۇلۇكچىلىك مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى كېرەك، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى خۇسۇسىي ئۆزلەشتۈرۈش مەۋجۇت بولۇشتىن قالدى، شۇ سەۋەبتىن ئۇمۇمىي قانۇن بىلەن خۇسۇسىي قانۇننىڭ پەرقى ئۆز - ئۆزىدىن يوقىلىشى كېرەك، دەپ قارالدى. بۇ — ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىدىن چەتلىگەن خىيالپەرەسلىك. ئېلىمىزنىڭ ئىشكىنى ئېچىۋېتىش - ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتىن بۇيانقى ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىدىكى، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ئىقتىسادىي تەركىبلەر ھەر خىل بولىدۇ، ئۇمۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى، ئەمگەكچىلەرنىڭ كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىلا مەۋجۇت بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەككە كارخانىلار مۈلۈكچىلىكى، خۇسۇسىي كارخانىلار مۈلۈكچىلىكى، جۇڭگو بىلەن چەت ئەل شېرىكچىلىكى (شېرىكلىشىپ مەبلەغ سېلىش، ھەمكارلىشىش) دىكى كارخانىلار مۈلۈكچىلىكى، چەت ئەل مەبلىغى بىلەن قۇرۇلغان كارخانىلار مۈلۈكچىلىكى ۋە ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىۋاتقان ھەسسىدارلىق - ھەمكارلىق كارخانىلىرى مۈلۈكچىلىكىمۇ مەۋجۇت. كۆپ خىل مۈلۈكچىلىكنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئېلىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە قانۇنلىرىدا مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە بىرلا خىل ئۇمۇمىي مۈلۈكچىلىك مەۋجۇت بولۇشى كېرەك دەپ قارايدىغان سۇبيېكتىپ تەسەۋۋۇر ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت تەرىپىدىن ئىنكار قىلىندى. يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېيتقاندا، ئۇمۇمىي قانۇن بىلەن خۇسۇسىي قانۇننىڭ ئايرىلىشىغا مۈلۈكچىلىك تۈپ ئاساس بولالمايدۇ. شۇنىڭدەك، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلىدىغان كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە ئۇمۇمىي قانۇن بىلەن

خۇسۇسىي قانۇن، ئاساسەن، قۇرۇقلۇق قانۇنى سىستېمىسىدىكى قانۇن - تۈزۈملەردە ئېنىق ئايرىلغان، ئەمما ئۇ ئومۇمىي قانۇن سىستېمىسىدىكى دۆلەتلەردە ئانچە كەڭ قوللىنىلمىغان.

ئىككىنچى، ئىقتىسادنىڭ ھەرىكەت مېخانىزمىدىن ئېيتقاندا، سوتسىيالىستىك دۆلەتتە يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشكەن پىلانلىق ئىگىلىك يولغا قويۇلىدىغان بولغاچقا، بازار ئىگىلىكى مەۋجۇت بولۇشتىن قالىدۇ، شۇ سەۋەبتىن، ئىقتىسادىي ساھەدىكى بارلىق مەسىلە خۇسۇسىي قانۇن دائىرىسىگە ئەمەس، ئومۇمىي قانۇن دائىرىسىگە كىرىدۇ، شۇڭا خۇسۇسىي قانۇننى ئېتىراپ قىلماسلىق لازىم دەپ قارالدى. سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي ئەندىزىگە بولغان تونۇش جەھەتتىكى قاتماللىق ئارقىسىدا، تاۋار ئىگىلىكى بىلەن ئىچكى باغلىنىشى بولغان خۇسۇسىي قانۇننىڭ باراۋەرلىك، ئىختىيارلىق، تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش - ھەقلىق بولۇش، ئادىل رىقابەت قاتارلىق پرىنسىپى ئىنكار قىلىنىپ، خۇسۇسىي قانۇن مۇناسىۋەتلىرى ئومۇمىي قانۇن ۋاستىسى بىلەن تەڭشەلدى، ئىقتىسادىي ھەرىكەتلەر مەمۇرىي ھوقۇق ۋە مەمۇرىي ۋاستىلەر بىلەن بىۋاسىتە ئېلىپ بېرىلدى، نەتىجىدە ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي بايلىقلارنىڭ غايەت زور ئىسراپچىلىقى كېلىپ چىقتى، شۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى توسالغۇغا ئۇچرىدى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بازار ئىگىلىكى قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان خۇسۇسىي قانۇننى ئېتىراپ قىلىش ۋە تەتبىق قىلىش ئىلىم جەھەتتىكى مۇھاكىمە مەسىلىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە مەسىلە.

ئومۇمىي قانۇن بىلەن خۇسۇسىي قانۇننى ئايرىش غەربتە كەڭ قوللىنىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئايرىش ئۆلچىمى تۈرلۈك ئالىملاردا تۈرلۈكچە بولۇۋاتىدۇ. «ئوكسفورد قانۇن قامۇسى» دىكى ئىزاھقا ئاساسلانغاندا، «خۇسۇسىي قانۇنغا مۇنداق تەبىر بېرىش مۇمكىن: ئۇ بىر قانۇن سىستېمىسىدىكى پرىنسىپ ۋە قائىدىلەرنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇ ئادەتتىكى ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىش پرىنسىپى ۋە قائىدىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، شۇنىڭدەك دۆلەت ياكى دۆلەتنىڭ ۋەكالەتچى ئورگانلىرى بىلەن شەخسلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا، دۆلەت ياكى ئۇنىڭ ۋەكالەتچى ئورگانلىرى دۆلەتنىڭ بىر تارمىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھېچقانداق ئالاھىدە سالاھىيەت ۋە ئىمتىيازغا ئىگە بولمايدۇ». ھالبۇكى «ئومۇمىي قانۇندا دۆلەتنىڭ تەشكىللىك سىياسىي تەشكىلاتلىرى، ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ تارماقلىرى، ئۇلارنىڭ ۋەكالەتچى ئورگانلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى، ھەرىكىتى، ھوقۇقى، كەچۈرۈم قىلىنىش ھوقۇقى، مەجبۇرىيىتى ۋە جاۋابكارلىقىغا دائىر قائىدە ھەم پرىنسىپلار بەلگىلەنگەن بولىدۇ، دۆلەتنىڭ ياكى ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكالەتچى ئورگانلىرىنىڭ ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولمىغان ئەھۋالدا شەخسلەر بىلەن باغلىنىغان ئالاقىسى خۇسۇسىي قانۇن تەرىپىدىن تەڭشىلىدۇ. ئومۇمىي قانۇن - تۈزۈمنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئاساسەن، دۆلەت بىلەن ئادەتتىكى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەيدۇ، خۇسۇسىي قانۇن بولسا، ئاساسەن، پۇقرالارنىڭ شەخسىي ئىشلىرىنى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەيدۇ.»⑫ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئومۇمىي قانۇن بىلەن خۇسۇسىي قانۇن ئوتتۇرىسىدا بىر بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كېتىدىغان، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىرماش - چىرماش ئالاقە بولسىمۇ، لېكىن قاتتىق چېگرا بار. بىزنىڭ ئومۇمىي قانۇن بىلەن خۇسۇسىي قانۇننىڭ پەرقىنى ئېتىراپ قىلىشىمىزدىكى مەقسەت بۇ ئىككىسىنىڭ تۈرلۈك ساھەلەردىكى ئورنى ۋە رولىنى توغرا چۈشىنىپ، قانۇن چىقىرىش ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىشنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئىلمىيلىكىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت.

بىرىنچىدىن، ئومۇمىي قانۇن بىلەن خۇسۇسىي قانۇننىڭ تەڭشەش ئوبيېكتى ۋە دائىرىسى ئوخشاش ئەمەس، شۇنىڭدەك قوللىنىدىغان قانۇن پرىنسىپلىرىمۇ ئوخشاش ئەمەس. ئومۇمىي قانۇن، ئاساسەن، ئاساسىي قانۇن، مەمۇرىي قانۇن، جىنايى ئىشلار قانۇنى ۋە ئىجتىمائىيلىقنى تۈپ بەلگە قىلغان ئىگىلىك باشقۇرۇش مۇناسىۋەتلىرىنى قائىدىگە سالىدىغان ئىقتىسادىي قانۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ دۆلەت بىلەن كارخانىلار، دۆلەت بىلەن شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەيدۇ، دۆلەت مەنپەئىتى ۋە جامائەت مەنپەئىتىنى تەكىتلەيدۇ، زورلۇق پرىنسىپىنى يولغا قويىدۇ. خۇسۇسىي قانۇن، ئاساسەن، ھەق تەلەپ قانۇنى ۋە سودا قانۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەق تەلەپ قانۇنى باراۋەر سۇبيېكتلار ئوتتۇرىسىدىكى مال - مۈلۈك مۇناسىۋىتى بىلەن جىسمانىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەيدىغان قانۇن قائىدىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سودا قانۇنى ھەق تەلەپ قانۇنىغا تەئەللۇق ئالاھىدە قانۇن بولۇپ، ئۇ سودا پائالىيىتى، يەنى بازار سودىسى پائالىيىتىنى تەڭشەيدىغان قانۇن قائىدىسىدۇر. خۇسۇسىي قانۇننىڭ جېنى ۋە ئەڭ تۈپ پرىنسىپى باراۋەرلىك - ئەركىنلىك روھىنىڭ قانۇن ساھەسىدىكى ئىنكاسى بولغان پىكىر ئىپادە ئەركىنلىكىدىن ئىبارەت. پىكىر ئىپادە ئەركىنلىكى خۇسۇسىي ھوقۇق ئەركىنلىكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ تۈپ مەنىسى مۇنداق: خۇسۇسىي قانۇن سۇبيېكتى خۇسۇسىي قانۇن ھەرىكىتىنى ئۆز ئالدىغا ئېلىپ بېرىشقا ھوقۇقلۇق، ئۇنىڭغا باشقىلارنىڭ قانۇنسىز يول بىلەن ئارىلىشىشىغا بولمايدۇ؛ خۇسۇسىي قانۇن سۇبيېكتى ئۆزىنىڭ ھەقىقىي پىكرىنى ئەركىن ئىپادىلىگەن ئاساستا، ئېلىپ بارغان خۇسۇسىي قانۇن ھەرىكىتىگىلا جاۋابكار بولىدۇ؛ خۇسۇسىي قانۇن سۇبيېكتلىرى تەرىپىدىن ئىختىيارىي ھاسىل قىلىنغان كېلىشىمگە خۇسۇسىي قانۇننى تەتبىق قىلىشتا، مەجبۇرىي ئىجرا قىلىنىدىغان قانۇنلارغا خىلاپلىق قىلماسلىق شەرتى ئاستىدا يول قويۇلىدۇ، يەنى خۇسۇسىيلار تەرىپىدىن ھاسىل قىلىنغان كېلىشىمدە خۇسۇسىي قانۇننى جانلىق تەتبىق قىلىشقا بولىدۇ. ⑬ ھازىرقى زامان ھەق تەلەپ قانۇنىدا، پىكىر ئىپادە ئەركىنلىكى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مۇتلەق ئىگىدارلىق ھوقۇقى، توختام ئەركىنلىكى ۋە سەۋەنلىك جاۋابكارلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ پرىنسىپقا بۆلۈنىدۇ. ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىدا، پىكىر ئىپادە ئەركىنلىكىنىڭ مەنىسى تاللاش ۋە بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى دېگەن مەزمۇنلارغىچە كېڭەيدى.

قىسقىسى، خۇسۇسىي قانۇن سۇبيېكتىنىڭ خۇسۇسىي ھوقۇق يۈرگۈزۈشىدىكى ئەڭ تۈپ پرىنسىپ پىكىر ئىپادە ئەركىنلىكىدىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك، ھالبۇكى، ئومۇمىي قانۇن سۇبيېكتىنىڭ جامائەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىدە پىكىر ئىپادە ئەركىنلىكى مەۋجۇت بولمايدۇ، ئۇنىڭدا دۆلەتنىڭ زورلۇق يۈرگۈزۈشى ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. ئومۇمىي قانۇن بىلەن خۇسۇسىي قانۇننىڭ پەرقىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ساھەلەرگە قارىتىلغان قانۇنىي پرىنسىپلىرى ۋە تەڭشەش ئۇسۇللىرىدىكى پەرقنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش سىياسىي ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە دۆلەت ۋە ئۇنىڭ ۋەكالەتچى ئورگانلىرىنىڭ غەيرىي سىياسىي سۇبيېكتلارنىڭ قانۇنىي ئىگىلەر ۋە پۇقرالارنىڭ ھەرىكەت ئەركىنلىكى ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئىتىنى ئېتىراپ قىلىشى ۋە قوغدىشىنى ئېنىقلىۋېلىشقا، دۆلەتنىڭ ئارىلىشىشى ۋە مەمۇرىي ھوقۇقنىڭ خۇسۇسىيلار ياكى خەلق ئىچىگە نامۇۋاپىق ھالدا كېڭىيىپ كېتىشىنى چەكلەپ، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ بازار ئىگىلىكىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى بويىچە نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشقا پايدىلىق.

ئىككىنچىدىن، ئومۇمىي قانۇن بىلەن خۇسۇسىي قانۇننىڭ پەرقىنى ئېتىراپ قىلىشتا، ئەڭ مۇھىمى، بۇ ئىككىسىنىڭ قانۇن قائىدىلىرىنىڭ بازار ئىگىلىكى پائالىيەتلىرىدىكى ئوخشاش بولمىغان رولىنى توغرا چۈشىنىۋېلىش

كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بازار تەرتىپىنى ئورنىتىش ۋە قوغداشتا ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل تەڭشەش مېخانىزمى بولىدۇ، ئۇنىڭ بىرى، بازار سۇبيېكتىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى تەڭشەش مېخانىزمى. يەنە بىرى، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ تەڭشەش مېخانىزمى. بازار سۇبيېكتىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى تەڭشەش مېخانىزمى، ئاساسەن، خۇسۇسىي قانۇنغا تايىنىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. خۇسۇسىي قانۇن شەخس ۋە كارخانا قاتارلىق بازار سۇبيېكتىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە باراۋەرلىكىنى، بازار سۇبيېكتلىرى ئوتتۇرىسىدا توختام مۇناسىۋىتى ئارقىلىق تاۋار ئالماشتۇرۇلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ؛ بازار رىقابىتىدىن باھا شەكىللىنىپ، تۈرلۈك تاۋارلار ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ ئەركىن ھەرىكەتلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ، بازار بايلىقلارنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشىدا ئاساس بولۇش رولىنى ئوينايدۇ. ئەمما، بازار ھەممىگە قادىر نەرسە ئەمەس، بولۇپمۇ ئۇنى كامالەتكە يەتكەن، نۇقسانسىز دېگىلى بولمايدۇ. بازار ئارقىلىق تەڭشەشتە مەلۇم قارىغۇلۇق ۋە قالاقلىق بولۇپ، ئۇ خەلق ئىگىلىكى ئومۇمىي مىقدارىنىڭ ھەر تەرەپلىمە تەڭپۇڭلاشتۇرۇلۇشى ۋە ئىقتىسادنىڭ مۇقىم يۈكسىلىشىگە كاپالەتلىك قىلالمايدۇ. بولۇپمۇ كىرىم تەقسىماتىنىڭ ئادىل بولۇشىنى بازار ئارقىلىق تەڭشەش بىلەن ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ، بازار سودىسىدا تەڭ قىممەت پرىنسىپى يولغا قويۇلىدۇ، كىشىلەرنىڭ بايلىق مەنبەسى، زېھنىي كۈچى ئوخشاش بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بازار باھاسى تەمىنلەش - تەلەپ قانۇنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، شۇ سەۋەبتىن بازار ئارقىلىق تەڭشەش ستىخىيىلىك تەڭشەش بولۇپ، ئۇ ئاسانلا باي - كەمبەغەللىك پەرقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئىجتىمائىي زىددىيەتنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ ھال پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ تەڭشەش مېخانىزمىنى ئورنىتىشنى، يەنى ھۆكۈمەتنىڭ ماكرولۇق تىزگىنلەشنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، مانا مۇشۇ چاغدا ئومۇمىي قانۇن ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. مەسىلەن، خام چوت قانۇنى، بانكا قانۇنى قاتارلىقلار ئارقىلىق ئومۇمىي مىقدار تەڭپۇڭلۇقىنى، پۇل قىممىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلىغىلى بولىدۇ؛ شىركەت قانۇنى، ئاكسىيە قانۇنى، بۇغالتىرلىق قانۇنى، يولسىز رىقابەتكە قارشى تۇرۇش ۋە مونوپولىيىگە قارشى تۇرۇش قانۇنى قاتارلىقلار ئارقىلىق بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ھەرىكىتى ۋە بازار تەرتىپىنى قائىدىگە سالغىلى بولىدۇ؛ تاپاۋەتكە قاراپ ئېشىپ بارىدىغان باج، مىراس بېجى قاتارلىقلار ئارقىلىق، يۇقىرى كىرىم قىلىدىغان تەبىقىلەر كىرىمىنىڭ زىيادە ئېشىپ كېتىشىنى تىزگىنلىگىلى بولىدۇ. ئەمگەك قانۇنى، ئىجتىمائىي كاپالەت قانۇنى ئارقىلىق ئىجتىمائىي كاپالەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرگىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن ئومۇمىي قانۇن بىلەن خۇسۇسىي قانۇننىڭ تۈرلۈك تەڭشەش مېخانىزمىدىكى ئورنى ۋە رولىنىڭ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

بەزى ئالىملار، ئومۇمىي قانۇن بىلەن خۇسۇسىي قانۇننى پەرقلەندۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى خۇسۇسىي قانۇن ئەۋزەللىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇش لازىم، دەپ قارىماقتا. ئاپتورنىڭ قارىشىچە، بۇنداق تەشەببۇس ناتۇرال ئىگىلىك، تاۋار ئىگىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، ئېلىمىزدە ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ئومۇمىي قانۇن مونوپولىيىسىنى، ئومۇمىي قانۇن ئەۋزەللىكىنى تۈگىتىشتە ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە؛ لېكىن چوڭقۇر ئويلىنىپ كۆرگەندە، خۇسۇسىي قانۇن ئەۋزەللىكىنى تومتاق ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈستىدە كېڭىشىپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بىرىنچىدىن، ھازىرقى زاماندا، ئاساسىي قانۇن ئومۇمىي قانۇن دائىرىسىگە كىرگۈزۈلمەكتە، بۇ — ئومۇمىي قانۇن بىلەن خۇسۇسىي قانۇننىڭ پەرقىنى ئېتىراپ قىلىدىغان قانۇنشۇناسلىق ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئومۇمىي قارىشى. ئانا قانۇن ھېسابلىنىدىغان دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى ئومۇمىي قانۇننى تۈزۈش ۋە ئەمەلگە قويۇشنىڭلا ئاساسى بولۇپ قالماستىن، ئەلۋەتتە خۇسۇسىي قانۇننى تۈزۈش ۋە ئەمەلگە

www.uyghurkitap.com

قويۇشنىڭمۇ ئاساسى، شۇنىڭدەك بازار ئىگىلىكىگە دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئالىي قانۇن مىزانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خۇسۇسىي قانۇن ئەۋزەللىكىنى تومتاق ھالدا تەكىتلەش ئاساسىي قانۇننىڭ ئالىي قانۇن بولۇش ئورنىنى تەۋرىتىپ قويامدۇ - يوق؟ بۇ — ھازىرقى زاماندا قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان تەشەببۇس. ئىككىنچىدىن، يېقىنقى زاماندا ئۇمۇمىي قانۇن بىلەن خۇسۇسىي قانۇننىڭ ئۆزئارا سىڭىشىپ كېتىشى ئارقىسىدا، خۇسۇسىي قانۇن روھى ۋە پرىنسىپىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئىزچىللىشىشى ئۇمۇمىي قانۇننىڭ كاپالىتىگە باغلىق بولۇپ قالدى. ھازىرقى زامان بازار ئىگىلىكىنىڭ تەركىبى بازار ئىگىلىكىدىن پەرقلىنىپ قالغانلىقىنىڭ تۈگۈنى دۆلەتنىڭ ئارىلىشىشىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولۇشىدا ئەمەس، ئارىلىشىش دائىرىسى ۋە ئۇسۇلىنى ئېنىقلىۋېلىشتا بولۇپ قالدى.

ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى ئىقتىسادىي ئەھۋالى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ھۆكۈمەت ئۆزى باشقۇرۇشقا تېگىشلىك بولمىغان ئىشلارنى يەنىلا باشقۇرۇۋاتىدۇ ياكى باشقۇرۇشقا مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ؛ ھۆكۈمەت ئۆزى باشقۇرۇشقا تېگىشلىك ھەمدە باشقۇرمىسا بولمايدىغان ئىشلارنى ھەقىقىي باشقۇرمايۋاتىدۇ ياكى ئوبدان باشقۇرمايۋاتىدۇ، شۇ سەۋەبتىن، بازار تەرتىپى تېخىچە ياخشىلىنىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ.

ئېلىمىزدە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇشتا، بازار ئىگىلىكىنىڭ ئۇمۇمىي قائىدىسىگە ئەمەل قىلغاندىن تاشقىرى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئالاھىدىلىكىنى، يەنى جامائەت مۇلۇكچىلىكىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش ۋە ئورتاق بېيىشنىمۇ ھېسابقا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇنىڭغا خۇسۇسىي قانۇنچىلىق بىلەن كاپالەتلىك قىلالمايدۇ، بۇنىڭدا ئۇمۇمىي قانۇننىڭ قانۇنچىلىق بىلەن كاپالەتلىك قىلىشىغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ھەرقانداق جەمئىيەت ئىگىلىك تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئۈزلۈكسىز ئالغا يۈكسەلدۈرۈشكە مۇھتاج، بۇنىڭ ئۈچۈن تەرەققىياتنى مەلۇم ئىزغا سېلىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، خۇسۇسىي قانۇن، ئاساسەن، ئىگىلىكنى ئالغا يۈكسەلدۈرۈش رولىنى، ئۇمۇمىي قانۇن بولسا، ئاساسەن، ئىگىلىك تەرتىپىگە، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش رولىنى ئوينايدۇ.

تەرەققىيات بىلەن مۇقىملىق جەمئىيەتنىڭ ھەرىكەت قىلىشى جەريانىدىكى مۇھىم ئىچكى زىددىيەت بولۇپ، تۈرلۈك باسقۇچ ۋە تۈرلۈك مەزگىللەردە تەرەققىيات بىلەن تەرتىپنىڭ، تەرەققىيات بىلەن مۇقىملىقنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئۆلچىمىنى ئېھتىياجغا قاراپ بەلگىلەشكە توغرا كېلىدۇ، بۇ — ناھايىتى قىيىن ئىش. دېمەك، مەسىلىنىڭ تۈگۈنى شۇ يەردىكى، ئۇمۇمىي قانۇن بىلەن خۇسۇسىي قانۇننىڭ تۈرلۈك ساھەلەردىكى ئورنى ۋە رولىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك، خۇسۇسىي قانۇن ئەۋزەللىكىنى تومتاق ھالدا تەكىتلەش ھاجەتسىز.

ئۈچىنچىدىن، ئۇمۇمىي قانۇن بىلەن خۇسۇسىي قانۇننىڭ بازار ئىگىلىكىدىكى ئوخشاش بولمىغان رولىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش — قانۇن تۈرغۈزۈش ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىشنىڭ ئىلمىيلىكىنى ئاشۇرۇشىمىز ئۈچۈن پايدىلىق. بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان قانۇن سىستېمىسىنى تۈرغۈزۈش — ئېلىمىزنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم ۋەزىپە. ۋەھالەنكى، بازار ئىگىلىكىگە دائىر قانۇن سىستېمىسى تۈزۈلمىسى پۇختا، دائىرىسى كەڭ سىستېما بولغانلىقى ئۈچۈن، تۈرغۈزۈلىدىغان ھەرقايسى قانۇنلارنىڭ ئورنى ۋە تەرتىپىنى دەرمەھەل بەلگىلەش ناھايىتى تەس. ئۇمۇمىي قانۇن بىلەن خۇسۇسىي قانۇننى ئايرىپ تەھلىل قىلغىنىمىزدا ھەمدە بازار مۇناسىۋىتىنى تەڭشەش تەرتىپىگە ئاساسلانغىنىمىزدا، بازار ئىگىلىكىگە دائىر قانۇن سىستېمىسىنى ئومۇمەن تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە قائىدىگە يىغىنچاقلىشىمىز مۇمكىن: 1.

بازارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى قانۇنى، يەنى بازارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنىڭ تەشكىلىي شەكلى ۋە ئورنىغا دائىر قانۇن قائىدىلىرى؛ 2. بازار سودىسى قانۇنى، يەنى بازارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنىڭ سودا ھەرىكىتىگە دائىر قانۇن قائىدىلىرى؛ 3. بازارنى تەشكىللەش، باشقۇرۇش قانۇنى، يەنى بازاردا باراۋەرلىك ئاساسىدىكى رىقابەتنى يولغا قويۇش شەرتلىرىنى بەلگىلەش، ئادىل رىقابەت تەرتىپىنى قوغداشقا دائىر قانۇن قائىدىلىرى؛ 4. بازارنى ماكرو جەھەتتىن تىزگىنلەش قانۇنى، يەنى ھۆكۈمەتنىڭ بازارنى ماكرو جەھەتتىن تىزگىنلىشىگە دائىر قانۇن قائىدىلىرى؛ 5. ئىجتىمائىي كاپالەت قانۇنى، يەنى ئەمگەكچىلەرنى ئىجتىمائىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش ۋە ئۇلارغا ئىجتىمائىي ياردەم بېرىشكە دائىر قانۇن قائىدىلىرى. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن بەش ئاساسىي تۈزۈلمىدىن ئالدىنقى ئۈچى، ئاساسەن، ھەق تەلەپ قانۇنى ۋە سودا قانۇنى ئارقىلىق تەڭشىلىدۇ، كېيىنكى ئىككىسى، ئاساسەن، ئىقتىسادىي قانۇن ۋە مەمۇرىي قانۇن ئارقىلىق تەڭشىلىدۇ. بازار ئىگىلىكىگە دائىر قانۇن-قائىدىلەرنى تۈزۈش ۋە ئەمەلگە قويۇش ۋاقتىدا، بىز، بىر تەرەپتىن، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ قەدىمىگە يېقىندىن ماسلىشىپ، بازار ئىگىلىكىگە دائىر ئەڭ زۆرۈر بولغان قانۇنلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ۋە يۈرۈشلەشكەن ھالدا مەيدانغا كېلىپ، ئۇلارنىڭ تەكشى ئىلگىرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىشىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن، خۇسۇسىي قانۇن بىلەن ئومۇمىي قانۇننى تۈزلۈك مەزمۇنلىرى بويىچە چوڭقۇر كۆزىتىپ، ئۇلارنىڭ جىددىيلىك ۋە مۇھىملىق دەرىجىسى بويىچە مەيدانغا كېلىپ، بازار مېخانىزمى ھەرىكىتىنىڭ پۈتۈن جەريانىنىڭ بىر پۈتۈنلۈك جەھەتتىن تەدرىجىي ئۆز ئىچىگە ئېلىشىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇشىمىز لازىم. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بازار ئىگىلىكىگە دائىر قانۇن سىستېمىسىنىڭ تۈزۈلۈشىدە، ئومۇمىي قانۇن بىلەن خۇسۇسىي قانۇن گىرەلىشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، بازارنى تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇش قانۇنى ھەم يولسىز رىقابەتكە قارشى تۇرۇش قانۇنىنى، ھەم مونوپولىيىگە قارشى تۇرۇش قانۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ ئىككىسىنىڭ ۋەزىپىسى ئوخشاش، ئىككىلىسى بىرلىككە كەلگەن، ئېچىۋېتىلگەن، رىقابەت يولغا قويۇلغان بازار تەرتىپىنى ئورنىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. لېكىن بۇ ئىككىسىنىڭ رولى ۋە مەقسىتى ئوخشىمايدۇ: يولسىز رىقابەتكە قارشى تۇرۇش قانۇنىنىڭ رولى يولسىز رىقابەت ھەرىكەتلىرىنى مەنئى قىلىش ئارقىلىق، يوللۇق رىقابەت ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارغۇچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداشتىن، ئۇنىڭ بىۋاسىتە مەقسىتى ھەرقايسى بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداشتىن ئىبارەت؛ مونوپولىيىگە قارشى تۇرۇش قانۇنىنىڭ رولى رىقابەتنىڭ قارشى تەرىپى — مونوپولىيە ۋە رىقابەتنى چەكلەش يولىدىكى باشقا قىلمىشلارنى مەنئىي قىلىش ئارقىلىق رىقابەت تەرتىپىنى بىر پۈتۈنلۈك جەھەتتىن قوغداپ، بازاردا ئەركىن ۋە ئادىل رىقابەتنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئۈچۈن شەرت-شارائىت يارىتىپ بېرىشتىن، ئۇنىڭ بىۋاسىتە مەقسىتى جامائەت مەنپەئىتىنى قوغداشتىن ئىبارەت. بۇ ئىككىسىنىڭ رولى ۋە بىۋاسىتە مەقسىتى ئوخشاشمايدۇ، يولسىز رىقابەتكە قارشى تۇرۇش قانۇنى خۇسۇسىي قانۇننىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ. مونوپولىيىگە قارشى تۇرۇش قانۇنى ئومۇمىي قانۇن دائىرىسىگە كىرىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ تەڭشەش پرىنسىپى ۋە ئۇسۇلى پەرقلىنىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنى بىر-بىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ۋە ئۆز ئارا ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. بۇنىڭدىن ئومۇمىي قانۇن بىلەن خۇسۇسىي قانۇننىڭ پەرقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشنىڭ قانۇن تۇرغۇزۇش ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىش مەقسەتچانلىقى ۋە ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىشتە ئىنتايىن ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

3. قانۇن مۇناسىۋىتى جەھەتتە ھوقۇق

www.uyghurkitap.com

**ئاساسچىلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، هوقۇق مەجبۇرىيەتنى بەلگىلەيدىغان، هوقۇق هاكىمىيەتنى بەلگىلەيدىغان مۇناسىۋەتنى ئورنىتىش كېرەك**

قانۇننىڭ ئەڭ تۈپ مەيدانى ۋە چىقىش نۇقتىسى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى هوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتنى بەلگىلەش ئارقىلىق تەڭشەشتىن ئىبارەت. هوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتنى بەلگىلەيدىغان قانۇن مۇناسىۋىتى ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ بىر خىل قانۇن شەكلى بولۇپ، ئۇ ئاخىرقى هېسابتا يەنە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئىلىمىزدە ئىلگىرىكى يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى شارائىتىدا، ئىگىدارلىق هوقۇقىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش، ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش ۋە دۆلەت ئىگىلىكىنى مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش تەكىتلەنگەنلىكتىن، مەجبۇرىيەت ئاساسچىلىقى قانۇن مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بىر پۈتۈن مەزمۇنى قىلىنىپ، قانۇننىڭ مەنئى قىلىش، چەكلەش رولى بىر تەرەپلىمە هالدا تەكىتلىنىپ، قانۇننىڭ سۇبيېكتلارنىڭ هوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈشتەك ئاكتىپ پائالىيەتچانلىق رولىغا سەل قارالدى، هوقۇق بېرىش خاراكتېرىدىكى قائىدىلەرمۇ، كۆپ هاللاردا، مەجبۇرىيەت ۋە مەنئىي قىلىش خاراكتېرىدىكى قائىدىلەرنىڭ تەكىتلىنىشى بىلەن ئاجىزلاپ كەتتى. مۇشۇنداق ئەهۋالدا، قانۇننىڭ تەڭشەشكە تېگىشلىك بولغان ئىجتىمائىي رولىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن بولمىدى، ئائىلە باشلىقلىق ئىستىلى، ئىمتىيازلىق ئىدىيىسى، ئادەم بىلەن باشقۇرۇش خاھىشى قاتارلىقلار مۇقەررەر هالدا ئەۋج ئېلىپ كەتتى.

ئېلىمىزدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىسلاھاتنىڭ مەقسىتى يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلىشىشنى بەلگە قىلغان پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى ئاساس قىلغان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە تۈپتىن ئاساسىدىن بۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئېهتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان قانۇن - تۈزۈملەر ۋە قانۇن تەرتىپلىرىنى ئورنىتىش بۇ خىل بۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تۈگۈنى بولۇپ هېسابلىنىدۇ. بۇنداق قانۇن - تۈزۈم ۋە قانۇن تەرتىپلىرى هوقۇق ئاساسچىلىقى ئاساسىدىكى قانۇن مۇناسىۋەتلىرى ئۈستىگە ئورنىتىلىشى كېرەك. بازار ئىگىلىكى، ئەمەلىيەتتە، تاۋار ئالماشتۇرۇش ئىگىلىكى بولغانلىقى، بازار ئىگىلىكى مۇناسىۋىتى، ئەمەلىيەتتە، تاۋار ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، بازار ئىگىلىكى هەرىكىتى بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ باراۋەرلىك هوقۇقىدىن ۋە تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ ئىچكى قانۇنى بويىچە تەلەپ قىلىنغان هوقۇق مۇهىتىدىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ. هوقۇق ئاساسچىلىقى دەل بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى بولۇپ هېسابلىنىدۇ.

بىرىنچىدىن، تاۋار ئالماشتۇرۇش جەريانىدا هوقۇق سۇبيېكتلىرىنىڭ ئېنىق ۋە باراۋەر بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. بازار ئىگىلىكىدە «كىشىلەر ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى جانلاندۇرۇش رولىنىلا ئوينايدۇ ۋە بۇنداق ئىقتىسادنىڭ هۆددىگەرى سۈپىتى بىلەن ئۆزئارا قارشىلىشىدۇ». ⑭ «A شەخس B شەخسنىڭ تاۋىرىغا مۇهتاج بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ تاۋارنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالالمايدۇ، ئەكسىچە بولغاندىمۇ شۇنداق، دېمەك، ئۇلار قارشى تەرەپنىڭ ئۆز ئىرادىسىنى تاۋارغا سىڭدۈرگەن ئىگىدارلىق قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ئۆزئارا ئېتىراپ قىلىشىدۇ. شۇڭا، بۇ يەردە ئادەمگە مۇناسىۋەتلىك قانۇن ئامىلى ۋە ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەركىنلىك ئامىلى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. هېچكىم باشقىلارنىڭ مال - مۈلكىنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالالمايدۇ. هەربىر كىشى ئۆز مال - مۈلكىنى ئىختىيارىي هالدا ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ». ⑮ ماركس بۇ يەردە كۆرسەتكەن «ئادەمگە مۇناسىۋەتلىك قانۇن ئامىلى» هوقۇق سۇبيېكتى (ئادەم) نىڭ مۇستەقىللىقى، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشى ۋە تاۋار مۇناسىۋىتىدىكى

باراۋەرلىك ھوقۇقىدىن ئىبارەت. ئالماشتۇرۇش دېگەنلىك تاۋارنىڭ ئۆزئارا ئورۇن ئالماشتۇرۇشى دېگەنلىكتۇر، بۇنىڭدا تاۋار ئىگىسى ئۆزىنىڭ مەلۇم تاۋار بىلەن بولغان شەخسىي مۇناسىۋىتىدىن ۋاز كېچىدۇ، مەلۇم نەرسىگە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىپ، باشقا بىر نەرسىگە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشنىڭ ئۆزى مەلۇم بىر خىل ھوقۇقنىڭ ئالمىشىشىدىن ئىبارەت. بۇ جەرياندا ئالماشتۇرغۇچى ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە نىسبەتەن مۇستەقىل سۇبيېكت بولغان ھەمدە ئۇلاردا ئۆز ھەرىكىتىنى تاللاش ئەركىنلىكى بولغان ئەھۋالدىلا، ئاندىن تاۋار ئالماشتۇرۇش ئىش يۈزىدە كۆرۈلىدۇ. دېمەك، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىدە، ئالاقىدار تەرەپلەر بىر - بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە تولۇق مۇستەقىللىققا ئىگە بولغان بولۇشى، شەخسىيەت، مال - مۈلۈك، ھەرىكەت ۋە باشقا جەھەتلەردە بېقىنما ھالەتتە بولماي، بىر - بىرىگە نىسبەتەن باراۋەرلىك ئورنىدا تۇرۇشى كېرەك، ئۇلاردا كونكرېت ئىقتىسادىي پائالىيەتلەردە كەڭ ئىرادە ئەركىنلىكى بولغاندىلا، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقى، پائالىيەتچانلىقى تولۇق جارى بولالايدۇ. ئەگەر ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ مال - مۈلۈككە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقى ئېنىق بولماي، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مال - مۈلكىنى مۇستەقىل ھالدا بىر تەرەپ قىلالمىسا ياكى ئۆزئارا باراۋەرسىز ئورۇندا تۇرۇپ، بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپنىڭ بېسىمىغا ئۇچراش بىلەن ئۆز نەرسىسىگە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولسا، بازار سۇبيېكتىنىڭ تەشەببۇسكارلىقى، پائالىيەتچانلىقىنىڭ جارى بولۇشى مۇمكىن بولمايدۇ، بازار مېخانىزمىنىڭ ئۆز ھەرىكىتىدە ئۆزىنى ئۆزى تەڭشەپ تۇرۇش رولىنى جارى قىلىشى تەس بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، تاۋار ئالماشتۇرۇش — پايدا قوغلىشىش ۋە ئېھتىياجنى قاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدىغان ئىقتىسادىي پائالىيەت. تاۋار ئالماشتۇرۇش جەريانىدا، بىر تەرەپنىڭ ئېھتىياجى يەنە بىر تەرەپنىڭ نەرسىسىنى تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق قاندۇرۇلىدۇ ھەمدە ئۇ ئالماشتۇرۇشقا سالغان تاۋار قارشى تەرەپنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان تەڭ قىممەتلىك نەرسە بولالىغاندىلا، ئاندىن ئالماشتۇرۇش قىممىتىگە ئىگە بولالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىككى تەرەپ تەڭ قىممەتلىك نەرسىگە مۇھتاج بولۇشتا، ئۇنىڭدىن ئۆز تاۋىرى ئۆزىگە يەتكۈزۈپ بېرەلمەيدىغان تېخىمۇ كۆپ پايدىغا ئېرىشىشنى مەقسەت قىلىدۇ. دېمەك، پايدىنى كۆزلەش تاۋار ئىگىسىنىڭ ئالماشتۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىشىدىكى ئىچكى تۈرتكە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئالماشتۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولىدىغان نەرسە ئالماشتۇرۇشقا قاتناشقان ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى بولماستىن، بەلكى ھەرقايسى سۇبيېكتلارنىڭ ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتىدۇر. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، سۇبيېكتنىڭ ئۆز مەنپەئىتى قولغا كەلسىلا، ئاندىن تاۋار ئىگىسىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى ئەمەلگە ئاشقان بولىدۇ. ئەگەر سۇبيېكتلار ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق مەنپەئەت بىر پۈتۈن جەمئىيەت تۇرغۇسىدىن كۆزىتىلىدىغان بولسا، بۇنداق ئورتاق مەنپەئەت، ئايرىم - ئايرىم ھالدا، ھەرقايسى سۇبيېكتلارنىڭ ئايرىم مەنپەئىتى ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ھەمدە ئۇ، كۆپ ھاللاردا، يەنە بىر سۇبيېكتنىڭ ئايرىم مەنپەئىتىگە زىت بولغان ئايرىم مەنپەئەت ئارقىسىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ. دېمەك، بازار ئىگىلىكى سۇبيېكتىنىڭ مەنپەئەتكە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى نىشان قىلىدىغان بىر خىل ھوقۇق سىستېمىسى بولۇشى كېرەك.

قىسقىسى، بازار ئىگىلىكىنىڭ ھەرىكىتى ھوقۇقنىڭ بەلگىلىنىشىدىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ. ھوقۇقنىڭ ماھىيىتى — باراۋەرلىك بىلەن ئەركىنلىك، ھوقۇقنىڭ يادروسى — مەنپەئەت. مۇكەممەل ھوقۇق تۈزۈمىنى ئورنىتىش — بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرتىپ بىلەن ھەرىكەتلىنىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ماركس ئۆزىنىڭ «كاپىتال» دېگەن ئەسىرىدە بازار ئارقىلىق ئالماشتۇرۇش

www.uyghurkitap.com

جەريانىدا شەكىللەنگەن تاۋار مۇناسىۋىتىنى تەكشۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان هوقۇق ئىپادىسىنىمۇ چوڭقۇر ئېچىپ بەردى. ئۇنىڭ قارىشىچە، «تاۋار ئۆزلۈكىدىن بازارغا بارمايدۇ، ئۆزلۈكىدىن ئالماشمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئۇنىڭ هامىيسىنى، تاۋار ئىگىسىنى تېپىشىمىز لازىم.» «بۇ نەرسىلەرنى تاۋار سۈپىتىدە ئۆزئارا مۇناسىۋەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن، تاۋارنىڭ هامىيلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسى بۇ نەرسىلەردە ئىپادىلىنىدىغان كىشى سۈپىتىدە ئۆزئارا مۇناسىۋەت قىلىشى لازىم، دېمەك، بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپنىڭ ئىرادىسىگە مۇۋاپىقلاشقاندىلا، يەنى هەربىر تەرەپ ئىككى تەرەپنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئورتاق ئىرادىلىك هەرىكىتى ئارقىلىقلا ئۆزلىرىنىڭ تاۋارلىرىنى قولدىن چىقىرىپ، باشقىلارنىڭ تاۋارلىرىنى ئۆزلەشتۈرەلەيدۇ. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ قارشى تەرەپنىڭ خۇسۇسىي مۈلۈكدار ئىكەنلىكىنى ئۆزئارا ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. توختام شەكلىدىكى بۇنداق هوقۇقچىلىق مۇناسىۋىتى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىرخىل ئىرادەمۇناسىۋىتىدۇر» . ⑯ ماركس بۇ يەردە بازار ئىگىلىكى مۇناسىۋىتىدە ئۈچ شەرتنى هازىرلاش كېرەكلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۇنىڭغا مۇناسىپ هالدا ئۈچ تۈرلۈك هوقۇقچىلىق تۈزۈمىنى، يەنى هوقۇق سۇبيېكتى تۈزۈمى، ئىگىدارلىق هوقۇقى تۈزۈمى، توختامنى ئاساس قىلغان تۆلىتىۋېلىش هوقۇقى تۈزۈمىنى ئورنىتىش كېرەكلىكىنىمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن. سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىدە، هوقۇق ئاساسچىلىقىمۇ قانۇن - تۈزۈمنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپى بولۇشى كېرەك.

بىزنىڭ هوقۇق ئاساسچىلىقىنى تەشەببۇس قىلىشىمىز هەرگىز بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي جاۋابكارلىقىنى ۋە ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مۇناسىپ مەجبۇرىيىتىنى ئىنكار قىلىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. بازار ئىگىلىكىنىڭ ئۆزى — ئۆز ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ هەل قىلىنىشى ئارقىلىق راۋاجلىنىدىغان ئورگانىك سىستېما، ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە راۋاجلىنىشى تەرتىپچانلىق ۋە تەشكىللىچانلىقتىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ. «ئالماشتۇرۇشنىڭ ئۆزلۈكسىز تەكرارلىنىپ تۇرۇشى ئۇنى قائىدىلىك ئىجتىمائىي جەريانغا ئايلاندۇرىدۇ» ⑰، بۇنداق قائىدە بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ مۇتلەق ئەركىنلىكى ۋە سۇبيېكتىپ خاهىشىنى يوققا چىقىرىدۇ. ئۇلار بەھرىمەن بولىدىغان هوقۇق بىلەن ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەت بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ ۋە بىر - بىرىگە ماسلىشىدۇ. بازار سۇبيېكتلىرى ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك هوقۇقىدىن پائال بەھرىمەن بولۇپ ۋە ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىپ، هوقۇق خاراكتېرىدىكى قائىدىنى ئىش يۈزىدە كۆرسىتىشكە هەممىدىن ئاۋۋال كۆڭۈل بۆلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بازار سۇبيېكتلىرى مەجبۇرىيەت خاراكتېرىدىكى مەلۇم بەدەلمۇ بېرىشى لازىم: بىر بولسا، ئۆزلىرىنىڭ ئاكتىپ ئىش - هەرىكىتى ئارقىلىق بازار قائىدىسى تەلەپ قىلىدىغان مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىپ، مەجبۇرىيەت خاراكتېرىدىكى قائىدىنى ئىش يۈزىدە كۆرسىتىدۇ؛ بىر بولسا، بازار قائىدىسى مەنئى قىلغان هەرىكەتنى قىلماي، مەنئى قىلىش خاراكتېرىدىكى قائىدىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىدۇ. بۇ يەردە هوقۇق بىلەن مەجبۇرىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئېنىق ئىپادىلەنگەن: بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئالماشتۇرۇشنى ئېلىپ بېرىشتىكى مەقسىتى ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلەش، يەنى پايدا قازىنىش ۋە ئۆز ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش؛ مەلۇم مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشتىكى مەقسىتى ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئالماشتۇرۇش هوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشنى كاپالەتلەندۈرۈش، هوقۇق — مەقسەت، مەجبۇرىيەت — هوقۇقنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ۋاستىسى.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە دائىر قانۇن - تۈزۈملىرى ۋە قانۇن تەرتىپلىرىدە، تاۋار ئالماشتۇرۇشتىكى هوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت

مۇناسىۋەتلىرىنىگە مۇۋاپىق ھالدا، ھوقۇق يېتەكچى ئورۇندا بولۇش پرىنسىپى ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، پۇقرالار ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارغا ھوقۇق بېرىش باش مەقسەت ھەم تۈپ چىقىش نۇقتىسى قىلىنىشى، مەجبۇرىيەت مەقسەت ۋە چىقىش نۇقتىسى قىلىپ بەلگىلەنمەسلىكى كېرەك. مەجبۇرىيەت ھوقۇق ئاساسىدا بەلگىلەنگەن، ئۇ ھوقۇقنىڭ مۇۋاپىق بولۇشىغا چەك قويىدىغان ۋە تىزگىن بولىدىغان نەرسە. مەجبۇرىيەتنىڭ ئادا قىلىنىشى ھوقۇقنى مۇۋاپىق كاپالەتلەندۈرۈش شەرتى ئاستىدىلا زۆرۈر ۋە ئەھمىيەتلىك بولىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا «پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇقلىرى ۋە مەجبۇرىيەتلىرى» دېگەن بىر باب «ئومۇمىي پروگرامما» نىڭ ئارقىسىغا، «دۆلەت ئاپپاراتلىرى» دېگەننىڭ ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھەمدە ئۇنىڭدا ئالدى بىلەن پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇقلىرى كەڭ تۈردە بەلگىلەنگەن، ئاندىن ھوقۇق بىلەن مەجبۇرىيەتنىڭ بىرلىكىگە ئاساسەن، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي مەجبۇرىيەتلىرى بەلگىلەنگەن. مەزمۇننىڭ بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدا ھوقۇق ئاساسچىلىقى پرىنسىپى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئېلىمىزدە ھازىر ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىمۇ ھوقۇقنىڭ چەك چېگرىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشنى چۆرىدىگەن ھالدا، ھوقۇق مۇناسىۋەتلىرىنى ئۈنۈملۈك تەڭشەش ئاساسىدا قانات يايماقتا. ئىلگىرى بىزنىڭ قانۇنلىرىمىز كىشىلەرگە نېمىلەرنى قىلىش كېرەكلىكى، نېمىلەرنى قىلماسلىق كېرەكلىكىنى جىكىلەشكە ئېغىپ كېتىپ، كىشىلەردە «قانۇن پۇقرالارغىلا چەكلىمە قويۇلغانىكەن» دەپ قانۇندىن يىراقلىشىش ۋە ئۆزىنى قاچۇرۇش ئەھۋالىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش بىلەن، قانۇننىڭ پائال يېتەكلەش روھىغا زىيان يەتكۈزگەن بولسا، بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ قانۇنىمىز كىشىلەرگە ئۇلاردا قانداق ھوقۇقلارنىڭ بار ئىكەنلىكى، قانداق ھوقۇقلارنى قوغداش كېرەكلىكى، ئۇلاردا بولىدىغان ھوقۇقلارنىڭ دائىرىسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن ئۇقتۇرۇشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن قانۇننىڭ كىشىلەرنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش رولىنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، ھوقۇق ئاساسچىلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە، ھوقۇق بىلەن مەجبۇرىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنىلا ئايدىڭلاشتۇرۇپ قالماستىن، بەلكى ھوقۇق بىلەن ھوقۇق كۈچىنىڭمۇ مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك، بۇ يەنىلا بۈگۈنكى زامان قانۇنشۇناسلىقىدىكى بىر تۈپ مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھوقۇق بىلەن ھوقۇقىي كۈچ ئوتتۇرىسىدا مەلۇم باغلىنىش بار، ھوقۇققا بېرىلگەن تەبىر گايىدا «سۇبيېكتلار قانۇندا بەلگىلەنگەن دائىرە ئىچىدە بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇقىي كۈچ ۋە مەنپەئەت» دېگەنگە يىغىنچاقلىنىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ ئارقىسىغا ھوقۇقىي كۈچنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشى يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ماركس مۇنداق دەيدۇ: ئالماشتۇرۇشقا قاتناشقان ئالاقىدار تەرەپلەردىن «ھەربىر كىشى ئۆز مەنپەئىتىنى يەنە بىر تەرەپنىڭ مەنپەئىتىدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە كۈچەپ ئۇرۇنىدۇ»، «مېنىڭ ئۆز نەرسەمنىڭ سېنىڭ نەرسەڭگە نىسبەتەن قانچىلىك ھوقۇقىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى قارىشىمنى سەن ئېتىراپ قىلغان چاغدىلا، ئاندىن ئۇ ھەقىقىي ھوقۇقىي كۈچ بولالايدۇ. لېكىن بىزنىڭ قارشى تەرەپنىڭ ئۆز نەرسىمىزگە بولغان ھوقۇقىي كۈچىنى ئۆزئارا ئېتىراپ قىلىشىمىزنىڭ ئۆزى بىر كۈرەش جەريانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.» «دېمەك، بىز، بىر-بىرىمىزنىڭ مەھسۇلاتى بىر-بىرىمىزنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنىڭ ۋاستىسى، ۋاستىچىسى ۋە ھەممە ئېتىراپ قىلغان ھوقۇقىي كۈچ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ». ھەر بىر كىشى «ئۆزىنىڭ مەھسۇلاتىنى بىر كىشى يەنە بىر كىشىنى ئىدارە قىلىدىغان، يەنە كېلىپ ئۆزىنىمۇ ئىدارە قىلىدىغان ھوقۇقىي كۈچ دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىش ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قارايدۇ» . ⑱ ماركسنىڭ بۇ يەردىكى تەھلىلى، ئاساسەن، تاۋارغا بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىغا مۇناسىۋەتلىك خۇسۇسىي ھوقۇقىي كۈچكە قارىتىلغان، ئۇ ھوقۇقنىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزۈلۈشى كېرەك.

ئادەتتىكى مەنىدىكى ھوقۇقىي كۈچ، ئادەتتە، جامائەت ھوقۇقىي كۈچىنى كۆرسىتىدۇ. «خەنزۇ تىلى قامۇسى» دا ھوقۇقىي كۈچكە «بۇرچ دائىرىسىدىكى رەھبەرلىك قىلغۇچى ۋە ئىدارە قىلغۇچى كۈچ» ⑲ دەپ ئىزاھ بېرىلگەن. بۇنداق ئىزاھتا كۆپرەك سىياسىي تۇرمۇش كۆزدە تۇتۇلغان. بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە، ھوقۇقنى كۈچ «كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ، ئومۇمەن، مۇئەييەن سۇبيېكت (شەخس، ئادەملەر توپى ياكى دۆلەت) نىڭ ئۆز ئىرادىسىنى باشقا نەرسە (باشقا سۇبيېكت ياكى ئوبيېكت) گە تېڭىپ، ئۇلارغا قارىتا بىر خىل بېسىم كۈچى ھاسىل قىلىش بىلەن، ئۇلارنى بويسۇندۇرۇش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ» . «رېئال تۇرمۇشتا، ئۇ، كۆپىنچە، يەككە ماس نەرسىلەر — ئادەملەر توپى ياكى دۆلەت شەكلىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ» . ⑳ ھوقۇقىي كۈچكە بېرىلىدىغان ئادەتتىكى تەبىرنى يەنە مۇھاكىمە قىلىپ كۆرسە بولىدۇ، لېكىن ھوقۇقنى كۈچ بىلەن ھوقۇق ئوتتۇرىسىدا ئېنىق پەرق بار، بۇ ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. بىرىنچىدىن، ھوقۇق باراۋەرلىك خاراكتېرىگە ئىگە، ھوقۇقىي كۈچتە بولسا، باراۋەرلىك خاراكتېرى يوق. بازار ئىگىلىكىدە ھوقۇق سۇبيېكتلىرىنىڭ ئورنى باراۋەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇش ۋە مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش ئىقتىدارى باراۋەر بولىدۇ، دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا «پۇقرالار قانۇن ئالدىدا باپ - باراۋەر بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەنلىكىدە ھوقۇق جەھەتتىكى باراۋەرلىك كۆزدە تۇتۇلغان. ھالبۇكى، ھوقۇقىي كۈچتە باراۋەرلىك خاراكتېرى يوق. ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا، ھوقۇقىي مۇناسىۋەت، ئەمەلىيەتتە، بىر تەرەپنىڭ يەنە بىر تەرەپنى ئىدارە قىلىشى، بىر تەرەپنىڭ يەنە بىر تەرەپكە، تۆۋەننىڭ يۇقىرىغا بويسۇنۇشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ، ھەم ھوقۇقىي كۈچنىڭ شەكىللىنىشىدىكى مۇھىم ئامىل، ھەم ھوقۇقنى كۈچنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ رېئال ئىپادىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچىدىن، ھوقۇقنى ئالماشتۇرۇشقا، ئۆتىنىپ بېرىشكە بولىدۇ، ھوقۇقىي كۈچ (جامائەت ھوقۇقىي كۈچى) نى ئالماشتۇرۇشقا، ئۆتىنىپ بېرىشكە بولمايدۇ. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، بازار سۇبيېكتلىرى (جۈملىدىن ھەق تەلەپ سۇبيېكتى بولغان دۆلەت ئورگانلىرى) تاۋار ئالماشتۇرۇش ۋە ئۆتىنىپ بېرىشتە، تولۇق ئەركىنلىك ۋە ھوقۇققا ئىگە بولغان بولىدۇ. ھوقۇقىي كۈچ دۆلەت، تەشكىلات ياكى شەخسلەرنىڭ باشقۇرۇش پائالىيىتى ئېلىپ بارىدىغان ئىقتىدارى بولۇپ، ئۇ قانۇن، نىزاملار ياكى ئاساسىي باشقۇرغۇچى ئورگانلار تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، ئۇنى شەخسلەر ياكى ئادەملەر توپى ئۆز ئالدىغا ئالماشتۇرالمايدۇ ۋە ئۆتىنىپ بېرەلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئۇنى ھوقۇقىي نەرسە (پۇل) بىلەن ئالماشتۇرۇشىغا تېخىمۇ يول قويۇلمايدۇ. ئېلىمىزنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا يۈز بېرىۋاتقان مەزگىللەردە، كۆپ مىقداردىكى جامائەت ھوقۇقىي كۈچى بازار ئىگىلىكىگە سىڭىپ كىرىپ ئالماشتۇرۇلىدىغان بىر خىل نەرسە (تاۋار) گە ئايلىنىپ قالدى، بۇ بىر خىل چىرىكلىشىش ھەرىكىتىدۇر. پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە بۇرۇلۇش جەريانىدا، ھوقۇقىي كۈچ جەھەتتە چىرىكلىشىش ئەھۋالى ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە مۇشكۇل ئىجتىمائىي مەسىلە بولۇپ، ئۇنى باشقا ماقالىدە مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ھوقۇقىي كۈچ تېك ئېنىقلىك ئىدارە قىلىش مۇناسىۋىتىگە، ھوقۇق توغرا ئىنىقلىك مەنپەئەت مۇناسىۋىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھوقۇقىي كۈچ بىلەن ھوقۇقنىڭ مۇناسىۋىتىدە تۈرلۈك ئىقتىسادىي تۈزۈلمە شارائىتىدا ئوخشاشماسلىقلار ئىپادىلىنىدۇ. فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى ناتۇرال ئىگىلىك ۋە يۈكسەك

دەرىجىدە مەركەزلەشكەن پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى شارائىتىدا، ھوقۇقنىي كۈچ ئاساس (ئەمەلدارلار ئاساسچىلىقى)، ھوقۇقنى كۈچ يادرو (ئادەم ئارقىلىق ئىدارە قىلىش) بولۇپ، ھوقۇقنى كۈچ ھوقۇقتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ھۆكۈمرانلار ھامان ھوقۇقنى كۈچنىڭ تۈرلۈك شەكىللىرى ئارقىلىق ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا ئارىلىشىدۇ ۋە ئۇنى ئىدارە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرى ۋە ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ ھەققانىي تەلەپلىرىنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىققا ئايلىنىشى ناھايىتى تەس بولىدۇ، قانۇن سۇبيېكتلىرىنىڭ تۈرلۈك تېگىشلىك ھوقۇقلىرى بېسىمغا ۋە چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ، كىشىلەرنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇش ناھايىتى تەس بولىدۇ. بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى شارائىتىدا، ھوقۇق ئاساس بولۇشى، ھوقۇق ھوقۇقنى كۈچنى بەلگىلىشى، ھوقۇق ھوقۇقنى كۈچنى چەكلىشى كېرەك. بۇ، بازار ئىگىلىكىنىڭ دېموكراتىك خاراكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، ھوقۇق سۇبيېكتلىرى يېگانە بولمايدۇ، بەلكى ئۇلاردا كۆپ تەرەپلىمە، تارقاق يۈزلىنىش ئىپادىلىنىدۇ. مۇلۇكچىلىك جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئېلىمىزدە ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساس قىلغان كۆپ خىل ئىگىلىك شەكلى تەڭ مەۋجۇت. جەمئىيەت ئەزالىرى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇلارنى ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە زىيالىيلار بىلەنلا ئىپادىلەش كۇپايە قىلمايدىغان بولۇپ قالدى، بەلكى ئېلىمىزدە تۈرلۈك كەسىپلەردىكى تۈرلۈك تەبىقىلەر شەكىللەندى. يېزىلاردا جەمئىيەت ئەزالىرى دېھقانچىلىق ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار، سانائەت بىلەن ۋە ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغۇچى دېھقانلار، يەككە ئەمگەكچىلەر، خۇسۇسىي كارخانىلار ئىگىلىرى، يېزا - بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرغۇچىلار قاتارلىق تۈرلۈك توپلارغا بۆلۈنۈپ كەتتى؛ شەھەر ئاھالىلىرىمۇ ئىشچى - خىزمەتچىلەر، كەسپىي خادىملار، دۆلەت خادىملىرى، كارخانا باشقۇرغۇچىلار، خۇسۇسىي كارخانىچىلار، يەككە ئەمگەكچىلەر قاتارلىق تۈرلۈك توپلارغا بۆلۈنۈپ كەتتى. ئادەملەر توپى مەنپەئىتىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە بولۇشى بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ ئىنچىكىلىشىشى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئالامىتىدۇر. بۇنىڭ ئارقىسىدا، جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي ھوقۇقنى كۈچى ئەمدى دۆلەت ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن مونوپول قىلىنىشتىن قېپقېلىپ، ھەرقايسى ئىقتىسادىي سۇبيېكتلارنىڭ ھوقۇقى بولۇپ بۆلۈنۈپ كەتتى.

هازىرقى زامان بازار ئىگىلىكىدە دۆلەتنىڭ باشقۇرۇشى كەم بولسا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئادەملەر توپى مەنپەئىتى كۆپەيگەن، خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت كۆپ خىل بولغان ۋە مۇرەككەپلەشكەن ئەھۋالدا، دۆلەتنىڭ ۋاقتىدا تەڭشەش ئېلىپ بېرىشىمۇ زۆرۈر. لېكىن دۆلەتنىڭ باشقۇرۇشتىكى چىقىش نۇقتىسى ۋە مەقسىتى تۈرلۈك ھوقۇق سۇبيېكتلىرىنىڭ قانۇنىي مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش، كىشىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، دۆلەت ئورگانلىرى بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىياتنىڭ ئىچكى ئومۇمىي ھوقۇق تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىپ، تۈرلۈك باشقۇرۇش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش ۋە ماكرولۇق تەڭشەش ھەم تىزگىنلەشنى يولغا قويۇشى، زۆرۈر ۋە مۇكەممەل قانۇن - تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىقىشى كېرەك. لېكىن بازار ئىگىلىكىگە دائىر قائىدە ۋە تۈزۈملەرنى تۈزگۈچى سۇپىتىدىكى دۆلەت ۋە ئۇنىڭ باشقۇرۇش ئورگانلىرى ھەم بۇ قائىدە ۋە تۈزۈملەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتمەسلىكى، ھەم ئۆزىنى بۇ قائىدە ۋە تۈزۈملەردىن ھەرگىز ئۈستۈن قويماسلىقى لازىم. دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ خادىملىرىنىڭ ھوقۇقنى كۈچنى كەلسە - كەلمەس ئىشلىتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ھوقۇقنى كۈچنى ئىشلىتىشنىڭ مەلۇم دائىرىسى ۋە چەك - چېگرىسىنى قانۇن شەكلى بىلەن بەلگىلەش ھەمدە مۇكەممەل ۋە كۈچلۈك جامائەت

www.uyghurkitap.com

بازاربتى مېخانىزمىنى ئورنىتىش لازىم. قىسقىسى، ھوقۇق ھوقۇقىي كۆچنى بەلگىلەش، ھوقۇق ھوقۇقىي كۆچنى چەكلەش، ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىش، مەنپەئەتنى كاپالەتلەندۈرۈش سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى نەتىجىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا ھوقۇقنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇشنى چۆرىدىگەن ھالدا مۇكەممەل قانۇن چىقىرىش سىستېمىسى بەرپا قىلىنىپ، مۇكەممەل ئەدلىيە تۈزۈمى ئورنىتىلغان ۋە پۈتۈن جەمئىيەتتە ھوقۇق ئېڭى شەكىللەنگەن كۈننىڭ ئۆزى ئېگىلىكنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش، جەمئىيەتنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش ئىشقا ئاشقان كۈن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

---


ئىزاھلار:

① «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشقا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارى»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ 1993 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 53—54 - بەتلەر.

②③⑨⑩ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، 3 - توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 128 - ، 237 - ، 777 - ، 769 - 770 - بەتلەر.

④ «لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى»، 4 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 16 - بەت.

⑤ «ماركس - ئېنگېلس تاللانمائەسەرلىرى»، 2 - توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 933 - بەت.

⑥ «ماركس - ئېنگېلس تاللانمائەسەرلىرى»، 3 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 219 - بەت.

⑦ «لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى»، 3 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 623 - بەت.

⑧ «ستالىن تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 505 - بەت.

⑪ «ماركس - ئېنگېلس تاللانمائەسەرلىرى»، 4 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 248 - بەت.

⑫ «ئوكسفورد قانۇن قامۇسى»، «نۇر» گېزىتى نەشرىياتىنىڭ 1989 - يىل نەشرى، 720 - ، 733 - بەتلەر.

⑬ جياڭ پىڭ، جاڭ لىخۇڭ: «بازار ئىگىلىكى ۋە پىكىر ئىپادە ئەركىنلىكى»، «قانۇنشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىللىق 6 - سانى، 20 - بەت.

⑭⑯⑰ «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 23 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 103 - ، 102 - ، 106 - بەتلەر.

⑮ «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 46 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 195 — 196 - بەتلەر.

⑱ «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 42 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 35 — 36 - بەتلەر.

⑲ «خەنزۇ تىلى قامۇسى»، شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتىنىڭ 1986 - يىل نەشرى، 1360 - بەت.

⑳ لىن جې: «ھوقۇقىي كۆچنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشى ۋە ئالماشتۇرۇشتىكى ھوقۇقىي كۆچ»، «جۇڭگو قانۇنشۇناسلىقى» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىللىق 5 - سانى، 39 - بەت.


(«سىچۈەن سىفەن داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1994 - يىللىق 4 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى)

ئەكبەر ھۈسەيىن تەرجىمىسى

# سوغدىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئېتنىك ۋارىسلىرى توغرىسىدا

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، سوغدىلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، ياشىغان ماكانى، پائالىيەت دائىرىسى، ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالى، تىل - يېزىقى ۋە ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان تارىخىي باغلىنىشى قاتارلىق مەسىلىلەر بىر قەدەر تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ.

«يىپەك يولى»نىڭ قايتا ئېچىلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا ۋە قەدىمكى يىپەك يولى مەدەنىيەت تارىخىغا قايتا نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، قەدىمكى شانلىق مەدەنىيەتلىك ئېتنىك تۈركۈمنىڭ بىرى بولغان سوغدىلار كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ.

سوغدىلار گرېك، ئىران - پەھلىۋى، كۆكتۈرك — ئۇيغۇر، خەنزۇ يېزىقىدىكى مەنبەلەردە ئەسلى زېمىن ۋە ئېتنىك نامىدىن يىراقلاشمىغان «سوغدىيان»، «سوغدى»، «سوغد»، «سوغداق»، «سۈگا» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان يېزىقلاردا يېزىلىپ كەلگەن.

«سوغدى» ئىبارىسىنىڭ ئېتىمولوگىيىلىك مەنىسى ھەققىدە قەدىمكى گرېك تارىخچىلىرىدىن دىئودورۇس «خەزىنە» ناملىق ئەسىرىدە قەدىمكى ساك ئايال سەركەردىسى تومارىسنى قەھرىمان سوغچىن (سوغكىن؟) نىڭ قىزى، سوغچىن — ئالۋاستىلارنى يەڭگەن غالىپ دېگەن سۆز، دەپ ئىزاھلايدۇ.

«سوغدى» ئېتنونىمىنىڭ قاچان مەيدانغا كەلگەنلىكى نامەلۇم.

يازما تارىخ بويىچە تارىخ ئىلمىنىڭ ئاتىسى دەپ ئاتالغان گرېك تارىخچىسى ھېرودوت (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 484 — 425 - يىللار) ئۆزىنىڭ «تارىخ» ناملىق ئەسىرىدە سوغدى ئىبارىسىنى ئەمەس، بەلكى ئىسكىفلارنىڭ ئۈچ خىل جايلاشقان گۇرۇپپىسىنىڭ («ئىسكىف ئامۇرگىيا»، «ئارتوكاربانت»، «تىئايتارا») نامىنى تىلغا ئالغان. مىلادىدىن 6 ئەسىر ئىلگىرىكى ئىران پىرسېپول يېنىدىكى نەقشى رۇستەم قىياسىغا چېكىلگەن ئىرۇگىلىفلىق يازمىلاردا ساكلارنىڭ ئۈچ خىل گۇرۇھى، يەنى «ساكا - خائۇماۋاركا» (ئامۇرگا ساكلىرى)، «ساكا - تىئايتارادەرىيە»، «ساكا - تىگراخۇئۇرە» يېزىلغان. بۇ ھېرودوتنىڭ ئۇچۇرىغا ياندىشىدۇ.

مىلادىدىن 7 — 8 ئەسىر ئىلگىرى مەيدانغا كەلگەن زارائاستىرىزم دەستۇرى «ئاۋېستا»دا «ئادىمى كۆپ، چارۋا مېلى نۇرغۇن» سوغدى تىلغا ئېلىنغان. «ئاۋېستا»دا كىر ۋە ئاخمانى پادىشاھلىرى تىلغا ئېلىنماستىن، سوغدىنىڭ تىلغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېلىنىشى سوغدى خەلقى ئېتنىك نامىنىڭ ئاخمانىلار ۋە نەقشى رۇستەم ئابىدىلىرىدىن ئىلگىرى مەۋجۇتلۇقىنى دەلىللەيدۇ. سوغدى تېررىتورىيىسىدىكى «تالى بەرزۇ» دىن قۇياش (ئاتا تەڭرى مىترا)، يەر-سۇ (ئانا تەڭرى - ئاناخىت) ۋە ئۇلارغا ئاتاپ ئات قۇربانلىق قىلىش ئادىتىگە دائىر قېزىلمىلار بىلەن تونجى ئادەم — بوۋا سىياقىدىكى «گەۋامەردا» ۋە ئۇنىڭ ۋارىيانتى گىلىگەمىشنىڭ ساپالغا ئىشلەنگەن ئوبرازىنىڭ تېپىلىشى، سوغدى مەدەنىي ھاياتىنىڭ «ئاۋىستا» دىن ئىلگىرى باشلانغانلىقىنى ئەسلىتىدۇ. روشەنكى، قۇياشقا (مىتراغا) چوقۇنۇش ئاساسىدا، ۋاقىت (زامان) مۇئەككىلى زىرۋان ۋە زىرۋانىزم قاراشلىرى ئاساسىدا، زارائاستىرىزم (ئاتاشپەرەسلىك)، ئاندىن كېيىن مانىزم ئېتىقادلىرى زەنجىرى شەكىللەنگەن. شۇ سەۋەبلىك زارائاستىر (تۆگۈچى) ئۆز دىنىنى ياراتقاندا زىرۋاننى زارائاستىرىزمدىكى بىر جۈپ ياخشىلىق ۋە يورۇقلۇق ئىلاھى ئاخرۇمازدا بىلەن يامانلىق ۋە جاھالەت ئىلاھى ئەخرەمەننىڭ ئاتىسى دەپ ئاتىغان. بوۋا ئادەم — گەۋامەردانىڭ يەنە بىر ئوبرازى ئالمىلىق ئاتا يىنىدىكى تامغالى تاش قىياسىدىن تېپىلغان.

## 2

سوغدىلار ھەققىدىكى قەدىمكى خەلق ئەپسانە رىۋايەتلىرى بۇ خەلقنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1000 - يىللاردا ئولتۇراقلىشىپ، چارۋا ۋە تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، قەلئە شەھەر قۇرۇپ، ئۆز خەلقى ۋە ئۆز ماكانلىرىنى قوغداش جەڭلىرىگە ئاتلىنىپ، قەھرىمانلىق داستانلىرى پەيدا قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. پەرغانە رايونىنىڭ چۇست دېگەن جايى بىلەن خارازىمگە يېقىن ئاناۋ مەدەنىيىتى بىزگە سوغدىلارنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي قىسمىدىكى ئىككى دېھقانچىلىق نۇقتىسىدىن تارىخىي ئۇچۇر يەتكۈزۈپ بەردى.

بىز «ئاۋىستا» دا، كېرشاسپىنىڭ توقماق بىلەن ئەجدەرنى يەڭگەنلىكىنى كۆرىمىز. كۆسەن شاھى شىمالىي تاغقا جايلىشىۋېلىپ خەلققە تەھدىت سالغان ئەجدەرنىڭ ئۈستىگە مىنىۋېلىپ جەڭ قىلغاندا، ئەجدەر بىردىنلا شىرغا ئايلانغانلىقى، شۇندىن كېيىن شاھلىق تەختلىرىنىڭ پۈتى شىر ئوبرازىدا ئىشلىنىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئەپسانە بىلەن قەدىمكى كۆسەن شىر ئۇسۇلى بىزگە كېرشاسپ رىۋايىتىنى ئەسلىتىدۇ.

ئەپراسىياپ «ئاۋىستا» دا ئىران پادىشاھلىرى بىلەن جەڭ قىلغان تۇر شاھى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. «ئاۋىستا» دا سوغدى ساكلىرى «جەڭگىۋار تۇرلار» دەپ يېزىلغان. ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى «شاھنامە» يېزىشقا مەنبە توپلىغاندا، قەدىمكى سوغدى شەھىرى ئەپراسىياپ (سەمەرقەنت يىنىدا) نىڭ تۇران شاھى ئەپراسىياپ تۇرغان شەھەر ئىكەنلىكىنى، سىياۋۇس بىلەن بەرزۇ سوغدى قەھرىمانى، رۇستەم ساك خەلق قەھرىمانى، ئىسپاندىيار باكتىرىيىلىك قەھرىمان ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى ئىراننىڭ بىر قانچە مىڭ يىللىق تارىخىنى داستانلاشتۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن بۇ قەھرىمانلارغا ئىران بىلەن تۇراندىن ئىبارەت ئىككى جەڭگاھ قەھرىمانلىرى تۈسىنى سىڭدۈردى. «شاھنامە» دە ئەپراسىياپنىڭ تۇر - تۇران (جۇملىدىن چىن - خوتەن) شاھى سۈپىتىدە ئىران شاھلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان قانلىق جەڭلىرى كەڭ تەسۋىرلەنگەن. بىز «ئاۋىستا»، «شاھنامە» گە ئاساس سالغان مەنبەلەردە سوغدىلارنىڭ جەڭگىۋار تۇرلار ئىكەنلىكىنى، سوغدىلاردىن ئىبارەت مەشھۇر ئېتنىك تۈركۈمدە ساك ۋە تۇران ئىبارىلىرىنىڭ بىردەكلىكىنى كۆرىمىز. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا تىلغا ئېلىنغان قەدىمكى سەمەرقەنت — ئەپراسىياپ ھاكىمى ئەپراسىياپنىڭ دەل ئەلپ ئەر تۇڭاخان ئىكەنلىكىنى، بۇ نۇقتىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا «تۈرك بېگى» دەپ تىلغا ئالغانلىقىنى كۆرىمىز. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا قەدىمكى تۈركىي تىلدا ئەپراسىياپ ۋاپاتىغا بېغىشلانغان خەلق قوشاقلىرىدىن بىۋاستە

نەمۇنىلار ساقلانغان.

لىيۇيىتاڭ ئەپەندى «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق كىتابىنىڭ 553 - بېتىدە ياپونىيىلىك مەشھۇر تارىخشۇناس بەيكۇشىدىن دەلىل كەلتۈرۈپ، كانگىيىلىكلەر تۈركلەر ئىدى، دەيدۇ.

ساك سەركەردىسى تومارىس، ساك شاھى ئومارگنى كىرنىڭ تۇتقۇنىدىن قۇتۇلدۇرغان ئايال قەھرىمان سپارتىدا، ئومارگنىڭ قىزى ئاتادىداغا ئاشىق بولغان ئىسكىنى شاھزادىسى زەرىئادىر، ساك مەلىكىسى زەرىنە بىلەن مىدىيە شاھزادىسى سترىئانگى، ئەپراسىياپ قىزى مەنىچە بىلەن ئىران چەۋەندىزى بىجان ئارىسىدىكى مۇھەببەت داستان - رىۋايەتلىرى سوغدىلاردا جەڭگىۋارلىق ۋە ئىشقى تېمىدىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1000 - يىللاردا، ھەتتا «ئاۋىستا» دىن مۇقەددەم شەكىللىنىشكە باشلىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

## 3

قەدىمكى گرېك تارىخچىلىرىدىن سترابون (مىلادىدىن ئىلگىرىكى63 - ، كېيىنكى 20-يىلى) ، ئارىئان (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 95 — 75 - يىللار) ، دىئودورۇس، دىئادار، پولىتارخ، كۇرتىس روف قاتارلىق مۇئەللىپلەر ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 329 - يىلى باھاردا ھىندىقۇش تاغلىرىدىن ئۆتۈپ ئامۇ - سىر (ئوكسۇس - ياكسارت) دەريالىرى ئارىسىغا كىرگەندە سوغدىلارنىڭ جەڭگىۋار قوشۇنلىرى بىلەن توقۇنۇشقان جەريانلار ھەققىدە تەپسىلىي ئۇچۇر قالدۇرغان.

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن سوغدى قەھرىمانى سپىتامىن باشلىغان قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، ئىلگىرىكى غالىپلىق ئەلپازىدىن ئايرىلدى. فەرنۇخىس قوماندانلىق قىلغان گرېك - ماكېدونىيە قوشۇنلىرى مالاكەندا (سەمەرقەنت) يۇرۇشىدە زەرەپشان (پولىتىمىت- ھۇرمەت) جىلغىلىرىدا سپىتامىن ئەترەتلىرى تەرىپىدىن ھالاك قىلىندى. ئارىئاننىڭ ئېيتىشىچە، ئىسكەندەر ئاداۋەت ئۇچۇن زەرەپشان دەرياسىنىڭ باش ئېقىمىدىكى يېزىلارغا ئوت قويۇپ، 12 مىڭدىن ئارتۇق سوغدىنى قىرىۋەتكەن. ئۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 329 - يىلى مالاكەندا شەھىرىنى قولغا كىرگۈزسىمۇ، بۇ يەردە خاتىرجەم قىشلالمىغان. ئۇ سىر ياقىسىدىكى ساكلار تەرىپىدىن ئۆمۈرلۈك جاراھەتلەنگەن سوغدى سەركەردىلىرىدىن ئوكسپارت (گرېكچە نامى ۋاخشۇن ۋارتا) ئۇستىرۇشان ۋە ھىسار تاغ تىزمىلىرىغا جايلاشقان قىيا ئۈستىدىكى قەلئەلىرىنى بازا قىلىپ ئىسكەندەر قوشۇنلىرىنى قاتتىق خورلاتتى. سوغدى قىياسى، سىزمىتر قىياسى، ئارىماز قىياسى، خورىبىن قىيالىرىدا يەنە پارىتاگداگى، سىكىپتىر، خىلىئان قاتارلىق سوغدى ئاقسۆڭەكلىرى جايلىشىۋالغان ئىدى. ئىسكەندەر سوغدى ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن يارىشىش سىياسىتى بىلەنلا سوغدىلارنىڭ جەڭگىۋار سېپىنى پارچىلىدى. ئۇ ئەسىر ئېلىنغان ئوكسىئارتنىڭ قىزى مەلىكە رۇخسانىگە ئۆيلەندى. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن پەرغانە ۋە سىر دەرياسىنىڭ شىمالىغا ئاياغ باسالماي، ھىندىستانغا يۈرۈش قىلدى. ئىسكەندەرنىڭ سوغدىيانادىكى ھەرىكىتى مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تىزپۈكمەس قارشىلىق كۆرسىتىش ئىقتىدارىنى، يۇقىرى قاتلام ئاقسۆڭەكلەرنى سېتىۋېلىش سىياسىتى ئارقىلىقلا ئۇلارنى تىزگىنلەش ۋە پارچىلاش مۇمكىنلىكىنى كۆرسەتتى. ئاخمانىلار (پادىشاھلىرىنىڭ ساك ۋە سوغدىلار قولىدا ھالاك بولۇشىدىن پەرقلىق ھالدا، ئېغىر زەخىملەنگەن ئىسكەندەر يۇقىرى قاتلام ئاقسۆڭەكلەر بىلەن سۇلھىلىشىش، ئۇلارنى سېتىۋېلىپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتناشتۇرۇش يولىنى تۇتتى.

سوغدىلار شۇندىن كېيىن گرېكلەشكەن دۆلەتلەر (ئېللىنىزم) — سېلېۋكىلار، گرېك - باكتىرىيە ۋە كۇشان خانلىقلىرى قارمىقىدا ياشىدى.

[illegible]

سوغدىلار مەركىزىي ئاسىيا تۇران ساكلىرىنىڭ ئامۇ - سىر دەريا ئارىلىقىدىكى مۇھىم ئېتنىك تۈركۈمى سۈپىتىدە مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2000 - يىللار ئاخىرىدا برونزا ۋە ئېپتىدائىي تىرىقچىلىقتا قەدەم قويغان. ئۇلار مەركىزىي ئاسىيا ئارى - ئاندىرىنوۋ تىپىدىكى ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ پەرغانىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئۇستىرۇشان (سۇدۇسانا - سوغدىيانا؟) تاغلىرى بىلەن زەرەپشان، قەشقەر دەريالىرى ئاياغ ئېقىنلىرىنى ماكان قىلىپ، چارۋا - دېھقانچىلىق، ھۈنەر ۋە قەلئە بىناكارلىقى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئولتۇراقلاشقان بىر قىسمى. بۇ ھەقتە ف. ئېنگېلس ئۆزىنىڭ «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن كىتابىدا توختىلىپ، ئوكسۇس، يەكسارت دەريالىرى - ئارىيانلار ئاپىرىدە بولغان جاي ئىدى، دەپ كۆرسىتىدۇ. ھازىرقى زامان ئالىملىرى بۇ دائىرىنى كەڭرەك مەنىدە ئىزاھلىدى، خالاس.

شۇنى تەكىتلەش ھاجەتكى، مەركىزىي ئاسىيا تۇران - ساكلىرى گرېك، پارس - پەھلەۋىي، «ئاۋىستا» ۋە جۇڭگو مەنبەلىرىدە «ئىسكىف»، «سىكتاي»، «ساك (سەك)»، «ماساگېت (ماھاسكىتاي؟)»، «سارىماتىن (سارماتاي؟)»؛ «يەيجۇك»، «خۇ (خۇر)»، «رۇك»، «زەي (دى)»، «غۇز»، «تۇز (تۇران)» قاتارلىق ئىبارىلەردە ئاتالسىمۇ، ئۇلار ئانتروپولوگىيىلىك ئىنسان گۇرۇھى جەھەتتە ئاندىرونوۋ — ئارى (ئارىئان) لارنىڭ كۆچمە جەڭگىۋار چەۋەندازلىق («ئات مەدەنىيىتى») دەۋرىدىكى جۇغراپىيىلىك يۆتكىلىشى، تارقىلىشى ۋە باشقا خەلقلەر نامىدىكى ئاتىلىشى ئىدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن، ياۋروپادىن مەركىزىي ئاسىياغا كۆچۈپ كەلگەن ياۋروپا ئاق جىنسلىرى بولماي، بەلكى يىراق شەرق سىبىرىق تەنلىكلىرىگە قوشۇلمىغان ئاسىيا تىپىدىكى ئاق جىنسلىق، باشقىچە ئېيتقاندا، دەسلەپ پامىر تىپىدىكى، كېيىنچە كاۋكاز تىپىدىكى (جۇملىدىن شەرقىي شىمالىي ئوتتۇرا دېڭىز تىپىدىكى) ئاق جىنسلىق ئىنسان ئىرقى ئىدى. ئۇلار يەنە بىر تەرەپتىن، شەرقىي سىبىرىيىدىكى قەدىمكى «موڭغۇلوئىد» ئىنسان تۈركۈملىرى كانادا ۋە ئامېرىكا قىتئەسىگە كۆچكەندىن كېيىن، تەدرىجىي يەنسەي ۋادىسىدىن رۇس دىيارى ئارقىلىق شەرقىي ۋە جەنۇبىي ياۋروپا، غەربىي ئاسىياغا قاراپ تارىختىكى سىممېرىيانلار، ئاندىن كېيىن ئىسكىفلار نامىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشتى. بىز مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1000 - يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا نەزەر سالساق، ئاسۇرىيە، بابىل، مىدىيە، گرېك، ئاخمانىلار پېرسىيىسى تارىخىدا سىممېرىيان - سىكتاي — ساكلىرىنىڭ ئوينىغان رولىنى كۆرىمىز. ئۇلار ئارال ۋە جەنۇبىي كاسپىي ۋادىلىرىنى بويلاپ ھىندىستاندىكى خاراپپا مەدەنىيىتىنى ياراتقان قەدىمكى خەلقلەر ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىپ، ئۆزىنىڭ ئارىئان - ساك ئېتىقادى ۋە مەدەنىيىتىنى تارقىتىپ، ئىران ئېگىزلىكىگە يۈرۈش قىلىپ، ئۇ يەردىكى سىممېرىيان - سىكتاي تەسىرىنى كۈچەيتتى. ھازىرقى كۈندە، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2000 - يىللاردا ھىندىستانغا كۆچكەن ئارىيلاردىن يەنە 1000 يىل ئىلگىرى ئىران — قەدىمكى بابىلونغا مەركىزىي ئاسىيادىن سومېرلارنىڭ كۆچكەنلىكى مۇئەييەنلەشمەكتە. بۇنداقتا، ئامېرىكا قىتئەسىگە كۆچكەن ھىندىئان ئەجدادلىرىدىن كېيىن، سومېرلار ئىرانغا، ئارىيلار ھىندىستانغا، سىممېرىيان - ئىسكىفلار قىرىم ۋە شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپا بىلەن مېسوپوتامىيىگە يۆتكەلگەن بولۇپ چىقىدۇ. بۇ بىزگە، ئىنسانىيەت يېزىقتا قەدەم قويۇشتىن ئىلگىرى بايقالدىن كۆكنۇرغىچە، كراسنويارسكىدىن كۆپەتداغ ھىندىقۇش تاغلىرىغىچە ئارى — ساك — تۇر تىپىدىكى ئاسىيا ئاق جىنىس ئىنسان تۈركۈملىرى ياشىغانلىقىنى، ئۇلار برونزا، ئات مەدەنىيىتى

نىشان قىلىنغان مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3000 - يىللاردىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1000 - يىللارغىچە داۋام قىلىنغان ئارىئان تىپىدىكى خەلقلەر يۆتكىلىش جەريانىدا، بىر قىسمى شەرق — غەرب — جەنۇب تەرەپلەرگە يۆتكەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ هازىرقى ئانتروپولوگىيە، ئارخېئولوگىيە، ئېتنولوگىيىلىك پاكىتلار تەكرار ۋە سىستېمىلىق ئىسپاتلىغان تارىخي ھەقىقەت بولۇپ قالدى.

## 5

سوغدىلار مىلادىدىن ئىلگىرىكى I ئەسىردە ئۆز ماكانلىرىغا كۆچۈپ كەلگەن توخار — يۈرچى ۋە دۇڭخۇاڭ - چىلەنشەن ساكلىرىغا ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمىدى ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە گرېك - باكتېرىيە ھاكىمىيىتىنى غۇلىتىپ، كوشان ئىمپېرىيىسىنى تىكلىدى، ئۇنىڭ بىرقىسمىغا ۋە ئارقا تايانچىلىرىدىن بىرىگە ئايلاندى. ئېفتالىتلار كوشان خانلىقىنى غولاتقاندىن كېيىن، بىر قىسىم كوشانلىق توخارلارتارىم ۋادىسىغا قايتتى، بىر قىسمى پارچىلىنىپ «توققۇز جاۋۇپلار» نامىدا ئاتالدى. بۇ چاغدا سوغدىلار ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ۋاقتىدىكىدىن پەرقلىق ھالدا ئۆز ئېتنىك گەۋدىسىنى ئومۇم ساك - تۇران تىپىنى ساقلىغان ھالدا توخار — ئېفتالىت (ئاق هون، ئاۋار) تەسىرى بىلەن ئۆزگەرتتى. ئېيتىش كېرەككى، توخارلارمۇ بۇ چاغدا مىلادىدىن ئىلگىرىكى 176 - يىللىرى دۇڭخۇاڭ چىلەنشەندىن يۆتكەلگەن دەسلەپكى ۋاقتىتىن تىل ۋە ئېتنىك جەھەتتە مۇناسىپ ئۆزگىرىشكە ئۇچرىغان ئىدى.

سوغدىلار «توققۇز جاۋۇپ» نامىدا ئامۇنىڭ شىمالىدىن سىر دەرياسىنىڭ شىمالىغىچە بولغان شەھەر - بوستانلاردا ياشىدى. پەرغانە ۋادىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئۇستىرۇشان تاغلىرى بىلەن زەرەپشان دەريا ۋادىلىرىنى بويلاپ شەرقتىن غەربكە سودىسانا (ئۆرە تۆپە)، پەنجىكەنت، ئەپراسىياپ، سەمەرقەند، موللا - قورغان، پەي كېرىق، بۇخارا ۋە ئۇنىڭ شەرقىدە هازىر قۇمغا كۆمۈلۈپ تۇرغان ۋاراھشاھ شەھەر خارابىلىرى بىلەن يەنە ئۇستىرۇشان تاغلىرىدىن قەشقەر دەرياسى ئېقىمىنى بويلاپ تالى بەرسۇ، شەھرى سەبىس، تايلاق، كافۇر قەلئە، يەككە بەگ، پاخال تىپە، يەر قورغان شەھەرلىرى بىلەن شاش (تاشكەنت)، خى (سۇيابنىڭ شەرقىي-شىمالىدىكى بارسخان) شەھەرلىرى ئاساسلىق سوغدىلار ماكانلىرى ئىدى. تارىخي قاتلىمى ھەر خىل بۇشەھەرلەرئىچىدە سەمەرقەند — ئەپراسىياپ، پەنجىكەنت، بۇخارا - ۋاراھشاھ ئاساسلىق سوغدى مەركەزلىرى ئىدى. تالى بەرسۇ، پەنجىكەنت، ئەپراسىياپ، ۋاراھشاھ خارابىلىرى ئۈستىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر سوغدىلارنىڭ قىياپىتى، تۇرمۇش مەدەنىيىتى، دىن ۋە سەنئىتىگە ئائىت قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن بىزنى تەمىنلىدى.

مېنىڭ قارىشىمچە، سوغدىلار ئەجداد يىقىنلىقى جەھەتتىن تارىم - تەكلىماكان قەدىمكى ئىنسان تۈركۈملىرى («ئاتۇش ئادىمى» بىلەن «كرۇراينا گۈزىلى» نى ئۈلگە قىلغان) بىلەن بولغان ئانتروپولوگىيىلىك مۇناسىۋەتتىن تاشقىرى، كوشان — ئىفتالىت خانلىقلىرى ئاخىرلاشقان، جۇڭگودا شىمالىي سۇلالىلەرنىڭ غەربكە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش جەريانى داۋام قىلغان، كۆكتۈرك ۋە غەربىي تۈرك خانلىقى تىكلەنگەن زامانلاردا شەرققە كۆپلەپ يۆتكىلىپ، يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا ۋە شەرقىي لىنىيىسىدە گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. بۇ جەريان سوغدىلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە شەرقىي ساك — شەرقىي تۇرانى ئالامەتلەر ئېلىپ كەلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئېيتىش مۇمكىنكى، سوغدىلار مىلادىدىن ئىلگىرىكى مىدىيە، كىئياندىتلار (كىياندىئانلار)، ئاخمانلار، ئىسكەندەر - سېلىئۇكلار - گرېك - باكتېرىيە ئىستېلاسىغا قارشى ئۇزاق قەھرىمانلىق دەۋرىنى، ئۇندىن كېيىنكى كوشان - ئىفتالىتلار دەۋرىنى، ئۇندىن كېيىنكى پەنجىكەنت - ۋاراھشاھ مەركەز قىلىنغان

گۈللەنگەن فېئورال «توققۇز جاۋۇپلار» دەۋرىنى، ئۇندىن كېيىنكى غەربىي تۈرك ۋە ئۇيغۇر خانلىقى ھامىيلىقىدىكى دەۋرنى باشتىن كەچۈرۈپ، قاراخانىلار زامانىسىدا ياغما ئۇيغۇرلىرى، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ۋە گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مىللىي تەركىبىگە سىڭىپ كەتتى. ئۇنىڭ بىر قىسمى يەنە غەربىي قاراخانىلار، چاغاتاي ۋە تۆمۈرىلەر ئارقىلىق ھازىرقى ئۆزبېك تۈركلىرىنىڭ ئېتنىك تۈزۈلمىسىگە ئايلاندى.

## 6

ئۆزبېكىستان تېررىتورىيىسىدىكى ئۇسترۇشان تاغلىرى، زارائۇستاي، سايچان ساي، سارمىش ساي قاتارلىق تاغلىق - جىلغىلىق ۋادىلاردىكى ئىپتىدائىي قىيا رەسىملىرى پامىر، تىگىرتاغ، ئالتۇنتاغ (بولۇپمۇ مۆلچەر دەريا جىلغىلىرى)، تارباغاتاي ۋە ئالتاي، چوغاي تاغلىرىدىكى ئىپتىدائىي قىيا رەسىملىرى بىلەن كۆندۈرۈلگەن ھايۋان، ئوۋ قىلىنىدىغان ھايۋان رەسىملىرى، ئۇسسۇللۇق ھەرىكەت قىياپىتى، قۇياشقا چوقۇنۇش كۆرۈنۈشى، ھارۋا شەكلى، پىر بىخۇنلۇق كۆرۈنۈشلەر، ئۇچۇر تامغۇلىرى جەھەتلەر ئورتاق قىيا رەسىملەر مەدەنىيىتى چەمبىرىنى ھاسىل قىلغان. ئوخشاشلا بۇ تېررىتورىيىلەردىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن چىققان دەپنە بۇيۇملىرى بىلەن قەبرى تۈزۈلمىسى ۋە دەپنە رەسمىيەتلىرىدىمۇ نۇرغۇن ئوخشاشلىقلار، جەسەت تېپىلىرىدىمۇ جىنسىي يېقىنلىقلار كۆرۈلگەن.

گەرچە ئىلاھ - ئىكونناملىرى پەرقلەنسىمۇ، مەركىزىي ئاسىيا خەلقى قۇياشنى ئاتا تەڭرى، زېمىننى ئانا تەڭرى بىلىپ، ئات قۇربانلىق قىلىدىغانلىقىنى ھېرىدوتتىن تاكى جۇڭگو يىلنامە مۇئەللىپلىرىگىچە يېزىپ قالدۇرغان. سوغدى ماكانلىرىدىن تېپىلغان ساپال - مىس ھەيكەللەر بىلەن قىياغا سىزىلغان قۇياشقا چوقۇنۇش رەسىملىرى ۋە قەبرىلەرنىڭ قۇياش شەكلىدىكى قورۇقلار بىلەن ياسىلىشى، مىترا مەدھىيىسى كۈيلەنگەن «ئاۋستا» قوشاقلىرى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

سوغدىلارنىڭ مىترا، ئاناخىت ئىلاھلىرى كېيىنچە گرېك ئىلاھلىرى زەربىسىدە، ئۇندىن كېيىن زارائاستىر، كوشان بۇددا ئىكونلىرى تەسىرىدە ئۆزگىرىشكە ئۇچرىسىمۇ، زارائاستىر ۋە مانىزمنىڭ يورۇقلۇق ئىلاھى ئاخرۇمازدا - ھورمۇز سىمۋولىدا يەنە ئىزچىل ساقلاندى.

سوغدىلار تەخمىنەن كوشان شاھى كانىشكا زامانىسىدىن كېيىن بۇددىزمنى قوبۇل قىلدى. بۇددىزم ئومۇمەن توخارلاردا ئىزچىل، خارازم سوغدىلىرىدا بىر مەزگىل داۋام قىلدى. تۇنجى قېتىم جۇڭگوغا كەلگەن بۇددا تەرجىمانى جىچېن توخار (يۈرچى) ئىدى. Ⅲ ئەسىردىن كېيىن جۇڭگودا كاڭ جۈي ( 康巨 )، كاڭ مىڭشياڭ ( 康孟详 ) قاتارلىق سوغدى بۇددا تەرجىمانلىرى پەيدا بولغان. بەزى تارىخىي مەنبەلەردە ئاسوكا ۋاقتىدا خوتەن، كانىشكا ۋاقتىدا كۆسەن ئۇلارنىڭ تەسىر دائىرىسىدە بولغان دەپ قارالماقتا. بۇ ھەر ھالدا بۇددىزمنىڭ بۇ ئىككى گۈللەنگەن زامانىدا، غەربىي دىياردىكى ئىككى بۇددا مەركىزىنىڭ ھىندىستان ۋە كوشان ئىمپېرىيىسىگە يېقىن مۇناسىۋەتتە تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاتاقلىق بۇددا تەتقىقاتچىسى لۈيجى ئەپەندى «ھىندىستان بۇددىزمىنىڭ ئېقىملىرى» ناملىق كىتابىدا كانىشكىنى چىن تيەن (خوتەن 真檀 ) لىك دېسە، ليۈيىتاڭ ئەپەندى يۇقىرىدا ئىسمى دېيىلگەن كىتابىدا خوتەن شاھى ۋىجا ياسىنانىڭ قىزى بۇددىزمنى قەشقەرگە تارقىتىشتا تۆھپە ياراتقانلىقىنى، ئوغلى ۋىجا ياكىتى كانىشكا بىلەن بىللە ھىندىستانغا قوشۇن تارتقانلىقىنى تىلغا ئالغان.

سوغدىلار ئۈچۈن خاراكتېرلىك بولغىنى ئاتەشپەرەسلىك بىلەن مانىزمدىن ئىبارەت. ئاتەشپەرەسلىك مىلادىدىن ئىلگىرىكى Ⅶ ئەسىردە خارازم - سوغدىدا پەيدا بولدى دېگەن شەرقىي قاراش بىلەن ئىراندا پەيدا بولغان دېگەن غەربىي

قاراش مەۋجۇت. ليۇيىتاڭ ئەپەندى زاراتۇستىرنى سىپىتامىن ئۇرۇقىدىن ئىدى، دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇنداقتا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنگە قارشى جەڭ قىلغان بۇ خەلق قەھرىمانى سىپىتامىن ھەمقەبىلە - خەلق نامى بولۇپ چىقىدۇ. روشەنكى، سىپىتامىن سوغدى ئىدى. «ئاۋېستا» ساسانى سۇلالىسىنى قۇرغان ئەردەشىر زامانىدا قايتا توپلانغان. ئاتەشپەرەسلىك شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگوغا سوغدىلار تەرىپىدىن قىسمەن ھالەتتە تارقالغان. مانىزم خرىستىيان، بۇددا ئامىللىرى بىلەن ئۆزگەرتىلگەن ئاتەشپەرەستلىك دىگۈچىلەر بار. ئۇنى بابىلونلۇق مانى (215 — 274) ئىجاد قىلغان. ئۇنى بەھرەمگور ئۆلتۈرۈپ، تېرىسىگە سامان تىقىپ كېيىنكى چاغدا «مانى دەرۋازىسى» دەپ ئاتالغان پادىشاھ شاپور نامىدىكى دەرۋازىغا ئېسىپ قويغان. مانى مۇخلىسلىرى شۇندىن كېيىن مەخپىي پائالىيەتكە ئۆتكەن. كۆپ قېتىملىق تراگېدىك قىسمەت ئۇلارنى قەيسەر مىسئونېرلار قىلىپ چېنىقتۇرغان. ئۇلار ئىلىم، رەسساملىق، مۇزىكا، ئۇسسۇل (رەقس) ۋە مەكتەپ، ئىبادەتخانا باشقۇرۇشتىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغان.

ئىراندا تەقىپ قىلىنغان مانىزمچىلار زاراتۇستىرىزم - ئاتەشپەرەسلىك ماكانى سوغدىدا ھامىيلىقتا ئىدىشكەن. ئۇلار بۇددىزم قىياپىتىدە مەيدانغا چىقىپ، ئۆز ئېتىقادىنى تەشۋىق قىلغان. مۇغتاغدىكى زەخمەدئاد رايونىدا ئىككى قەۋەت قىيا ئۇستىدىكى قەلئە — «دىۋاشتىچە قەلئە - ئەرش قەلئەسى» خۇددى مۇزات دەرياسى بويىدىكى (شىنجاڭ كۇچار رايونى) قۇمتۇرا تاشكېمىرلىرىگە ئوخشاش كارىدور ئارقىلىق خانىلار تۇتىشىدىغان قوغدىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىستىقامەت ئورنى ئىدى. بۇ يەردىن كۇلالچىلىق، توقۇلما بۇيۇملىرى، كۈمۈش بۇيۇملار، چەۋەنداز ئوبرازىدىكى تام رەسىمنىڭ تېپىلىشى بۇ تاش قەلئەنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرى ياسالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

مانىزم قەدىمكى قوچۇ شەھەرخارابىسى، بېزەكلىك تاشكېمىرلىرى، دۇڭخۇاڭ مىڭ ئۆيلىرىدە ئۆز ئىزلىرىنى روشەن قالدۇرغان. قوچۇ شەھىرىدىن لىكوك كېسىپ ئېلىپ كەتكەن، 2 - جاھان ئۇرۇشىدا 2 - فرونت ئايروپىلانلىرى بومباردىمان قىلغاندا ۋەيران بولغان مانىنىڭ مۇخلىسلىرىغا سۆزلەۋاتقان كۆرۈنۈشى، دۇنيادا يېگانە مانى ئوبرازى ئىدى. قوچۇ - دۇڭخۇاڭدىن تامغا، يىپەك رەختكە، كىتاب سەھىپىلىرىگە سىزىلغان مانىزم رەسىملىرى بىلەن سوغدى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان مانىزم دەستۇرلىرى تېپىلدى. قىزىقارلىقى شۇكى، بۇنداق باي مانىزم ھۆججەتلىرى ئىران ۋە ماۋارائۇننەھردىن بۇنداق كۆپلەپ تېپىلغان ئەمەس. تەتقىقاتچىلار كۆسەن، تۇرپان، دۇڭخۇاڭ تاشكېمىرى ئىچىدە مانىزم غارلىرى بارلىقىنى ئېنىقلىغان. پەنجىكەنت تام رەسىملىرىدىكى ئۆلگەن مەلىكە مەرسىيىسىگە قۇلىقىنى كېسىپ، يۈزىنى تاتىلاپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ ماتەم بىلدۈرگەن كۆرۈنۈش، دۇڭخۇاڭدىكى 158 - كېمىردە ئۆز ۋارىيانتىنى تەكرارلىغان. تۇرپان بېزەكلىك يارلىقىنىڭ تېگىدىكى سايدا خۇددى ئەپراسىياپ خارابىسىدىكىدەك جەسەت سۆڭىكى قاچىلانغان ساپال ساندۇق تېپىلغان.

ئۇيغۇر ئورخۇن خانلىقى تېررىتورىيىسىدە مانىزم مۇخلىسلىرى خېلى ئىلگىرىلا مەۋجۇت ئىدى. تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەكلىپى بىلەن چاڭئەن، لوياڭ قاتارلىق شەھەرلەردە مانى ئىبادەتخانىلىرى قۇرۇشقا يول قويىدى.

ليۇيىتاڭ ئەپەندى «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ئەسىرىدە مانى دىنى ماۋارائۇننەھردە سوغدى يېزىقىنى قوبۇل قىلىپ ئىراندىكى ھالاكەتتىن كېيىن يەنە ھاياتقا ئېرىشكەنلىكىنى ئېيتقان ئىدى، مانى — سوغدى يېزىقى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ شەرقتىكى گۈللەش مەنزىرىسىگە ئېرىشتى. يەرلىك يېزىققا ئۆتمەي سۈرىيە يېزىقىنى قوللانغان نېستورىيان دىنىدا ئەھۋال باشقىچىرەك بولدى. گەرچە جۇڭگوغا 694 - يىلى خۇرۇستادان ناملىق تۇنجى مانى مىسيونېرى بولغان پارس كەلگەندىن

www.uyghurkitap.com

باشلاپ مانىزم تەرغىباتى باشلانغان بولسىمۇ، ئۇيغۇر خانلىقى مانىزمنى دۆلەت دىنى قىلغاندىن كېيىنكىدەك ئېتىبارغا ئېرىشمىگەن ئىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ مانىزمغا يول قويۇشى كەيىۋەننىڭ ئاخىرقى يىللىرى (742) دىن خۈيچاڭنىڭ 3 - يىلى (843) ئوردا بۇيرۇقى بىلەن مانىزم قاتتىق چەكلەنگىچە بىر ئەسىر داۋام قىلدى. يالغۇز چاڭئەندىلا 72 ئايال مانى مۇخلىسى قازا تاپتى. بۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى مۇنقەرز بولۇپ، ئاھالە ھەر تەرەپكە پىتىراپ كېتىپ بولغان مۇھىتتا يۈز بەردى. مانىزم گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى، ئىسلامىيەتكىچە بولغان قاراخانىلارنىڭ دۆلەت دىنى بولۇپ كۆپ ئەسىر داۋام قىلدى. قاراخانىلار ھەتتا بۇخارادىكى سوغدى مانىستلىرىنى باستۇرغان سامانى مۇسۇلمان خانلىرىغا ئۆز بىسىملىرىنى توختاتمىسا، ئۆز زېمىندىكى مۇسۇلمانلارغا قاتتىق قوللۇق قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇختۇرۇش قىلغان ئىدى.

7

سوغدىلار كوشان خانلىقى زامانىسىدا بىر مەزگىل قىسمەن بۇددىزمغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى بىز تېرمىزدىن، جۇملىدىن بىشكەكتىن تېپىلغان بۇددا ھەيكەللىرى بىلەن زاراتۇسترا سوترىسىدىن بىلىمىز. ئەمما غەربىي تۈرك يابغۇلىقى ۋاقتىدا سوغدى زېمىنىدىن ئۆتكەن تاڭ سۇلالىسى راھىبى شۈەنجاڭ بىلەن ئۇنىڭدىن بىر ئەسىر كېيىن سوغدى زېمىنىدىن ئۆتكەن خۈي چياۋ بۇ يەردە بۇددىزمنىڭ سۇسلىشىپ، ئاتەشپەرەسلىك ۋە مانىزمنىڭ كۈچەيگەنلىكىنى ئۇچۇر قىلدى.

غەربىي تۈرك يابغۇلىرىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى فېئوداللىق دەۋردە سوغدى زېمىنىدا سەنئەت خۇددى تارىم ۋادىسىدىكى تاشكېمىرلەردەك بۇددىزم شەكلىدە ئەمەس، رېئال تۇرمۇش ۋە مانىزم شەكلىدە راۋاجلاندى.

VII — V ئەسىرلەردىكى پەنجىكەنت، ئەپراسىياپ، ۋاراھشاھ قاتارلىق ئاۋات سوغدى شەھەر خارابىلىرى ئۈستىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر بىزگە دەل مۇشۇ دەۋردىكى مارالبېشى، توققۇز ساراي، كۆسەن، شورچۇق، قوچو بۇددا تاشكېمىر سەنئىتى بىلەن گەرچە دىنىي مەزمۇن جەھەتتىن بولمىسىمۇ، ئومۇمىي ئېتنولوگىيىلىك تۇرمۇش رېئاللىقى ۋە سەنئەت ئۇسلۇبى جەھەتتە بىر خىل ياندىشىلىقنىڭ ساقلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئۇلارنىڭ مۇھىملىرى: كۆركەملىك، گەجلەنگەن بىناكارلىق، بىنا تۈۋرۈكلىرى، قاپارتمىلىق ئادەم ۋە گۈل نەقىشلەر؛ شىر ۋە ئارسلان بىلەن ئاتقا مىنىپ جەڭ قىلىۋاتقان چەۋەنداز؛ ئۈستىگە شىر ۋە قۇش سۈرىتى تامغىلىرى چۈشۈرۈلگەن تون كەيگەن ئۈچ ئەلچى؛ يىپەك يولىدا قاتناۋاتقان ئاتلىق - تۆگىلىك كارۋانلار؛ بويىنىغا لېنتا چېگىلگەن سەركە؛ بەزمىگە ھازىرلانغان ئۇسسۇلچىلار بىلەن مەشئەل تۇتۇپ گۈلخان يېقىۋاتقان ئايال؛ قازا قىلغان مەلىكىگە ماتەم ھازىدارلىق بىلدۈرۈۋاتقان كۆرۈنۈش؛ ئەلەنگۈچتە ئولتۇرغان، چاچلىرى ئۇششاق ئۆرۈلگەن قىز بىلەن بوۋاي؛ قول - پۇتى ۋە كىيىم لېنتىسىغا قوڭغۇراق ئاسقان زەڭگۇلە ئۇسسۇلچىسى قىز؛ يىلان باشلىق ئارپا (ۋىنا) چالغۇچىسى؛ قىلىچلىرىنى تامغا ئېسىپ، مەي پىيالىلىرى تۇتۇپ مەشرەپتە ئولتۇرغان جەڭگىۋار ئەركەكلەر؛ ياغاچ تاراق ئۈستىگە چېكىلگەن يېرىم يالىڭاچ ئايال، كاش جەسەت ساندۇقى سىرتىغا سىزىلغان مۇزىكا ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈش قاتارلىق تەسۋىرىي سەنئەت يادىكارلىقلىرىدىن ئىبارەت. بۇ بىزگە سوغدىلارنىڭ ئەينى زاماندىكى قىياپىتىنى، كىيىنىشى، تۇرمۇش مەدەنىيىتى، چالغۇ ئەسۋابلىرى، فولكلور ئادەتلىرىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ. بۇ، سوغدىلارنىڭ ئۇيغۇر ئېتنىك تەركىبىگە كىرىپ كېلىشىدىن ئىلگىرىكى يىراق ئېتنىك مەنبەداشلىقى بىلەن ئەينى زاماندىكى ئورۇقداشلىقىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

## 8

سوغدىلارنىڭ تارىم ۋادىسى ۋە تەكلىماكان ئەتراپى بىلەن گەنسۇ ھەم سىلىنگا ۋادىسىغا قاچان كېلىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان ۋە ماكانلاشقانلىقى نامەلۇم. ئەمما، ئۇلار يىپەك يولى بويلاپ بۇددىزم، زاراتۇستىرىزم ۋە مانىزم تەرغىباتى، شەنئەت ۋە سودا - تىجارەت پائالىيىتى بىلەن كۆكتۈرك خانلىقى قۇرۇلۇشتىن خېلى ئىلگىرىلا بۇ رايونلاردا ئۆزىنى قالدۇرغان. III — IV ئەسىرلەردە خارابىلىشىشقا باشلىغان لوپنۇر - مىران - كىروران رايونلىرىدىكى تىرىلغۇ ۋە سودا مەركەزلىرى ۋە ئاھالە رايونلىرى — «بىرچەك» لەر قۇرغانلىقى ئۇلارنىڭ كوشان خانلىقىنى غولىتقاندىن كېيىنلا بۇ يەرلەرگە تارقالغانلىقىنى دەلىللەيدۇ. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، دۇنيادىكى سۇسىز دەشتى - چۆل «سەھرايى كەبىر» دەك مەشھۇر قۇملۇقلاردىن تۆت ئەتراپى سۇ ئېقىملىرى بىلەن قورشالغان ئالاھىدە تىپتىكى قۇملۇق «تەكلىماكان» نىڭ نامىمۇ، تەكلىك ئۈزۈم باغلىرى بەرپا قىلىپ، ئۈزۈم شىرنىسى ۋە ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەپچىقىرىپ، ئۈزۈم تەسۋىرلەنگەن نەقىشلەر سىزىشقا ئادەتلەنگەن سوغدىلار تەرىپىدىن قويۇلغان بولۇشى ئېھتىمال. تەكلىماكان ئەتراپىدىكى خارابىلار ۋە تەسۋىرىي بۇيۇملاردىن ئۈزۈم تالزارلىقى ۋە ئۈزۈم نەقىشلىرى كۆپلەپ تېپىلغان.

تارىخىي مەنبەلەردە يېزىلغان بىر قەدەر مەشھۇر سوغدى ماكانلىرىدىن بىرى يەندەن شەھىرىنى سوغدىئانادىن لوپنۇر ئەتراپىغا بىر قىسىم ئاھالە - قوشۇنلىرى بىلەن كەلگەن سوغدى سەركەردىسى كاڭ يەندىيەن (康艳典) بىنا قىلغان. ئۇ پەيدا قىلغان شەھەر نۇر كەنت، ئۈزۈم (بور) كەنت، سابى تاش بالىق قاتارلىق توققۇز شەھەرگە يەتكەن. تاش بالىق كېيىنچە «دىيەنخى» بالىق دەپ ئاتالغان.

سوغدىلارنىڭ تارىم - تەڭرىتاغ - ئورخۇن بويىدىكى ئاھالە رايونلىرى غەربىي تۈرك يابغۇلىقى مەيدانغا كەلگەن ۋاقىتتىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگىچە بولغان تۆت ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە تارىخىي ئەۋجىگە يەتتى، دېيىش مۇمكىن. بۇ چاغدا پەرغانە ۋادىسىدىكى مىڭ بۇلاق بىلەن تەڭرى تېغى ئېتىكىدىكى مۇزئارت ۋادىسىغا جايلاشقان چوڭ يۇلتۇز غەربىي تۈرك يابغۇ (خان) لىقىنىڭ ئىككى بارگاھى بولۇپ، يىپەك يولى قاتنىشىداتۈرك - ۋىزانتىيە ھەمكارلىقى يولغا قويۇلغان ئىدى. جۇڭگودا شىمالىي سۇلالىلەر بارغانسېرى غەربكە، يىپەك يولغا يۈزلىنىپ، مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيىتىنى ھەر تەرەپلىمە قوبۇل قىلىشقا قىزىققان ئىدى. بۇ ۋاقىتلاردا سوغدىلار لوپنۇر - مىران - كىروران رايونلىرىغا قارىغاندا قوچۇ - قۇمۇل ئەتراپىغا، دۇڭخۇاڭ - گەنجۇ ئەتراپىغا كۆپلەپ توپلاندى. سەمەرقەنتلىك سوغدىلار بىلەن قوچۇ (تۇرپانلىق) ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇ مەنبەلىرىدە ئوخشاش «كاڭ» (康) ئىبرۇگىلىفىنى فامىلە قىلغانلىقىنى، سوغدى ۋە تۇرپان ۋادىسىدىكى «كارىز» قۇرۇلۇشىدىكى ئوخشاشلىق، قوچۇنىڭ تەڭرىتاغ ئېتىكىدىكى مىسلىسىز مانىزم ئوچىقىغا ئايلانغانلىقى، قۇمۇل «ئوغۇرغول»، باغراش ئەتراپىدىكى سوغدى شەھەر — راباتلىرى، تۇنجى سوغدى يېزىقى ئاساسىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ تۇرپاننى بازا قىلىپ مەيدانغا كەلگەنلىكى بىزدە تۇرپان ئاھالىلىرى تەركىبىدىكى سەمەرقەنت سوغدىلىرى ئامىللىرىنىڭ روشەن سالمىقىنى ھەققىدىكى تارىخىي تەسەۋۋۇرنى ئويغىتىدۇ.

## 9

ئەرەبلەرنىڭ ماۋارائۇننەھرگە بېسىپ كىرىشى، ئىسلامىيەتنىڭ مەجۇسىي (ئاتەشپەرەسلىك)، مانى دىنلىرىنى مەنسۇق قىلىشى بىلەن ئورخۇن ۋادىسىدا ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تىكلىنىشى پاراللېل زامان چەمبىرى ھاسىل قىلدى. بۇ ھال سوغدىلارنىڭ يەنە بىر ئاھالە كۆچۈش تارىخىي قاتلىمىنى شەكىللەندۇردى.

www.uyghurkitap.com

غەربىي تۈرك خانلىقى ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىلا ماۋارائۇننەھردىكى سوغدىلار بىلەن تارىم تەكلىماكان - تەڭرىتاغ ئەتراپىدىكى ئاھالىلەر بىر تەرەپتىن ئەسلى ۋەسلىسىدىكى ساك - توخار (يۇرچى) مىللىيىتلىكى بويىچە، يەنە بۇنىڭ ئۈستىگە كوشان - ئېفتالىت ئىمپېرىيىلىرى پارچىلانغاندىن كېيىنكى بۇ جايلارغا قايتقان (مىلادىدىن 2 ئەسىر ئىلگىرىكى توخار - ساكلاردىن تارىخىي قاتلام پەرقى ھاسىل قىلغان) توخار - ساك - سوغدى - قاڭقىل قەبىلىلىرى قايتا قوشۇلۇپ، كۆكتۈرك خانلىقى، ئۇندىن كېيىنكى ئۇيغۇر خانلىقى كونترول قىلغان يىپەك يولى ئالاقىدار مۇھىتى بىلەن مىللىي مەدەنىيەت ئورتاق چەمبىرى مۇھىتىگە كىرىپ كەلدى.

تارىخىي مەنبەلەردە «توققۇز جاۋۇپ» ئىبارىسى مەنبەداش قەبىلىلەرنىڭ قايتا قوشۇلۇش جەريانىدا تۇرغانلىقىنى كۆرسەتسە، «توققۇز جاۋۇپ ئۇيغۇرلىرى» ئىبارىسى ئۇلارنىڭ كۆكتۈرك ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى ئاخىرلىشىپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى زامانىدا ئۇيغۇرلارنى ئوق قىلىپ ئۇنىڭ ئىتتىنىك تەركىبىگە قوشۇلۇش جەريانىغا كىرگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇ جەريان شەرقتىكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىن باشلىنىپ، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى، ئەڭ ئاخىرى قاراخانىلار دەۋرىدە تۈگەللەندى.

سوغدىلار، جۈملىدىن كوشان ئىمپېرىيىسى پارچىلانغاندىن كېيىنكى توخارلار خېلى ئۇزۇن مۇددەت ئامۇ - سۇرخان دەريا، بولۇپمۇ زەرەپشان ۋە قەشقەر دەريا ۋادىلىرىدا پارچە شەھەر بەگلىكلىرى سۈپىتىدە ياشاپ، «توققۇز جاۋۇپلار» دەپ ئاتالغان ئىدى. ئۇلار ساۋ (كابودان)، شەرقىي ساۋ (سودىسانا، ئۆرەتېپە)، كاڭ (سەمەرقەند)، سى (شەھرىسەبىس)، مى (مايمورگ)، شى (شاش، تاشكەنت)، خى (سۇياپنىڭ شەرقىي شىمالى، كېيىنكى بارسخان، (قاراقول؟))، ئەن (بۇخارا)، خوشۇن (خارازىم)، ۋىدى (戊地) باراھشاھ قاتارلىقلار بولۇپ، مۇھىمى، كاڭ، ئەن، ساۋ، شى تۆت فامىلىلەر ئىدى. بۇ ناملارنىڭ خەنزۇچە ئىپادىلىنىشى ئەسلى يۇرتتىكى بىرەر ئاھاڭغا ماسلاشقان ياكى ۋەكالەت قىلىنغان بولۇپ، خەنزۇ يېزىقى ئاساسىدا ئەسلى «توققۇز جاۋۇپ» لارنى تەلەپپۇز قىلىشقا كۆچەنمەسلىك لازىم.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، چاڭئەن - لوياڭ، لياڭجۇ شەھەرلىرىدىكى «توققۇز جاۋۇپ» لارنىڭ بەزىلىرى يېقىندىلا ماۋلرائۇننەھردىن، غەربىي دىياردىن كەلگەن، بەزىلىرى ئىلگىرى كەلگەنلەرنىڭ قان ئارىلاشقان ئەۋلادلىرى ئىدى. تاڭ شۈەنزۇڭ ۋاقتىدىكى مەشھۇر سەركەردە ئەن لۇشەن (رۇشەن بۇخارى، گۇكلۇق) تۈرك ئايالىغا ئۆيلەنگەن بۇخارالىق سوغدىدىن تۇغۇلغان ئىدى.

«توققۇز جاۋۇپ» لار كېيىنچە «توققۇز جاۋۇپ ئۇيغۇرلىرى» دەپ ئاتالدى. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە «توققۇز جاۋۇپ» ئىبارىسى چۈشۈپ قالدى. بىز «لى ۋىنراۋ توپلىمى» دىكى «ئۇيغۇر شى جيەجيىژنىڭ قىلمىشلىرى» (ئۇيغۇر جيەجيىژشاشىنىڭ قىلمىشلىرى) دېگەن ھۆججەتتە «ئۇيغۇر شى (تاشكەنتى) جيەجىژ، شى (تاشكەنتى) خۇچىڭ توققۇز جاۋۇپ ئۇيغۇرىدۇر» دېيىلگەن.

بىز تاڭ سۇلالىسى ئاخىرلىشىپ ئانچە ئۇزاق بولمىغان زاماندا ماۋارائۇننەھرگە ساياھەت قىلغان ئەرەب ئاپتورلىرىنىڭ «توققۇز جاۋۇپ ئۇيغۇرلىرى» ئىبارىسىنى ئەمەس، بەلكى «توققۇزغوز»، «توققۇز ئوغۇز» ئىبارىسىنى ئۇيغۇرلارغا قاراتقانلىقىدىن ھېچقانداق تاسادىپىيلىق ھېس قىلمايمىز. لىيۇيتاڭ ئەپەندى يازغان كىتابنىڭ 553 - بېتىدە: «پارسلارمۇ سوغدىلارنى ئۇيغۇر تۈركلىرى دەيدۇ» دەپ يازغانلىقى ئاساسسىز ئەمەس.

ئەزەلدىن چەتتىن كەلگەن ھەرقانداق قۇدرەتلىك ئىستىلاچىلارغا قارشى ئىنگىلمەي - سۇنماي شانلىق كۈرەش قىلغان، ئەپراسىياپ، تومارىس، شىراق، سپارتىندا، بەرزۇ جەڭگىۋارلىق داستانلىرىنى ياراتقان سوغدىلار نېمە ئۈچۈن

ئىزچىل ساك - توخار - ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگە يۇزلەندى ۋە ئۇيغۇرلارنى ئۆرنەك قىلىپ، ئۆز قېرىنداشلىرى مىللىي تەركىبىگە سىڭىپ كەتتى؟ بۇ مۇھىم ۋە قىزىقارلىق تەتقىقات تېمىسى، ئەلۋەتتە.

10

غەربىي دىيار بىناكارلىق، مۇزىكا، ئۇسسۇل، تىياتىر، سىرىك سەنئىتى غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا ئوتتۇرا دىيارغا كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسەتكەن. بىز «يۇتيەن (خوتەن) نەغمىسى» بىلەن «ماھادۇر» كۈيىنى بۇ جەھەتتىكى دەسلەپكى ئەۋرىشكە دەپ تىلغا ئالىمىز.

شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە غەربىي دىيارچە بۇددا تاشكېمىر بىناكارلىقى، ھەيكەلتاراشلىقى، رەسساملىقى، تەرجىمەشۇناسلىقى بىلەن مۇزىكا - ئۇسسۇل سەنئىتى شىمالىي ۋېي، شىمالىي چى، شىمالىي جۇ سۇلالىلىرى تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىندى.

كۆكتۈرك خاقانى مۇغانخاننىڭ قىزى ئاسىنا مەلىكىنى سىياسىي نەسەبىدىن بولغان جۇ سۇلالىسىنىڭ ئۇۋاڭ پادىشاھىغا ياتلىق قىلغاندا، مۇغانخان ئىنىسى ئىستەمى باشقۇرغان غەربىي دىيار ۋە غەربىي تۈرك يابغۇلىغىدىن كۆپلەپ سەنئەتچىلەرنى ئالدۇرۇپ كەلدى. ئۇنىڭغىچە، شىمالىي چى سۇلالىسى پادىشاھى گاۋۋى ھوزۇرىدا ساۋپولومىن، سياۋمياۋدا، ساۋشىڭنو قاتارلىق سوغدى مۇزىكانتلىرى بولغان. ئاسىناكۆسەنلىك سۇجۇپ، بەي چىڭتۇڭ، بەي ماندا قاتارلىق مۇزىكا نەزەرىيىچىلىرى ۋە كۆي ئىجادچىلىرىنى چاقىرتىپ ئېلىپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ، سۈي سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە سۇلى (قەشقەر)، كۈسەن مۇزىكىلىرى بىلەن بۇخارا - سەمەرقەند مۇزىكا - كۈيلىرىمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سەنئەت مۇنبىرىگە ھۆسن قوشتى. سوغدىلارنىڭ «چەش ئۇسسۇلى»، ساۋگاڭنىڭ بەرباپ ماھارىتى، ئەنلۇسەننىڭ ئەرەنچە ئۇسسۇلى ئەينى زامان سەنئەت گۈلزارىدا شۆھرەت قازانغان ئىدى. بىز كېيىنچە، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا مانىزىم مۇزىكىچىلىرىنىڭ ئىدىقۇت سەنئىتىگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقانلىقىنى كۆرىمىز. سەنئەت تارىخى بىزگە غەربىي دىيار، ماۋارائۇننەھر، شىمالىي قۇملۇق مۇزىكا - ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ خۇددى ئېتنىك تۇرمۇش مەدەنىيىتى ۋە فولكلور مەدەنىيىتىدەك بىر پۈتۈن مەدەنىيەت تۈركۈمى ۋە چەمبىرى ھاسىل قىلغانلىقىنى كۆرسەتتى.

11

سوغدىلار غەربىي تۈرك يابغۇلىغى زامانىدىلا سىياسىي ۋە دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرىگە جەلپ قىلىندى. ئۇلار يىپەك يولىدىكى چىۋەر مەدەنىيەتلىك خەلق، جاھانكەزدى ساياھەتچى ۋە سودىگەر، بىر قەدەر ئورتاق تىل ماھىرلىرى - تەرجىمانلار ئىدى.

568 - يىلى ئىستەمى خان (ياۋروپالىقلار دزابولخان دېيىشىدۇ) مانىئاخ ئىسىملىك سوغدىنى پارسقا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. ئۇ يىپەك يولى رىقابىتىدە پارس تۈرك تەڭ مەنپەئەتدار بولۇش توغرىسىدا توختام قىلىشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. ئەمما، بۇ قېتىملىق سەپەر مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىغاچقا، مانىئاخ داۋاملىق يول يۈرۈپ، ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى ساستىدىن I بىلەن كۆرۈشتى ۋە كونستانتىنوپولدىكى بۇ ئىمپېراتورغا ئىستەمىنىڭ سېكتاي يېزىقىدىكى دۆلەت خېتىنى تاپشۇردى. بۇ ئېھتىمال سوغدى يېزىقىدىكى مەكتۇپ ياكى ئورخۇن يېزىقىدىكى مەكتۇپ بولۇشى مۇمكىن. بۇ، 99 - يىلى كوشان ئەلچىسىنىڭ رىمغا بېرىشىدىن كېيىنكى يەنە بىر مۇۋەپپەقىيەتلىك دىپلوماتىيە پائالىيىتى بولدى. نەتىجىدە، ساسانىلارغا پايدىسىز تۈرك - ۋىزانتىيە ئىتتىپاقى تۈزۈلدى.

سوغدىلاردىن كاڭ دېيىن كۆكتۈرك يابغۇسەترابى، ئەنمۇرۇڭ، خې خىنۇ، شى شىنىنۇ قاتارلىق كىشىلەر كۆكتۈرك سانغۇنلىرى بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سوغدىلار شىمالىي سۇلالىلەر ۋە سۇي - تاڭ ئوردىلىرىغىمۇ خىزمەت قىلغان. شىمالىي ۋېي پادىشاھى تەيزۇ (386 — 404) ئەن نۇبەنتۇ نامىلىق بۇخارالىق سوغدىنى ئۆزىگە ۋەكالەتەن كۆكتۈرك خانلىقىغا ئەۋەتكەن. شىمالىي چى پادىشاھى گاۋۋى لىيۇشچىڭ ئىسىملىك سوغدىغا «بۇددانىرۋانا سوترىسى»نى تۈركچە تەرجىمە قىلدۇرۇپ كۆكتۈرك خاقانىغا سوغا قىلغان.

سۇي سۇلالىسى ئاخىرلىشۋاتقان، بۆھرانغا چۆككەن، ئەمما تاڭ سۇلالىسى تىكلەنمىگەن چاغدا ھاكىمىيەت ئالمىشىشنى سىلىق ئىشقا ئاشۇرۇش نىيىتىدە كاڭشاۋلى ( 康鞘利 ) ئىسىملىك سوغدى ئەرباب سۇي سۇلالىسى ئوردىسىغا ۋەكالەتەن تەييۇەنگە بېرىپ بولغۇسى تاڭ گاۋزۇڭ لى يۈەن بىلەن سۆھبەتلەشتى.

625 - يىلى تاڭ تەيزۇڭ لى شىمىن كۆكتۈرك ئېلخان ( 颉利可汗 ) ئەۋەتكەن ئەلچى بىلەن مەخپىي سۆھبەتلەشكەندە بۇخارالىق ئەن يۈەنشۇ ( 安元寿 ) ئىسىملىك سوغدى يالغۇز تەرجىمانلىق قىلغان. 630 - يىلى تاڭ تەيزۇڭ ئەن شيۇرېن ( 安修仁 ) ئىسىملىك سوغدىنى كۆكتۈرك خانلىقىغا ئورۇنباسار ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن.

يىپەك يولى سىياسىي مۇناسىۋەتلەر تارىخىدا سوغدىلاردىن جاسۇسلار، جاسۇسلۇققا قارشى ئىش يۈرگۈزگۈچىلەر، ھەرقايسى ھاكىمىيەتكە سادىق ياكى ئىسيان كۆتۈرگەن سەركەردىلەر بولغان. 721- يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ سوغدى سانغۇنى كاڭ دەيبىڭ ( 康待宾 ) ئىسيان كۆتۈرۈپ، بىر يىلدىن كېيىن باستۇرۇلدى. بۇ چاغدا «ئالتەغۇر ئايمىقى» ( 六胡州 ، ئېھتىمال «ئالتە سۇ» ئايمىقى ) بارلىققا كېلىپ، 7 — 8 تۈمەن سوغدى كۆتۈرۈلگەن. بۇلاردىن 2 تۈمىنى قىرىپ تاشلاندى. ئارىدىن 35 يىل ئۆتۈپ، 756 - يىلى ئەنلۇشەن قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى.

بىلگە قاغان زامانىدا ئاشىدلاردىن چىققان دانىشمەن ۋەزىر تونيۇقۇق ئاشىد(؟ — 711) سوغدى زېمىنىگە — سوغدىياناغا بارغان ئىدى.



ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى، بولۇپمۇ مانىزمنىڭ دۆلەت دىنى قىلىنىشى سوغدىلارنىڭ پائالىيەتچانلىقىغا ئىلھام بولدى. ئېيتىش كېرەككى، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىلا دۇنخۇاڭ، گۇزاڭ (لياڭجۇ)، تەيۈەن تەرەپلەردە سوغدى ئاھالە رايونلىرى — سوغدى پېرچەكلىرى خېلىلا كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغان. ھەتتا دۇنخۇاڭدا ساۋ جەمەتى (كابودانە) تۈركۈمى كۆچىيىپ لياڭجۇ شەھىرىگە كۆپلەپ كىرىپ ئورۇنلىشىپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى بىلەن بۇ شەھەرنى تالاشقان. شىمالىي ۋېي پادىشاھلىقى (445 — 534) لياڭجۇدىكى سوغدىلارنى تۇيۇقسىز تۇتقۇن قىلغاندا دۇنخۇاڭدىكى سوغدى ئاقساقىلى ھوزۇر بىلدۈرۈپ، تۇتقۇنلارنى كەچۈرۈم قىلدۇرغان.

كۆكتۈرك خانلىقى دەۋرىدىكى شىمالىي قومۇلۇقتىكى سوغدىلارنى تۇڭا تېكىن باستۇرغان ئىدى. بۇ چاغدا سوغدىلار بايقال كۆلىنىڭ شىمالىدىكى ئەنقار ۋادىلىرىدىمۇ ماكان تۇتقان. ئۇلار يەنە دۇنخۇاڭدىن باشقا، شېڭجۇ ( 圣州 )، يۇجۇ ( 幽州 )، يىڭجۇ ( 营州 )، ئەندىڭ ( 安定 )، لياۋزۇ ( 辽左 ) دىمۇ نۇرغۇن سوغدىلار بولغان.

630 - يىلى كۆكتۈرك خانلىقى ھالاك بولغاندا سەككىز تۈمەن سوغدى تاڭ سۇلالىسى زېمىنىگە كۆچكەن. ئۇلار ئاساسەن «ئالتەغۇر ئايمىقى»غا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

سوغدىلارغا ئائىت مەلۇمات ھەتتا «تونيۇقۇق»، «مويۇنچۇر»، «بىلگە خاقان» مەڭگۈ تاشلىرىغا چېكىلگەن. «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»دا: «سوغداق بودۇن قاپ كېلتى» دېگەن ئىبارە؛ «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى»دا: «سوغداق تابغاچقا سېلىنگادا باي بالىق بېردىم»؛ قوشۇسايدامدىكى «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»دا: «سەككىز يىگىرمە ياشىمدا ئالتە سوب سوغداققا تاپاسۇلەدىم» (قوشۇن تارتتىم)، دەپ يېزىلغان. بۇخارالىقلار «بوقاراق

ئولۇس» دەپ يېزىلغان. بۇ، دۇڭخۇاڭدىن تاكى سىلىنگا ۋادىسىغىچە يۇزمىڭدىن ئارتۇق ئولتۇراق سوغدىلارنىڭ بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

دۇڭخۇاڭدا X ئەسىرنىڭ بېشىدىلا ساۋجەمەتى پادىشاھلىقى قۇرۇلۇپ، بىر ئەسىرگە يېقىن، بىرقانچە ئەۋلاد سەلتەنەت سۈردى. ئۇلار:

ساۋرېنگۇي (曹仁贵، 914 — 920)

ساۋ يىجىن (曹议金، 920 — 935)

ساۋ يۈەندې (曹元德، 935 — 940)

ساۋ يۈەنشىن (曹元深، 940 — 945)

ساۋ يۈەنجۇڭ (曹元忠، 945 — 974)

ساۋ يەنگۇڭ (曹延恭، 974 — 978)

ساۋ يەنلۇ (曹延禄، 978 — 1002)

ئېيتىش كېرەككى، يەنە ساۋشىنشۇن (曹贤顺) دېگەن سوغدى خاننىڭ بولغانلىقى، ساۋ فامىلىسى 1023 - يىلىدىن كېيىنلا «شاجۇ ئۇيغۇرى» دېگەن ئىبارە بىلەن ئالماشقانلىقى مەلۇم. «كونا بەش دەۋر تارىخى»، «يېڭى بەش دەۋر تارىخى»، «ئۇيغۇر تەڭرى خاقانغا يوللانغان مەكتۇپ»، «ساۋيىجىننىڭ ئۇيغۇر ۋەزىرلىرىگە يوللىغان مەكتۇبى» بىلەن ساۋيۈەنجۇڭ (945 — 974) زامانىدا دۇڭخۇاڭغا قىزىلغان مەخسۇس ساۋ — ئۇيغۇر — خوتەن خانلىرى قۇدا - باجىلىق، دوستانىلىق مۇناسىۋىتىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ياسالغان (61 - نومۇرلۇق) تاشكېمىردىكى رەسىم ۋە بېغىشلىمىلارغا قارىغاندا، ساۋيىجىن گەنجۇ ئۇيغۇر شۇنخۇا خاقان (928 — 933) بىلەن ئاتلا بالا دېيىشىپ، قىزى (جۈملىدىن ئاچا - سىڭىل) بېرىشىپ، تۇغۇلغان پەرزەنتلەر خانلىق سەلتەنىتى سۈرۈشكەن. خوتەن تەختىدىن خان (天册皇帝) نىڭ ئۈچىنچى قىزى ساۋيىجىن خانغا، ئۇنىڭ قىزى خوتەن خانىغا خانىش بولغان. ساۋيىجىن ۋە ساۋيۈەنجىنڭ ئاياللىرىنىڭ بىرى گەنجۇ ئۇيغۇر خانى، بىرى خوتەن خانىدىن كەلگەن مەلىكىلەر ئىدى.

دۇڭخۇاڭ مانى سوغدى ھاكىمىيىتى تىنچ - ئىناق ۋە خەلقئارا سودا سىياسىتى يۈرگۈزۈپ زور دەرىجىدە بېيىغان. كېيىن ئۆزلۈكىدىن «ساجۇ (قۇمئاتا) ئۇيغۇرى» دەپ ئاتالغان. 1127 - يىلى «ئالتۇن خانلىق تارىخى» دا «شاجۇ ئۇيغۇر خۇلاسان قاغان (沙州回鹘活剌散可汗) قۇمئاتا ئۇيغۇر خورسان خاقان؟ خوراسان خاقان؟» دېگەن نام ئۇچرايدۇ. بۇ 1073 - يىلى دۇڭخۇاڭنى غەربىي شىيا خانلىقى ئىگىلىگەندىن كېيىنمۇ، بۇ يەردە ئۇيغۇر ۋە ئۇيغۇرلاشقان سوغدىلارنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، بىزنىڭ دىققىتىمىزنى دۇڭخۇاڭدىكى سۇلې (قەشقەر) — «سوۋلاغ»، شەھىرى سەبىنستىنىڭ بۇخارا ئارىسىدىكى قەشقەر دەريا، شىنجاڭدىكى قەشقەر («تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «سوۋلاغ») دىن ئىبارەت ئۈچ نامنىڭ بىر خىل ئاتىلىشى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. تاڭ زامانىدا شۆھرەت قازانغان قەشقەرلىك تىلشۇناس فېي خۇيلان «نوم سىماتىكىسى» ناملىق ئەسىرىدىلا قەشقەرنىڭ نامىنى «كاشى كالى (迦师佶黎)» دەپ يازغان ئىدى. ماۋارائۇننەھردىكى «قەرشى» شەھىرىمۇ قەشقەر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىغا جايلاشقان ئىدى. زەرەپشان دەريالىرىنىڭ بىرى يەركەنتكە (يەركەن دەرياسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ). بىتىرى ماۋارائۇننەھرگە جايلاشقانلىقىمۇ تاسادىپ بولمىسا كېرەك. بۇ بىزگە سوغدىلار بىلەن غەربىي دىيار ۋە دۇڭخۇاڭ، گەنجۇ، ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى ئېتنىك ۋە تارىخي يېقىنلىقنى ئۇقتۇرىدۇ.

## 13

سوغدىلار يىپەك يولىدىكى ئەنئەنىۋى خەلقارا سودىدا ئومۇمىتى ئېتىبارىغا ئېرىشكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ يېقىن يارىدەمچىلىرى ئىدى. ئۇيغۇر — توخار — سوغدى سودىگەرلىرى باشقا بوستانلىق سودا تىجارەتچىلىرىدەك يۇز ماكانىدا دۇكان - ساراي ئېچىپ سودا قىلىشتىن ھالقىغان ھالدا يۇرت كېزىپ، شەرقتىن - غەربكە، شىمالدىن جەنۇبقا قاتناپ يىپەك يولىنى ھەقىقىي راۋان ۋە گۈللەنگەن ھاياتىي مەنزىرىگە ئىگە

قىلدى. ئەگەر يىپەك يولى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى ئىسكەندەر — دارا — خەنۇۋدى — ئاسوكا قاتارلىق ئىمپېرىيىلەر نامى بىلەن ئىپچىلغان دېيىلسە، ئۇلار قاچان يىپەك يولىدا ئۇيغۇر — سوغدى كارۋانلىرىدەك دوستانە، دائىمىي، ئۈزۈن يوللۇق ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ ئارقاق ۋە ئۆرۈشكە يىپ تارتىپ، ئۇستىگە گۈل چەككەن؟ ۋىزانتىيەدىن خەن، تاڭ سۇلالىلىرىغىچە يىپەك يولى كارۋان سودىسىدا داڭ چىقارغان قايسى كارۋان ئاقساقىلى نامىنى كۆرسىتىش مۇمكىن؟! يىپەك يولى شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، غەربىي تۈرك ياپغۇلىغى دەۋرىدە، ھەر قايسى ئۇيغۇر خانلىقلىرى دەۋرىدە ھەقىقىي ھەممە تەرەپلىمە كېڭەيدى ۋە گۈللەندى. ئۇيغۇر — سوغدى كارۋانلىرى بايقالنىڭ شىمالىدىن چاڭجاڭنىڭ جەنۇبىي ۋە دالى پادىشاھلىقىغىچە، قىپچاق دالاسىدىن ھىندىستانغىچە، قاش قاپقىدىن رىمغىچە قاتناپ يول، ئۆتەڭ، بازار، رابات، پوچتا، پۇل مۇئامىلىسى، ھەتتا قاراقچىغا قارشى قوغدىنىش تەشكىللىرىنىڭچە ئىجادىيەت خاراكتېرلىك تۆھپە قوشقانلىقىنى ئىنكار قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار تىببىي داۋالاش، كىتاب تەرجىمىچىلىكى، سەنئەتكارلىق، تېخنىلوگىيە تارقىتىش قاتارلىق تۆھپىكار ساھەلەرنىمۇ مۇشۇ كارۋانكەشلىك باش مىلودىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ باردى. قايسى سالنامە بۇ جەھەتتە ئۇيغۇر — سوغدى كارۋانكەشلىرىدىن غالىپ كەلگەن، بۇ غالىبلىقنى ئەسىرلەر قويىنىدا ساقلىغان ئىككىنچى ئېتنىك تۈركۈمنى ياندىشتۇرۇشقا پاكىت ئاتا قىلالايدۇ؟

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك پادىشاھلىرى ھەربىي قۇدرەتكە لازىملىق ئات ئېھتىياجى ئۈچۈن، رىم - ۋىزانتىيە ئىمپېراتورلىرى ھەشەمەتلىك تۇرمۇشقا كېرەكلىك تاۋار — كىمخاپلار ئۈچۈن بۇ سودىغا قىزىققاندا، ئۇيغۇرلار بۇ ئىككى تەقەززانى كارۋان سودىسىنى رىقابەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىۋالدى.

يەنە شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، ئۇيغۇر - سوغدى سودىگەرلىرى ئوتتۇرا دېڭىز، مېسوپوتامىيە، ماۋارائۇننەھر — غەربىي دىيارلاردا ئورتاق ئىناۋەتلىك پۇل ۋە چەك يولغا قويغان، ياڭگۇن قوۋۇقى ئىچىدە بولسا مالغا مال (مەسىلەن ئاتقا تاۋار — دۇردۇن) تېگىشىدىغان سودا شەكلى يولغا قويغان ئىككى خىل خەلقئارا سودا مۇھىتىدا كارۋان سودىسىنى ئاقساتمىدى، مال ۋە پۇل نىسبەت قىممىتىنى ماھىرلىق بىلەن ئىگىلىدى.

يەنە شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، ئۇيغۇر - سوغدى سودىگەرلىرى نوقۇل مال ئالماشتۇرغۇچىلارلا ئەمەس، بەلكى تەرەققىي تاپقان يېزا ئىگىلىك، قازا مال چارۋىچىلىقى، ھۈنەر سازلىق ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىغىمۇ ئىگە ئىدى. يىپەكچىلىك، يىپەككە زەر كىمخاپ ئىشلەش، يۇڭ ۋە كەندىر توقۇمىچىلىقى، بولغارى - ئەلتىرى - مېخمالچىلىق، زەرگەر كاسىپچىلىقى، شىشەچىلىك، قاش ۋە بەدەخشان ياقۇتچىلىقى، ئېنبار، ئەنبەر ۋە دورا پۇرۇشلۇق، پاختا توقۇمىچىلىقى، گىلەمچىلىك، ھەربىي ئەسلىھە ھازىرلاش، قەغەزچىلىك، مەي - ھاراق ئىشلەش جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈك ئۇيغۇر - سوغدى كارۋان سودىسىغا كەڭ بازار ۋە خېرىدار تاپاتتى. ئۇيغۇر - سوغدى سودىگەرلىرى سودا ئەخلاقىدا ئىناۋەت ۋە ئىشەنچ قازانغان ئىدى.

ئۇيغۇر - سوغدى سودىگەرلىرى تەشكىللىك پائالىيەت قىلدى. ئۇلار «سارتپاۋ (萨宝)» دەپ ئاتىلىدىغان (كارۋان ئاقساقىلىنىڭ تىجارەت ياكى كارۋان باشقۇرۇشىدا ئىش ئېلىپ بېرىشاتتى. يا قايۇرتلاردا باشقا خەلقلەرنىڭ رىئال ياكى تارىخىي مەنپەئەتىگە چاڭ سالىدىغان، ئۇلارنىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتىنى بۇلغايدىغان نامەرتلىك، ئاچكۆزلۈك، بىزەڭلىك ۋە پەسكەشلىكلەرنى ئەمەس، ئەكسىچە، مېھماندوستلۇق، ساخاۋەتكويلۇق، كېسەل داۋالاش، ئىنساپ - قىنائەت، تۇرمۇش مەدەنىيىتى ۋە پاكىزلىقتا ئالىپتە بولۇش قاتارلىقلارنى كارۋان ئاقساقاللىرى قاتتىق تىزگىنلىگەچكە، ئۇلار نەپرەتلىنىدىغان شاماللار كۆتۈرۈلمەيتتى.

چاڭئەن - لوياڭلاردىكى قەۋرە تاشلىرى ئىچىدە «تەرساماها»، «چوكابىدۇ» دېگەندەك سارتىباۋ - كارۋان ئاقساقاللىرىنىڭ بۇ يەرنى تۇپراق قىلىپ كۆمۈلگەنلىكى يېزىلغان. تەيۈەندىكى كاڭ ۋۇتۇڭ ( 康武通 ) قەۋرە تېشىغا قارىغاندا ئۇ ھەم كارۋان بېشى، ھەم بۇ يەردىكى مانىزىم چىقىملىرىنى تەمىنلەيدىغان ئىقتىسادىي ھامىي بولغان.

«تاڭ تارىخىنىڭ مۇھىم بايانلىرى»دا سوغدىلارنىڭ ئۆز بالىلىرىنىڭ ئاغزىغا ھەم ئالقانلىرىغا كىچىكىدە ھەسەل سۈركەپ، سۆزىدە شېرىن - سۆخەن بولۇش، ئالدى - ساتتىدا قولىدا پۇل چاپلىشىپ قالغاندەك مەنپەئەت كەلتۈرۈش، دەيدىغان ئىرىمى بارلىقى، بالا يىگىرمە ياشقا كىرگەندە، ئۇلارنى كارۋانغا قوشۇپ يىراق سەپەرلىك سودىنى ئۆگىتىدىغان ئادەت بارلىقى يېزىلغان. بۇ، ئۇيغۇرلارغىمۇ ئوخشاش ئادەت ئىدى.

ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلىپ، كۆپلىگەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى شىمالىي قۇملۇقنى تاشلاپ غەربىي دىيارغا يۆتكەلگەندىن كېيىن، شىمالىي قۇملۇقتا ھاكىمىيەت، ھەتتا قۇدرەتلىك ئىمپېرىيە قۇرغان ھېچبىر خەلق ئىلگىرىكى ياكى غەربىي دىيار ئۇيغۇر خانلىقلىرى دەۋرىدىكىدەك يىپەك يولى گۈللەنگەن مەنزىرىنى بەرپا قىلالمىدى. قىرغىز، نايمان، موڭغۇل خانلىقلىرى دەشتى قىپچاق، خارازىم ھەتتا رۇس زېمىنلىرىنى كۈچلۈك قوشۇن بىلەن پەتھ قىلغان زامانلاردىمۇ تارىختا خەلقئارا سودا - ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ساھەلىرى ئوبرازىنى تىكلىگەن ئەمەس. بۇ ھەممە خەلق تارىخچىلىرى ئىنكار قىلالمايدىغان تارىخىي چىنلىقتۇر. ھازىرقى كۈندىمۇ، نەچچە ئەسىر ئۇخلىغان «ئەسھە بۇلكەھەب»دەك، يىپەك يولى ئالاقىلىرى پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ؛ ھېچبىر ئۇيغۇر ئەۋلادى خەلقئارا سودا بىلەن شۇغۇللانمىغان 5-6 يۈز يىلدىن كېيىن، يىپەك يولى قايتا ئېچىلغاندا، ئۇيغۇرلاردىكى بىر قاتار خەلقئارا سودا تىجارەت ئەۋزەللىكى ۋە ماھىرلىقى خۇددى ساقلانغان ئېتنىك ئىرسىي ئىقتىداردەك ئۆزىنى قايتا نامايان قىلماقتا.

ئۇيغۇر - سوغدىلارنىڭ ئىران سودىگەرلىرىدىن ئۈستۈنلۈك قازانغان يىراق مۇساپە، ھەر خىل خەلقلەر ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان سودا ماھارىتى قەدىمكى ئىسسىمىلىيان - سىكتاي (ساك) «ئات مەدەنىيىتى»، جاھانكەزدىلىكى، شەھەر - قەلئە - ھۈنەر - سەنئەت مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ۋارىسلىقى ئاساسىدا راۋاجلاندى. ئۇنىڭسىز قەدىمكى ئاسۇرىيە پادىشاھى سارماناسار تامغۇسىدىكى تىبەت كالا - قوتازى، تەكلىماكان قوش لوكىلىق تۆگىسى ئوبرازى بىلەن ھازىر ئوتتۇرا دېڭىزغىچە ستىخىيىلىك ھالدا تارقالغان ياش ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ پائالىيەتچانلىقىنى ئىزاھلاش قىيىن. مەلۇم مەنىدە ئۇ مەخسۇس خەلقئارا ئىقتىساد بىلىم دەرگاھلىرىدا يېتىلدۈرگىلى بولمايدىغان ئېتنىك رىقابەت ئەۋزەللىكى بولۇپ، تەربىيە ئارقىلىق مۆجىزىدار ئۈنۈمگە ئېرىشتۈرۈش مۇمكىنلىكى روشەندۇر.

14

سوغدىلار ئىشلەتكەن «سوغدى يېزىقى» «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى»غا ئاساس سالغان ئىدى.

مەلۇمكى، يېزىق بىر خىل مەنە ئىپادىلىگۈچى سىمانتىك ئىقتىدارغا ئىگە بەلگە - تامغىدىن ئىبارەت. ئەڭ ئىپتىدائىي ئادەمنىڭ قول ئىشارىتى، توتېملىق نۇسخىلىرى، توقۇتاق - تۈگۈن ۋە سىزىقلىرىدا تولۇقسىز بولسىمۇ سىمانتىك ئالامەتلەر ساقلانغانلىقىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ.

ئارخېئولوگىيە ۋە قىيا چەكمىلىرى تەتقىقاتىدىن ئارى - ساك، دىخار - دىڭلىڭ، خۇجىيە خۇر ئەجدادلىرىدا بۇنداق ئىپادىلەش ۋە خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىنىڭ بولغانلىقىنى، كىشىلىك تارىخىدا سۇمېرلارنىڭ لاي تاختىلارغا يازغان يېزىقىنىڭ مىلادىدىن 3 مىڭ يىل ئىلگىرىلا بىخلىغانلىقىنى بىلىمىز. مەركىزىي ئاسىيادىن مىسوپوتامىيىگە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

كۆچكەن سومېرلار بىلەن باشقا ئارى - ساكلار ئارىسىنى يېزىق جەھەتتە 4 - 5 مىڭ يىل ئايرىۋېتىش قىيىن.

بىزگە ھازىر ئېنىق بولغىنى ئاتالمىش «ئورخۇن يېزىقى» بولۇپ، بۇ يېزىق سىكاندىناۋىيىدىن تېپىلغان قەدىمكى گېرمان - رونىك يېزىقىغا ئوخشاپ كەتكەچكە، يەنە «ئورخۇن - رونىك يېزىقى» دېيىلمەكتە. ف. ئېنگېلسنىڭ «دەسلەپكى خىرىستىيان» ناملىق ئەسىرىدە نېمىسلارنىڭ مەركىزىي ئاسىيادىن يىراق ئۆتمۈشتە يۆتكەلگەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. ئۇگۇر - فىنلاردىمۇ شۇنداق يۆتكىلىش ھادىسىسى بولغانلىقى روشەن. «ئورخۇن - رونىك يېزىقى» تۇرپان، يەنسەيدىن، تالاس - سىر دەريا ۋادىلىرىدىنمۇ تېپىلغاچقا، ئۇنى نوقۇل «ئورخۇن» بىلەن چەكلەش بىر تەرەپلىمىلىك بولاتتى. بۇ يېزىقتىكى بىر قاتار ئالامەتلەر قىيا تامغۇلىرى ۋە بۇيۇم نۇسخا - نەقىشلىرىدە كۆرۈلگەن.

«سوغدى يېزىقى» — قەدىمكى سومېرلار يېزىقى سىستېمىسىدىكى يېزىق بولۇپ، يېزىق تەدرىجىي تەرەققىياتى بويىچە قەدىمكى فىنىك يېزىقى، ئۇندىن كېيىنكى سام - ئارامى يېزىقى، ئۇنىڭ پارسلار ئۆزگەرتكەن پەھلىۋى يېزىقى ئاساسىدا، تەخمىنەن ئېفتالىتلار دەۋرىدە بۇ يېزىقنى ئىجاد قىلغان. ئۇنىڭغىچە غەربىي دىيار ۋە كوشانىيىدە قارۇشتى يېزىقى قوللىنىلغان بولۇپ، لوپ - مىران - كرورىنا سوغدىلىرىمۇ قارۇشتى يېزىقىنى ئىشلەتكەن ئىدى. بۇ يېزىق ئىۋالىيۇتسىيىسى بىزگە ئۇيغۇرلار ئىزچىل يوسۇندا سومېر - ئارامى يېزىق سىستېمىسى ئىچىدىن ھالقىمىغان ھالدا يېزىقلار ئالماشتۇرغان ياكى ئىسلاھ قىلغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

سوغدى يېزىقىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى يىپەك يولى ئالاقىلىرىنىڭ ئومۇمىي تەقەززاسى ئىدى. بۇ ھەتتا دۇنيادا بىرىنچى بولۇپ ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا مىق مەتبە ھەرپلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى، بۇنىڭ مىللەت ۋە دۆلەتتىن ھالقىغان يىپەك يولى مەدەنىيەت باغلىنىشى تەقەززاسى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. شۇندىن باشلاپ، ئايرىم سوغدى يېزىقى دەۋرى ئاخىرلىشىپ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى سودا، ۋەسىقە، دىن، سەنئەت، تۇرمۇش، ئىلىم - پەن، ھاكىمىيەت ۋە دىپلوماتىيە يېزىقى سۈپىتىدە «ئالتۇن يارۇق» دىن «قۇتادغۇ بىلىك»كىچە، ئەنزاك، سۈيىنچ قىيا قاتارلىق «خەنلىك ئاكادېمىيىسى» ئەزالىرىدىن ئەلفەرغانى، ئەلفارابى قاتارلىق قاھىرە ۋە دەمەشق ئىلىم مۇنبەرلىرىنى لەرزىگە سالغان ئالىملارغىچە، دۇڭخۇاڭ - ئىدىقۇت قولىيازمىلىرى، بۇددا - مانى قائىدە - نىزاملىرىدىن «چىڭگىزخان جاساقى» لىرىغىچە يىپەك يولى دۆلەت ھالقىغان يېزىققا ئايلاندى. چىڭگىزخان چەۋەندازلىرى ئايىغى يەتكەن زېمىندا، ئۇيغۇر ئالىم - باقشىلىرىنىڭ قەغەز - قەلەملىرى ئۈزۈلمىگەنلىكى، بۇ يېزىقنىڭ خەلقئارا ئىناۋىتى ئۈچۈن دەلىل ئىدى. مۇشۇ يېزىق بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇيغۇر - تۈركىي تىلى ئەرەب ئىمپېرىيە تىلى بىلەن «بىر بەيگىدىكى ئىككى ئات» مەنزىرىسىنى ئالدى. ئۇيغۇر ئالىمى تاتاتۇڭا، مودابىلو نايمان تايانخانغا، چىڭگىزخانغا بۇ يېزىقنى ئۆگەتتى. موڭغۇل يېزىقى، كېيىنچە مانجۇ يېزىقى ئۇلار چىڭگىز ئىمپېرىيىسى ۋە بوغدا ئىمپېرىيىسى سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە چىققاندا ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا ئىجاد قىلىندى.

سوغدى تىل - لېكسىكىسى ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىبىگە ئىلگىرىدىن يېقىن ئىدى ۋە داۋاملىق سىڭىپ تۇردى. تىل فوندىنىڭ بېيىشى بىلەن سوغدى خەلق ئەدەبىياتى ۋە ھېكايەت - رىۋايەتلىرى ئۇيغۇر بەدىئىي تەپەككۇر خەزىنىسىنى بېيىتتى. ليۇيتاڭ ئەپەندى «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ئەسىرىنىڭ 544 - بېتىدە: «ئۇيغۇر تىلى بىلەن سوغدى تىلى ئېگىچە - سىڭىل تىللار» دەپ يازدى. بۇ ئېتىراپ قىلىشقا تېگىشلىك ھەقىقەتتۇر. شۇنىڭدەك، بۇ «چاغاتاي تىلى» دەك ئەرەب - پارس تىل ئامىللىرى تەسىرىدىن تۈپتىن پەرقلىق بولغان ئۆز ساك - تۇران تىل ئامىللىرىنىڭ تەسىر قىلىش ۋە

جۇغلىنىش مەسىلىسىدىن ئىبارەت.

15

ئەرەب - ئىسلام ئارمىيىسىنىڭ ساسانىيلارنى ھالاك قىلىپ، سوغدى زېمىنىغا كىرىشى ئىسكەندەر يۈرۈشلىرىدىن مىڭ يىل كېيىن بولغان ناھايىتى كاتتا دەھشەت پەيدا قىلدى. ئەرەبلەر ئىسكەندەردەك مېتراپولىيە (ھاكىملىق) ھوقۇقىدىن باشقا، دىن ئالماشتۇرۇشنى شەرت قىلدى.

ئەرەب ئىستىلاسىغا قارشى جەڭگە كۆلتېكىن باشلىغان كۆكتۈركلەر ئاتلانغان بولسىمۇ، مۇھىمى تۈركەش، قارلۇق، ياغما، ئارغۇلار، جۈملىدىن سوغدىلار ئالدىنقى سەپتە ئۇزاق مۇداپىئە جەڭلىرىنى داۋاملاشتۇردى. ئەرەبلەر ھەتتا «ياغما»لارنى ئاسماندىن بالا ياققاندەك باستۇرۇپ كېلىدىغان «تالان - تاراج قىلغۇچىلار» دەپ تەسۋىرلەشكە مەجبۇر بولدى. بۇ ئىسكەندەرنىڭ ئۇيغۇرلارنى «ئالدىغىمۇ - ئارقىغىمۇ بىردەك ئوق ئاتىدىغان (خۇد - خۇر، لار» دەپ تەرىپلىگىنىدىن كېيىنكى يەنە بىر تەئەججۇبات ئىدى. ۋەھالەنكى، ستەيىن مىراندىن تاپقان ئۈچ بەتلىك تېكىستتە «ياغمىش تۇتۇق» ناملىق ئۇنۋانلىك بەگ نامى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» (3 - كىتاب) دا تىرازدا «ياغما» ناملىق يۇرت بارلىقى، ۋاڭ يەندىنىڭ «قوچۇغا ئەلچىلىك خاتىرىلىرى» دە، قوچۇدا ياغمىلار ياشىغانلىقى، «قۇتادغۇبىلىك» تە ياغما كۈچلۈك قەبىلە ئىكەنلىكى، «ھۇدۇدىلئالەم» دە قاراخانىلارنىڭ ياغما پادىشاھلىرى ئىكەنلىكى ئېنىق تىلغا ئېلىنغان.

ئەرەب قوشۇنلىرى خوراسان قاراتۇغلۇق تۈرك قوشۇن سەركەردىسى ئەبۇمۇسلىمنىن ھەمكارلىقىدىلا ماۋارائۇننەھرگە قەدەم باسالىدى. بۇ جەڭدە مانى ۋە زارائاستىرىزمغا ئېتىقاد قىلغۇچى نەچچە مىڭ يىللىق يەرلىك بۇخارا - سەمەرقەند - شەھرىسەلىس، پەنجىكەنت سوغدىلىرى يەتتە سۇ - تالاس - چۇ ۋە قەشقەر ۋادىلىرىغا كۆچۈپ يۆتكەلدى. ئەرەبلەر خوراسان مەرۋى ۋىلايىتىنىڭ نائىبى تاجىك سامانىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئەسئەت سامانىنى ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى، نوھ، يەھيا، ئىلياس، ئەھمەد سامانى سوغدى - پەرغانە، تاشكەنتكە نائىپلىق قىلىپ، بۇخارا ئەتراپىغا «كەمپىر دىۋار»، سەمەرقەند ئەتراپىغا «دىۋارى قىيامەت» سېپىللىرى بىلەن سۇ يوللىرىنى قوغدايدىغان «تەۋاۋس» ناملىق ئىستىھكام قۇردى. نەتىجىدە ئىسمائىل سامانى زامانىغا كەلگەندە زەرەپشان - قەشقەر - سۇرخان دەريا ۋادىسىدا سوغدى ساكلىرى (تۇرانلىرى) ئورنىغا تاجىك نەسەبلىك سامانىلار ھۆكۈمران قاتلىمى مەيدانغا كەلدى. سەمەرقەند - بۇخارادا بىرقانچە قېتىم ئەرەب - سامانىلارغا قارشى قوزغىلاڭلار بولدى. ئىسمائىل سامانى (874 — 907 - يىلى) زامانىدا بالاساغۇن، ئىسپىجاب (سايراپ)، ئوترار، تىراز، قىندىركەنت (يەسسە) ئالدىنقى سەپ قىلىنغان قاراخانىلار خاندانلىقى مەيدانغا كەلدى. تۈرك قوشۇنلىرىغا تايىنىش پۈتۈن ئابباسى خەلىپىلىكى ئۈچۈن ئومۇملاشقاندەك، ئىسمائىل سامانىمۇ فايىققا ئوخشىغان مۇسۇلمانلاشقان تۈرك سەردارلىرىغا يۆلەنگەن ئىدى.

ماۋارائۇننەھرنىڭ تولۇق ئىسلاملىشىشى يەرلىك سوغدى، «توققۇز جاۋۇپ» — توققۇزغۇزلارنى بالاساغۇن، بارساغان، قەشقەر، ئاتۇشقا كۆچۈشكە ئېلىپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ، خۇددى ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى «شاھنامە» دە سەمەرقەند - خوتەن (ماچىن) شەھەرلىرىنى ئەپراسىياپ تۇران شەھەرلىرى دەپ ئاتىغاندەك، قاراخانىلارمۇ ئۆز سەلتەنىتىنى «ئىددەۋلەتى ئەپراسىياپ» دەپمۇ ئاتاشتى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» دە ئەلپ ئەرتۇڭاخان - ئەپراسىياب بىر كىشى دەپ كۆرسىتىلدۇ. قاراخانىلارنىڭ سۇلتان ساتۇق بۇغراخاندىن باشلانغان سامانىلارغا قاراتقان ھەربىي يۈرۈشلىرى «قولدىن كەتكەن زېمىننى قايتۇرۇپ ئېلىش» شۇئارىدا ئېلىپ بېرىلدى. خۇددى

www.uyghurkitap.com

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا قەيت قىلىنغاندەك، سوغدىلار ياغما ۋە باشقا ئۇيغۇر خەلقىغە سىڭىپ ئاخىرلاشقان ئىدى. جۇڭگو يىلنامىلىرىدا سوغدى ئىبارىسى غايىپ بولغاندەك، تاجىك (تاجى) ئېتنونىمى پەيدا بولدى. ۋەھالەنكى، توخار ئىبارىسى يۇرچى ئىبارىسى ئورنىدا IV — VI ئەسىرلەردە — شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدا پەيدا بولۇپ، «توققۇز ئۇيغۇر جاۋۇپلىرى» ئىبارىسى بىلەن ئىستېمالدىن قېلىشقا باشلىغان ئىدى.

قاراخانىلارنىڭ پۈتۈن كۆسەندىن كوپېت تاغلىرىغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىككى ئەسىردىن ئارتۇق دەۋرى مەلۇم مەنىدە ئۇيغۇرلار تەركىبىدىكى سوغدىلارنىڭ ئارىدا بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن قەدىمكى ماكانلىرىغا قايتقان دەۋرى بولدى. بۇ دەۋر چىڭگىزخان - چاغاتاي، تۆمۈرىلەر دەۋرىدىمۇ ئىزچىللاشتى.

16

سوغدىلار ماۋارائۇننەھر، يەتتە سۇ - يەنسەي، غەربىي دىيار، دۇڭخۇاڭ - ئالتە سۇ، ئورخۇن - سېلىنگا ۋادىلىرىدا ئىزچىل يوسۇندا ئۇيغۇرلار بىلەن قوشۇلۇپ ياشىدى. نىكاھلىق مۇناسىۋىتى ئۈزۈلمىدى.

ئۇيغۇر ئورخۇن خانلىقى تەبىئىي ۋە تاشقى بوھران ئامىللىرىدىن باشقا، مۇھىمى ياغلىقار ۋە ئادىز قەبىلىلىرى ئارىسىدىكى ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرىشى ۋە قىرغىز قوشۇنلىرىنىڭ باستۇرۇپ كىرىپ، قارا بالاساغۇنغا ئوت قويۇشى بىلەن مۇنقەرزلىككە پاتتى.

تارىخ شۇنداق ھېكايەت يارىتىپكى، ئۇيغۇر ياغلىقار قەبىلىلىرى بىلەن ئادىز ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقچىلىرى ئارازلىشىپ، ئورخۇن - سېلىنگا بويىدىن بۆلۈنۈپ كۆچۈشتى. شەرقىي ۋە جەنۇبىي تەرەپكە باش - پاناھسىز كۆچكەن ۋە يۈز ماكانىدا يۆتكىلەلمەي قالغانلىرىنى ھېسابلىمىغاندا، ياغلىقار تۈركۈمى گەنجۇ - دۇڭخۇاڭ تەرەپكە، ئادىزلار تۈركۈمى بېشبالىق (قۇجۇ) — كۆسەن، قەشقەر - بالاساغۇن تەرەپكە يۆتكەلدى. بۇ ئەسلى ماكاندىكى ھاكىمىيەت مەركەزلىرىنىڭ ۋە ئاھالە تۈركۈملىرىنىڭ يۆتكىلىشى بولۇپ، ئېھتىمۇ كەڭ مەنىدە ئورخۇن - سېلىنگا ۋادىسىمۇ يەنە بىر قەدىمكى تۈركىي خەلق - قىرغىزلار قولىغا ئۆتكەن ئىدى. بۇ يۆتكىلىشتە، بىرىنچىدىن، ئۇيغۇر - سوغدى ئايرىلمىدى، ئايرىم سوغدى قەبىلىلىرىمۇ كۆچتى دېگەن تارىخىي ئۇچۇر بولمىدى، سوغدىلار ئۇيغۇر تەركىبىدىكى ئەۋلاد سۈپىتىدە كۆچتى. ئىككىنچىدىن، قەدىمكى ئاتا ماكان دۇڭخۇاڭ - ئىدىقۇت - كۆسەن - قەشقەر - سىر دەريا بويلىرىغا كۆچتى. بۇ سوغدىلار ئۈچۈنمۇ ئانا ماكان ۋە روزىغار يۇرت ئىدى. ئۈچىنچىدىن، ئۇيغۇرلار — ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ھاكىمىيەت شەكلىدە تەشكىل تاپقان ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى توققۇز - ئون ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تەركىبىدە ئىسمى تىزىلمىغان ئادىز، توخار، سوغدى، ساك خەلقلىرى بىلەن ئىلگىرىكى ئەجداددىشلىقتىن تاشقىرى يېڭى ئەۋلاددىشلىق تەركىبى تەشكىل قىلدى. تۆتىنچىدىن، ئۇيغۇر خەلقى قايتىدىن گەنجۇدىن تاشكەنت، پەرغانە، كەشمىر، بالقاش دىيارىغىچە بىر پۈتۈن يىپەك يولى شەھەر - بوستانلار تىزمىسى ھاسىل قىلدى. بەشىنچىدىن، ئورخۇن - سېلىنگا ۋادىسى مەدەنىيىتتە چۈشكۈنلەشتى، غەربىي دىيار خەلقئارا سىنكرىتىك مەدەنىيەتنىڭ ئۇيغۇر تىپىدىكى مۆجىزىدار ئۇچىقىغا ئايلاندى. بۇ، مەلۇم مەنىدە، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن يىراق ئەجدادتىن بېرىقى ئانا دىياردا گۈللەش ۋە يىپەك يولى ئالاقىلىرىنى گۈللەندۈرۈش ئورخۇن - سېلىنگا پاجىئەسىدىن كېيىنكى تارىخىي ئامەت بولدى. ياغلىقار - ئادىز زىددىيىتى بىلەن بۇددا - ئىسلام، مانى - ئىسلام زىددىيىتى تۈپەيلى گەنجۇ - قوچۇ - قاراخانىلار بىر پۈتۈن سىياسىي گەۋدىگە ئايلىنالمىدى. بۇ ھەتتا ئۇيغۇر كۈچلىرىنى خوراتتى. ئەكس ھالدا، تارىخ ئىمكان بەرگىنىدە ئىدى، سەددىچىندىن كوپېت - ھىندىقۇش تاغلىرىغىچە ھون، كۆكتۈرك، كوشان خانلىقلىرىدىن كاتتا ۋە مەرىپەتلىك، شەرق - غەرب

مەدەنىيىتىدە ئىنسانپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر تارىخىي گەۋدە رېئاللاشقان بولاتتى. سۇلۇك، تاڭغۇت خانلىقلىرى، كېيىنچە موڭغۇل، كىدان هاكىمىيىتى بۇ مۇمكىنلىكنى كەسلەپ تاشلىدى. ئەمما، تارىخنىڭ تۈپ ئېقىمى بولغان مەدەنىيەت تارىخىدا ئۇيغۇرلار ئۆچمەس ئىز قالدۇردى. بۇ ھەقتە گ. ۋېرپادىسكى: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر مەركىزىي ئاسىيادىكى رولى سىياسىي جەھەتتىلا ئەمەس، مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىدىمۇ دائىم كۆرۈنەرلىك بولدى. جۇڭگودىن كاسپىي دېڭىزىغىچە بولغان سودا لىنىيىسىنى كونترول قىلىشتا، ئۇيغۇرلار جۇڭگو بىلەن ھىندى - ئىران مەدەنىيىتىدە بىۋاسىتە رول ئوينىدى» دېسە، ① خانىداتورو، پەقەت ئۇيغۇرلارلا غەربىي دىياردا ھەقىقىي بىرلىككە كەلگەن مەدەنىيەتنى ياراتتى، دەيدۇ. ئالىملار، ئەينى زاماندا قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە تۇرمۇشىنى شۇ چاغدىكى ياۋروپا ئاقسۆڭەكلىرىدىن ئۈستۈن بولغان، دەپ قارىماقتا. دەرۋەقە، نەقىشلىق - گەجلەنگەن بىناكارلىق، مېۋە - چېۋە، شېرىن - خىلمۇخىل تاماق مەئىشىتى، كىيىم - كېچەك سەنئىتى، تىل - تەرجىمە، قەغەز - مەتبەئەچىلىك، تىبابەت، مائارىپ - مەكتەپ، قاتناش ۋاستىلىرى، غورۇر - ئىپتىخار جەھەتلەردە ئۇيغۇرلار ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغان ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنوگېنېزىسى توغرىسىدا توختالغاندا، ئىككى بىر تەرەپلىمىلىك ساقلانغان. ئۇنىڭ بىرى، نوقۇل شەرقىي ۋە شىمالىي تەركىب — دىڭلىنىڭ قەبىلىلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ، غەربىي قەبىلىلەرنى ئېتىراپ قىلماسلىق. ئۇنىڭ يەنە بىرى، نوقۇل خەن - سۈي يىلنامىلىرىدىكى مەنبەلەرنى ئېتىراپ قىلىپ، ئارخېئولوگىيە، ئانتروپولوگىيىلىك مەنبەلەر بىلەن خەن - سۈي ناملىرىدىكى مەنبەلەردىن باشقا مەنبەلەرنى، بولۇپمۇ يەرلىك ۋە چەت ئەللىك مەنبەلەرنى ئىنكار قىلمىغان ھالدا ئېتىراپ قىلماسلىق. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى ۋە ئۇيغۇرلارغا ئەجداد بولغان بىر قاتار خەلقلەرنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىش، قارشى قويۇش، ھەتتا بىر خەلقنى بىرقانچە خىل نام ياكى يېزىلىشى تۈپەيلى بىر - بىرىدىن باشقا خەلق قىلىپ قويۇش يۇقىرىدىكى قاراشلار تەسىرىدە مەيدانغا چىققان.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، مەركىزىي ئاسىيادىكى ئاق ۋە سېرىق جىنس خەلقلەرنىڭ ئاق جىنسى ئارىئان تىپىدىكى، سېرىق تىپى ئەڭ قەدىمكى ھىندىئان ئەجدادلىرىدىن تۇڭغۇس (شەرقىي غۇز) — موڭغۇللارغىچە ھازىرقى زامان ئىبارىسىدە «موڭغۇلوئىد» تىپىنى ھاسىل قىلغان. مۇشۇ قەدىمكى بىرلەمچى خەلقلەرنىڭ ئارىئان تىپى - سۇمىر - سىمىليان - سكىتاي (ئىسكىتىق) ساك، ماساگېت) نامىدا مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3000 — 1000 - يىللار ئارىسىدا ھىندىستان، ئىران، كىچىك ئاسىيا، قىرىم، رۇس دالاسى ئارىسىدا تۈرلىرىنىڭ يىراق تارىخىي شەجەرىسىنى ياراتقان. بۇ خەلقلەر يەنسەينىڭ شەرقى، چىلەنشەن - ئوردۇس - چوغاي بويلىرىغا تارقىلىپ ياشاش جەريانىدا «موڭغۇلوئىد»لار بىلەن ئاق تەنلىكلەر ئۈستۈنلۈكى ئاساسىدا قوشۇلۇپ «دى (زەي)»، «گويفاڭ») تۈركلىرىنى»، ئۇنىدىن كېيىن تېخىمۇ كۆپرەك «موڭغۇلوئىد»لار تەسىرىدە ھون قەبىلىلىرىنى ھاسىل قىلغان. شۇنداق قىلىپ مەركىزىي ئاسىيادا ئىككىلەمچى ئاق جىنسلىق خەلق - تۈر (تۈركىي) ئىنسان تۈركۈملىرى مەيدانغا چىقتى. بىرمۇنچە تىل - تارىخچىلار بىر تەرەپلىمىلىك ھالدا مەركىزىي ئاسىيا ئاق جىنسىنىڭ بىرىنچى قاتلىمى («بىرلەمچى تۈركۈمى») نى قانداقتۇر «ھىندى - ياۋروپا»، «شەرقىي ئىران» تىپى دەپ ئاتاپ، ئۇلارنى مەركىزىي ئاسىيا تارىخى دائىرىسى ۋە قاتلىمىدىن ئىرغىتىپ تاشلىدى. ئۇلار مەركىزىي

---

① ئا. گ. ماليياۋكىن: «IX — XI ئەسىرلەردە ئۇيغۇر دۆلەتلىرى»، 1983 - يىل رۇسچە نەشرى، 241 - بەت.

www.uyghurkitap.com

ئاسىيا ئاق جىنسىنىڭ ئىككىنچى قاتلىمى (ئىككىلەمچى تۈركۈمى) بولغان تۈر (تۈركىي) خەلقلەرنى يىراق يىلتىزىدىن ئايرىۋەتتى. ئۇلار پۈتۈن سۆڭەك، قان، تۇرمۇش مەدەنىيىتى، ماددىي مەدەنىيەت، فولكلور مەدەنىيىتىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، نوقۇل كېيىنكى زاماندا يارىتىلغان يازما مەنبەلەرنى بىردىنبىر پاكىت قىلىشىۋالدى.

بۇنىدىن باشقا، بىر خىل قان سىستېمىسىدىكى خەلقنىڭ يۆتكىلىش، يۆتكىلىپ ياشاپ قايتىپ كۆچۈپ كېلىش تۈپەيلى باشقىچە ياكى باشقىچىراق تىل - تەلەپپۇزدا سۆزلىشى بىلەن، ئىككى خىل قان سىستېمىسىدىكى ياكى ئىككىنچى خىل قان تەركىبى كۆرۈنەرلىك ئۈستۈن بولغان خەلقلەرنىڭ بىر خىل تىل گۇرۇپپىسىدا سۆزلىشىشى مۇمكىنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشتى. ئۇيغۇر- توخار - ساك - سوغدىلار بىلەن تۈركلەشكەن موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بۇنىڭغا مىسال قىلىش مۇمكىن.

ئۇلار يەنە ئېتنونىم (مىللەت نامى) بىلەن ئېتنوگېنىز (مىللىي مەنبە، مىللىي تىپ) نى قارشى قىلىپ، ئايرىۋېتىپ قاريدى. مىسال ئۈچۈن ساكلارنى ئالساق مۇنداق ئىككى ھادىسىنى كۆرىمىز. بىرىنچىسى، ساكلار مەيلى دىنىي ياكى تارىخىي ياكى داستان- رىۋايەت كىتابلىرىدا «تۈر» لار دەپ، ساك زېمىنى كەڭ مەنىدە «تۇران» دەپ ئاتالغان. ئەپراسىياپ ساك سۈپىتى بىلەن تۇران شاھى ۋە ئىران شاھلىرى بىلەن مىللىي زىددىيەتنى گەۋدىلەندۈرگۈچى ئىدى. مەيلى «ئاۋستا» دا، مەيلى «نوھ - ياپەس - تۈر» ئەپسانىسىدا، مەيلى كېيىنكى ئەسىرلەردە ئەپراسىياپ «ئورخۇن - سېلىنگا» غا كەلمىگەن. ئىككىنچىسى، ساكلارنىڭ باش قەبىلىسى (ھېچبولمىغاندا شەرقىي ساكلارنىڭ باش قەبىلىسى) ئاسىنا ئۇرۇقى بولۇپ، ئاسىنا باشچىلىقىدىكى ساكلار بىلەن ئىشخىد موڭغۇلوئىدلىرىنىڭ بايقال- يەنسەي - تەڭرىتاغ بويىدىكى تەدرىجىي ئارىلىششى بىلەن ئاسىنا ئۇرۇقى باشچىلىقىدىكى ئىككىلەمچى ئىنسان

تۈركۈمى — ئاسىنا تۈركلىرى شەكىللەنگەن. ئۇلار ئىلگىرىكى «تۇران تۈركلىرى» ئىبارىسىدىكى «تۈر»، «تۈرك» ئىبارىسىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ قوللانغان. بۇ ھېچقاچان ئۇلارنىڭ، بولۇپمۇ ئاسىنالارنىڭ ساك ئەمەسلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. كەڭ مەنىدە، تۈرك خەلقى ھون ئىمپېرىيىسىدىن كېيىن تارىخ سەھنىسىگە چىقسىمۇ، تۈر، تۈرك مىللىيەت تۈركۈملىرى ھون ئىمپېرىيىسىدىن ئىلگىرى شەكىللەنگەن. ھونلار موڭغۇلوئىد ئالامەتلىرى روشەن تۈركلەر ئىدى، خالاس.

شۇنىسى دىققەتكە سازاۋەركى، غەربىي دېڭىزلار سىر دەريا - شەمەرقەندىنىڭ شىمالىي رايونلىرىدا ياشايتى. ئۇنىدىن باشقا خەن دەۋرىدە تۇرپان رايونىدا ياشىغان «ۋۇخۇ» ( 乌护 ) قەبىلىلىرى غەربىي تۈرك خانلىقى دەۋرىدە سىر دەريانىڭ ئاياغ ئېقىمىغا كۆپلەپ كۆچكەن بولۇپ، تۇرپان ۋە سىر ۋادىسى ئۇلارغا تونۇش ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا بىرقانچە خىل قاراش بولۇپ، بۇ بىرقانچە خىل سېپتودىك ئۇسۇل ۋە نۇقتىئىنەزەرنى ئۇل قىلغان. ئۇنىڭ بىرى، دىڭلىڭغىنىچە بولغان ئارىلىقتىكى (قاتلامدىكى) كېلىپ چىقىش (گۇيفاڭ، دى -زەي، خۇجيە) ؛ دىڭلىڭدىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇپ - يىمىرىلگىچە كېلىپ چىقىشى (توققۇز ئۇيغۇر، ئون ئۇيغۇر) ؛ 840 - يىلدىن كېيىنكى شەكىللىنىش دېگەن قاراش، بۇ قاراش قاتلاملىق، ھەربىر قاتلىمى قاتماللىقتىن خالى بولمىسىمۇ، نوقۇل خەنزۇچە مەنبەلەر ۋە شەرقىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى ئاساس قىلغاچقا، 840 - يىلدىن كېيىن قايتا قوشۇلغان، ئەمما ئەڭ دەسلەپكى مەنبەدە يولغان، ئىزچىل (مەسىلەن، سوغدى، توخارلاردەك) ئېتنىك تەركىب ئالاقىسى ئۈزۈلمىگەن تەركىبلەرنى «كېيىنكى تەركىب» قىلىپ قويىدۇ. ئۇلار كۆچمەن - چاھانكەزدى مەركىزىي ئاسىيا

خەلقلەرنىڭ مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ يۇتكەلمەيدىغان خەلقلەر ئۆلچىمىدە تەھلىل قىلىپ ئىزاھلىماق بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، ئاتالمىش «بىر مىللەتتە بىرلا مەنبە بولىدۇ، بىر ئادەمدە بىرلا ئاتا بولىدۇ» دېگەن «مونوگېنىزم» قارىشى. بۇنى شەخسكە قاراتقان بىلەن مىللەتكە قاراتقىلى بولمايدۇ. بۇ قاراش ئۇيغۇرلار دېڭىزدىن كېلىپ چىققان، كېيىن «خۇيخې» — ئۇيغۇر دەپ ئاتالغان؛ ئۇلار 840 - يىلدىن باشلاپ كېيىن شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەن؛ ئۇندىن ئىلگىرى شىنجاڭدا ئۇيغۇر ئەمەس، توخار - ساك قاتارلىق «شەرقىي ئىران» تىپى، «ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى» مىللەتلەر ياشىغان؛ 840 - يىلدىن باشلاپ بۇ خەلقلەرنى ئۇيغۇرلار ئاسسىمىلياتسىيە قىلغان، دېگەن قاراش. ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى ھەربىر يۇرتنى بىر مىللەت، ھەربىر يېزىقنى بىر يېزىق شەكلىگە قاراپ بىر مىللەت دەپ ئىزاھلاپ، تارىم ۋادىسىنى ناھايىتى نۇرغۇن مىللەتلەر رايونى ئوبرازىدا تەسۋىرلىنىشىدۇ. ئۇلار ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ شەرقتىن جەنۇبقا، غەربكە يۆتكىلىشىنى كۆرۈپ، غەربتىن شىمالغا، شەرققە يۆتكىلىشىنى نەزەردىن ساقىت قىلىدۇ. ئەينى زاماندا جىددىي رەقىبلىكتە ياشىغان بۇ ئىككى خەلقنىڭ بىرىنى ئىككىنچىسىنىڭ شەرقىي قىسمى دېيىش ئادالەتسىزلىكتىن تاشقىرى، تارىخنىڭ ئۆتمۈشىنى ئۇنتۇشتۇر.



ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلىپ، ياغلىقار قەبىلىلىرى گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى بەرپا قىلىپ، كېيىنچە ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىدىن ئايرىلىپ، كېيىنچە، «سېرىق ئۇيغۇر» دەپ ئاتىلىپ، ھازىرغىچە ياشاپ كەلمەكتە. ئادىزلار باشلىغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ياغما، قارلۇق، سوغدى، توخار، ساك، چىگىل، گېت، بەرمەن، ئورۇنخۇ قاتارلىق خەلقلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى. بۇ خەلقلەر ئومۇم ئۇيغۇر گەۋدىسىنىڭ — ئىدىقۇت - كۆسەن ۋە شەرقىي - غەربىي قاراخانىلارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ئىدى.

ئېيتىش كېرەككى، 663 - يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تەشكىل تاپقاندا ئادىزلار تېخى توققۇز - ئون ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىغا كىرمىگەن ئىدى. ئۇلار 745 - يىلى بۇ ئىتتىپاققا كىرگەن، ئەقىللىق - چېۋەرلىكىدىن ۋەزىر - دانىشمەنلەر چىقىدىغان ئىككىنچى قەبىلە بولغان. ئاچۇ قاغان ئۆلۈپ، ئورنىغا ئوغلى بولمىغاچ ئادىز ۋەزىر قۇتلۇق قاغان بولغان. . سەل كەم بىر ئەسىر ئادىزلار خاقانلىق سەلتەنىتى سۈردى. 839 - يىلى ياغلىقار تۆرىلىرىدىن قورابىر تۇرك شاتى بىلەن ئادىزلارغا قارشى ئۆكتە قوپقاندا، ئادىز باشچىلىرىدىن كۈلۈگ بېك قىرغىزلار قوماندانى سايان تۇسۇن قوشۇنلىرىنى باشلاپ كېلىپ قارابالغاسۇنغا ئوت قويۇپ، خانلىقنى ھالاك قىلىدۇ. گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا ياغلىقارلار ئاساس بولۇپ قالغاندىن باشقا، ئىدىقۇت - قاراخانىلاردا ياغلىقار قەبىلىلىرى تەسىرى ئاز بولدى. بەزى ئالىملار بۇددا خوتەن شاھىنى — ياغلۇقارقالۇنى — ئىلگىرىكى ياغلىقارلاردىن دەپ قارايدۇ. گەنجۇ - قوجۇ - خوتەن بۇددىستلىرىنىڭ ئىسلامىيەتتىن قوغدىنىش ئىتتىپاقى بۇ قاراشنى كۈچەيتىدۇ. بۇ بىزگە ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىتى ئېتنىك گەۋدىسىدە نوقۇل بايقال دېڭىزلىرى ئەمەس، غەربىي دېڭىزلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە ئىدىقۇت -

www.uyghurkitap.com

كۆسەن، قاراخانىلار ئۇيغۇر ئېتنىك تەركىبىگە كىرگەن بايقال - يەتتە سۇ - پامىر - تارىم - تەڭرىتاغ - كۆللۈن تۇرانلىرىنى دىققەت مەركىزىدە تۇتۇش لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. سوغدىلار ئۇنىڭ بىر قىسمىدۇر.

ئېيتىش كېرەككى، دىڭلىڭلارنىڭ غەربىي قانىتى ئورخۇن بويىغا بارمىغاندەك، ياغما، قارلۇقلارمۇ ئورخۇن - سېلىنگا، تۇرپان ۋە قەشقەر - بالاساغۇن ۋادىسىدا بىر زاماندا بىرقانچە ماكاندا ياشىغانلىق دەلىللىرى تارىختا ئىز قالدۇرغان.

ماۋارا ئۇننەھر ۋە خوراسان، خارازىم، پەرغانە، خۇراسان ئۇيغۇر تۈركلىرى قاراخانىلار خارازىم خانلىقى، غەزنە سۇلتانلىقلىرى زامانىدا سالجۇقى ئوغۇزلىرى ۋە خۇراسان تۈركلىرى ئارىسىدا ئاساسلىق گەۋدە ئىدى. كېيىنچە ئۇنىڭ تەسىرى خارازىم ۋە خۇراسانغا كېڭەيدى. كىدان ۋە چىڭگىزخان ئىستىلاسى ئاقىۋەتتە بۇ دىيارغا «موڭغۇلۇئىد» تەسىرى كۈچلۈك مەرقىت ۋە قىپچاق قاتارلىق تۈركىي خەلقلەردىن باشقا، تۈرك مۇسۇلمانلاشقان كىدان - موڭغۇللارنى تاشلىدى. بۇ هال «چاغاتاي ئۇلۇسى» دائىرىسىدە قىپچاق دالاسىنى مەركەز قىلغان هالدا يەتتە سۇدىن قۇمۇلغىچە هەر خىل دەرىجىدە ئىپادىلەندى. قاراخانىلاردىن باشلانغان ئادەت بويىچە ئايرىم مىللەت ياكى قەبىلە نامى ئەمەس، بەلكى «توقۇز ئوغۇز»، «تۈركىي»، «چاغاتاي» ئاتالمىلىرى بىلەن يۇرت ناملىرى («قەشقەرلىق»، «ئەندىجانلىق» دېگەندەك) ئىستېمال قىلىندى؛ تۆمۈرىلەر دەۋرى ئۇ بىرلىكنى قاراخانىلاردىن كېيىن داۋاملىق ئىلگىرى سۈردى. مۇھەممەت شايبان خان تۆمۈرىلەرگە قارشى يۈرۈشتىن كېيىن، خان نامى ۋە هاكىمىيەت تەۋەلىكى كاتېگورىيىسىدىكى «ئۆزبېك خانلار» مەنىسىدىكى نام ماۋارائۇننەھر - خوراساندىكى مەدەنىيەتلىك ئاساسلىق غەربىي قاراخانىلار ئەۋلادلىرى يەرلىك تۈركىي خەلق «ئۆزبېك» نامىدا ئاتالدى. مىلادىدىن نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىكى زامانلاردىن تاكى سامانىلار بۇخارا - سەمەرقەنتتە ئىسلام هامىيلىرى بولۇپ مەيدانغا چىققۇچە ياشىغان سوغدىيانا دىيارىدىكى ئاساسلىق تۇران - ساك ئاهالىسى سوغدىلار نۇرغۇن خەلقلەر ئىچىدە ئاساسەن هازىرقى ئۇيغۇر - ئۆزبېك خەلقلىرى قان تومۇرى ۋە فولكلورىدا ياشىماقتا. ئۇيغۇر - ئۆزبېكلەر هېچكىم ئىنكار قىلالمايدىغان بىرىنچى قاتارنىڭ تونجى رېتىدىكى نەسلداش ئىككى خەلق بولۇش بىلەن تارىختىكى قەدىمكى مەدەنىيەتلىك، تۆھپىكار سوغدى خەلق تۈركۈملىرىنىڭمۇ بىۋاسىتە ۋارىسلىرىدىن ئىبارەت. سوغدىلار هەققىدىكى ئادىل مۇھاكىمە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى تەتقىقاتىدا مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

# تەھرىرلىك خىزمىتىگە دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا

ئەكبەر ھۈسەيىن

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنىڭ خاراكتېرى، ۋەزىپىسى، تەھرىرلىكنىڭ تۈرلىرى، ئىجادىي ئەسەرلەر تەھرىرلىكى، تەھرىرلىك خىزمىتىدە دىققەت قىلىنىدىغان ئىشلار قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىملىك بايان يۈرگۈزۈلىدۇ.

تەھرىرلىك خىزمىتى — بىر سىستېما قۇرۇلۇشى. ئىلگىرى كىشىلەر بۇ ھەقتە نۇرغۇن تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، چوڭ-چوڭ ئەسەرلەرنى يازغان. بۇ ماقالىدە مەن ئۇزۇن يىللىق تەھرىرلىك خىزمىتى جەريانىدا ھېس قىلغان بىر قىسىم مەسىلىلەرنى، ئاساسلىقى، ئىجادىي ئەسەرلەر تەھرىرلىكىگە دائىر بەزى مەسىلىلەرنى ھۆرمەتلىك كەسىپداشلار، ئاپتورلار ۋە كىتابخانلارنىڭ مۇھاكىمىسىگە سۇنۇپ، ئۇلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن. بۇ ماقالەمنىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى تەھرىرلىك خىزمىتىگە ئاز-تولا پايدىسى تېگىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. بىز ئاساسىي تېمىمىز بولغان ئىجادىي ئەسەرلەر تەھرىرلىكىگە دائىر مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشتىن ئىلگىرى، ئالدى بىلەن نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنىڭ خاراكتېرى، ۋەزىپىسى ۋە تەھرىرلىك تۈرلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## بىرىنچى، نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنىڭ خاراكتېرى ۋە ۋەزىپىسى

نەشرىياتچىلىق، جۈملىدىن تەھرىرلىك خىزمىتى — كۈچلۈك سىياسىيلىككە ئىگە خىزمەت. ئۇ ئۈستقۇرۇلمىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ھەرقايسى زامان ۋە ماكانلاردا ئىقتىسادىي بازىس ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مۇئەييەن ئىقتىسادىي بازىستىن ئايرىلغان ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلمايدىغان نەشرىياتچىلىق ۋە تەھرىرلىك خىزمىتى بولمىسا كېرەك. بىزنىڭ دۆلىتىمىز — سوتسىيالىستىك دۆلەت. بىزدە نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنىڭ خاراكتېرى ۋە ۋەزىپىسىنى بىزنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىمىز

بەلگىلىگەن. شۇڭا بىزدىكى نەشرىياتچىلىق سوتسىيالىستىك نەشرىياتچىلىق بولۇپ، ئۇ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى پۈتكۈل سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ بىر قىسمى، شۇنداق ئىكەن، ئۇ سوتسىيالىستىك خاراكتېرگە ئىگە بولماي مۇمكىن ئەمەس. نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىسى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، بۇ ئەينى ۋاقىتتا بىزدىكى نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنىڭ فاڭجېنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خۇددى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن 1983 - يىل 6 - ئايدا چىقارغان «نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارار» دا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەندەك: «دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش، سوتسىيالىستىك ئىگىلىككە ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا پايدىلىق پەن- تېخنىكا ھەم مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تارقىتىش، خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىشتىن ئىبارەت.» ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى تەشۋىق قىلىش، ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشمۇ سوتسىيالىستىك نەشرىياتچىلىق خىزمىتىمىزنىڭ ناھايىتى مۇھىم ۋەزىپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ مەقسىتى ۋە ۋەزىپىسى ئەنە شۇنداق ئېنىقلىقتا ئىگە بولغاچقا، ئۇنىڭدا ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلىدۇ؛ باشقۇرۇش ئىشلىرىنى ياخشىلاپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش ئىجتىمائىي ئۈنۈمدىن كېيىن تەكىتلىنىدۇ. دېمەك، بازار ئىگىلىكى راۋاجلاندۇرۇلۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، نەشرىياتچى- لىق خىزمىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى يەنىلا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا، سوتسىيالىستىك نەشرىياتچىلىق خىزمىتىدە، پۇل تېپىشنى بىردىنبىر مەقسەت قىلىپ تۇرۇپ، خەلقنى زەھەرلەيدىغان نەشر بۇيۇملىرىنىڭ نەشر قىلىنىشىغا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ، بۇ نۇقتىدىن تەۋرىنىشكە ھەرگىز بولمايدۇ، ئەگەر بۇ نۇقتىدىن تەۋرىنىپ قالىدىكەنمىز، ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويىمىز. ئايرىم نەشرىياتلارنىڭ پۇل تېپىشنىڭ كويىغا چۈشۈپ بەزى ناچار نەشر بۇيۇملىرىنى نەشر ئىتىلىپ، يامان ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلىقى ئۇلارنىڭ دەل مۇشۇ نۇقتىغا سەل قارىغانلىقىدىن بولغان.

يۇقىرىقى بايانلىرىمىزدىن مەلۇمكى، دۆلىتىمىزدە نەشرىياتچىلىق خىزمىتى سوتسىيالىستىك خاراكتېرگە ئىگە، ئۇ پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ، خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

## ئىككىنچى، تەھرىرلىكنىڭ تۈرلىرى

تەھرىرلىكنىڭ تۈرلىرى ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ تۈرلۈكچە بولىدۇ. ئۇمۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، تەھرىرلىكنىڭ تۈرلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: (1) ئىجتىمائىي پەنلەرگە دائىر ئەسەرلەرنىڭ تەھرىرلىكى؛ (2) پەن - تېخنىكىغا دائىر ئەسەرلەرنىڭ تەھرىرلىكى؛ (3) قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەتلەپ نەشرگە تەييارلاش تەھرىرلىكى؛ (4) ئەدەبىي ئەسەرلەر تەھرىرلىكى؛ (5) قورال كىتابلار تەھرىرلىكى؛



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

(6) تەرجىمە ئەسەرلەر تەھرىرلىكى؛ (7) گېزىت - ژۇرنال تەھرىرلىكى؛ (8) ئۇن - سىن ئەسەرلىرى تەھرىرلىكى ۋە باشقىلار. يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ مۇنداق ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىش مۇمكىن: (1) ئىجادىي ئەسەرلەر تەھرىرلىكى؛ (2) تەرجىمە ئەسەرلەر تەھرىرلىكى.

تۆۋەندە، ئاساسلىقى، ئىجادىي ئەسەرلەر تەھرىرلىكى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزىمىز.

## ئۈچىنچى، ئىجادىي ئەسەرلەر تەھرىرلىكى

ئىجادىي ئەسەرلەر تەھرىرلىكىگە كىرىشىشتىن ئىلگىرى قىلىنىدىغان مۇھىم بىر ئىش بار. ئۇ بولسىمۇ ئەسەرنى ئالدىن تەكشۈرۈپ چىقىشتىن ئىبارەت. بۇ ئىشنى ئەسەرنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، شۇ كەسىپكە پىششىق بىر ياكى بىر نەچچە كىشى ئىشلەيدۇ. بۇ ھالقىدا ئىشلىنىدىغان ئىشلار: (1) ئەسەرنىڭ مەزمۇنى، قۇرۇلمىسى؛ نەشىر قىلىش قىممىتىنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ھالدا باھالاپ چىقىپ، نەشىر قىلىش قىممىتى بار - يوقلۇقى ئۈستىدە پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇش. بۇنىڭدا ئاخىرقى قارارنى باش مۇھەررىر چىقىرىدۇ. (2) ئالدىن تەكشۈرۈلىدىغان ئەسەرگە قەلەم تەككۈزمەسلىك، يەنى ئەسەرنىڭ ئەسلى ھالىتىنى ساقلاش؛ ئەسەرنىڭ پۇچىلىنىپ كېتىشى ياكى يوقىلىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش؛ تەكشۈرۈش داۋامىدا مەخپىيەتلىكنى ساقلاپ، ئىچكى جەھەتتە بولغان مۇزاكىرىنىڭ ئەھۋالىنى سىرتقا يايماسلىق. (3) نەشىر قىلىنىشى بەلگىلەنگەن ئەسەرلەر ئۈستىدە ئاپتور بىلەن توختام تۈزۈش؛ نەشىر قىلىنماسلىقى بەلگىلەنگەن ئەسەرلەر ئۈستىدە تەھرىر بۆلۈمىنىڭ، زۆرۈر تېپىلغاندا باش مۇھەررىرنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئەسەر ھوقۇقى قانۇنىغا ئاساسەن ئاپتورغا جاۋاب قايتۇرۇش.

بۇ ئىنتايىن مۇھىم ھالقا. بۇنىڭدا ئەسەرگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئالدىن تەكشۈرگۈچىلەر ئەسەرگە نىسبەتەن ئادىل پوزىتسىيە تۇتۇشى، ئۇنىڭغا قىلچە شەخسىي غەرەز ئارىلاشتۇرۇپ قويماسلىقى لازىم. دېمەك، ئەسەرنى نەشىر قىلىش - قىلماسلىقنى ئادەمگە قاراپ ئەمەس، بەلكى شۇ ئەسەرنىڭ قىممىتىگە قاراپ بەلگىلەش كېرەك. ئالدىن تەكشۈرۈش ئىشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، «ئالدىن تەكشۈرۈش پىكرى» يېزىلىدۇ. بۇ «پىكىر» دە نەشىر قىلىش - قىلماسلىق توغرىسىدىكى ئاساسلار قايىل قىلارلىق دەرىجىدە كۆرسىتىلىشى كېرەك.

ئەسەرنىڭ نەشىر قىلىنىشى بەلگىلەنگەندىن كېيىن، ئەسەرنى تەھرىرلەش ئىشى باشلىنىدۇ.

تۆۋەندە ئىجادىي ئەسەرلەرنى تەھرىرلەش مەقسىتى ۋە ئۇسۇللىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئىجادىي ئەسەرلەرنى تەھرىرلەشتىن مەقسەت ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكى، ئىلمىيلىكى ۋە بەدىئىيلىكىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈش، مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە ساقلانغان يېتەرسىزلىك ۋە خاتالىقلارنى تۈزىتىش ھەمدە ئەسەرگە زۆرۈر بولغان ئىزاھلارنى قوشۇش، شۇنداق قىلىپ، ئەسەرنىڭ سۈپىتىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت.

ئىجادىي ئەسەرلەرنى تەھرىرلەشنىڭ ئۇسۇلى، ئاساسەن، تۆۋەندىكىچە:

(1) بىۋاستە تەھرىرلەش. بۇنىڭدا مۇھەررىر ئاپتور بىلەن كېلىشىۋالغان پرىنسىپ

www.uyghurkitap.com

بويىچە ئۆزى مۇستەقىل تەھرىرلەپ چىقىدۇ، زۆرۈر تېپىلسا تەھرىرلىگەن ئەسەرنىڭ نۇسخىسىنى ئاپتورنىڭ كۆرۈپ چىقىشىغا بېرىدۇ. بۇنداق ئۇسۇل، كۆپىنچە، كىتاب تەھرىرلىكىگە تەتبىق قىلىنىدۇ.

(2) ۋاستىلىك تەھرىرلەش. بۇنىڭدا، مۇھەررىر ئەسەرنى تۈزىتىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ؛ ئاپتور ئۆزى تۈزىتىپ چىقىدۇ.

(3) مۇھەررىر بىلەن ئاپتور بىرلىكتە تەھرىرلەش.

(4) مۇھەررىر كەسىپ ئەھلىگە تەھرىرلەشنى ھاۋالە قىلىش، ئاندىن ئەسەرنى جاۋابكار مۇھەررىر ئۆزى قايتا تەكشۈرۈپ چىقىش.

تەھرىرلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچى ھەربىر كىشى ئىجادىي ئەسەرلەرنى قايسى جەھەتلەردىن تەھرىرلەپ چىقىشنى ئېنىق بىلىشى كېرەك. ئۇنداق بولسا، ئىجادىي ئەسەرلەرنى قايسى جەھەتلەردىن تەھرىرلەش كېرەك؟

1. ئەسەرنى سىياسىي مەزمۇن جەھەتتىن تەھرىرلەش. بۇ، ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىگە چېتىلىدىغان چوڭ ئىش. بۇ ئۆتكەل چىڭ تۇتۇلۇپ، ئەسەرنىڭ سىياسىي مەزمۇنىغا قاتتىق دىققەت قىلىنسا، ئورۇنسىز خاتالىقلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. دۆلەتنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمىنى بۇرمىلاش، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈپ سىياسىتىنى، جۈملىدىن دىپلوماتىيە سىياسىتى، مىللىي سىياسىتى، دىنىي سىياسىتى، بىرلىكسەپ سىياسىتى قاتارلىق سىياسەتلىرىنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈش، دۆلەتنىڭ تۈرلۈك مەخپىيەتلىكلىرىنى، جۈملىدىن ھەربىي مەخپىيەتلىكى، ئىقتىسادىي مەخپىيەتلىكى قاتارلىق مەخپىيەتلىكلىرىنى ئاشكارىلاپ قويۇش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنى تەرغىپ قىلىش فېئوداللىق، كاپىتالىستىك چىرىك ئىدىيىلەرنى تەرغىپ قىلىش ۋەھاكازالار سىياسىي خاتالىق جۈملىسىگە كىرىدۇ، بۇنداق سىياسىي خاتالىقلارنىڭ دۆلەت ۋە خەلققە كەلتۈرىدىغان زىيىنى ۋە يامان تەسىرى ناھايىتى ئېغىر بولىدۇ. شۇڭا مۇھەررىر سىياسىي ئۆتكەلنى چىڭ ئىگىلەپ، بۇنداق خاتالىقلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن قەتئىي ساقلىنىشى لازىم. بۇنىڭدىن باشقا، ۋاقتى ئۆتكەن لوزۇنكا، فاكتلار، سىياسەتلەرگە دائىر بەزى سۆز - ئىبارىلەرنى ئىجابىي تەرەپتىن قايتا ئىشلىتىشتىنمۇ ساقلىنىش كېرەك.

2. ئەسەرنى ئىلمىي جەھەتتىن تەھرىرلەش. ئەسەرنىڭ ئىلمىي بولۇش - بولماسلىقى — ئۇنىڭ كىتابخانلارغا ھەقىقىي بىلىم يەتكۈزۈپ بېرىش - بېرەلمەسلىكىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلە. ئەسەر ئىلمىي بولسا، كىتابخانلار ئۇنىڭدىن توغرا بىلىملەرنى ئۆزلەشتۈرەلەيدۇ، ئەسەر ئىلمىي بولمىسا، ئۇ كىتابخانلارغا ساختا نەرسىلەرنى تارقىتىش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا مۇھەررىر ئەسەردە ئىلگىرى سۈرۈلگەن نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ ئىلمىي ياكى ئىلمىي ئەمەسلىكىگە قاتتىق دىققەت قىلىشى كېرەك. ئەگەر ئەسەردە ئىلگىرى سۈرۈلگەن نۇقتىئىنەزەرلەرگە مۇھەررىرنىڭ پىكرى باشقىچە بولسا، مۇھەررىر ئۇنى بىۋاسىتە ئۆزگەرتمەي، ئاپتورغا ئۆزگەرتىش ھەققىدە تەكلىپ بېرىشى كېرەك. مۇبادا ئەسەرنىڭ كەسپىي خاراكتېرى بەك كۈچلۈك بولۇپ، مۇھەررىرنىڭ ئۇنىڭغا چىشى پاتمىسا، مۇھەررىر شۇ كەسىپنىڭ مۇتەخەسسىسىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن ئۇنى تەھرىرلەپ چىقىشى لازىم؛ بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش زۆرۈركى، ئەسەرنى تەھرىرلەشكە تاپشۇرۇشتا، ئۇنى شۇ كەسىپتىن خەۋىرى بار مۇھەررىرگە ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم.

ئەگەر ئەسەر شۇ كەسىپتىن خەۋىرى يوق مۇھەررىرنىڭ تەھرىرلىشىگە تاپشۇرۇلسا، ئۇنىڭ ئەسەردىكى خاتالىقلارنى بايقىيالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئىجتىمائىي پەن مۇھەررىرلىرىگە تەبىئىي پەن ئەسەرلىرىنىڭ تەھرىرلىكى ۋە تەبىئىي پەن مۇھەررىرلىرىگە ئىجتىمائىي پەن ئەسەرلىرىنىڭ تەھرىرلىكى تاپشۇرۇلسا، ئۇلارنىڭ ئەسەردىكى خاتالىقلارنى سېزىۋېلىشى مۇمكىن بولمايدۇ.

3. ئەسەرنىڭ پاكىتلىق ماتېرىياللىرىنى سېلىشتۇرۇپ ئېنىقلاش. بۇ ئەسەرنى تەھرىرلەشنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى. پاكىتلىق ماتېرىيال دېگەن نېمە؟ ئادەم ئىسمى، يەر نامى، تەشكىلات، تارىخىي ۋەقەلەر، كىتاب ـ ژۇرناللار، ۋاقىت، سان ـ سىپىرلار، ئۆلچەم بىرلىكلىرى، فورمۇلىلار، سخېما ـ جەدۋەل، ئادەم سۈرىتى ۋەھاكازالار پاكىتلىق ماتېرىيال جۈملىسىگە كىرىدۇ. پاكىتلىق ماتېرىياللارنى سېلىشتۇرۇپ ئېنىقلاش ئەسلىدە ئاپتورنىڭ ئىشى ئىدى، بەزى ھاللاردا ئاپتور بۇنىڭغا سەل قاراپ، خاتا قىلىپ قويىدىغان ئەھۋال كۆرۈلىدۇ. پاكىتلىق ماتېرىياللارنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولغاچقا، مۇھەررىرنىڭ ئۇلارنى بىرمۇ بىر سېلىشتۇرۇپ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئاپتور ئەسەرنى تاپشۇرۇشتىن ئىلگىرى بۇنىڭغا دائىر مەسىلىلەرنى تولۇق ھەل قىلىشى لازىم. لېكىن، مۇھەررىر خۇلاسە خاراكتېرىدا ئىشلىتىلگەن چوڭ ـ چوڭ پاكىتلىق ماتېرىياللارنى سېلىشتۇرۇپ چىقىشى لازىم.

مۇھەررىرنىڭ ماتېرىيال سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئۈچ خىل بولىدۇ: (1) ماتېرىيال مەنبەسى: مۇھىم ماتېرىيالنىڭ مەنبەسى ئېنىق بولمىسا، ئاپتور مۇھەررىرگە ياردەملىشىپ ئۇنى تېپىپ بېرىشى كېرەك. ماتېرىيال مەنبەسىدىن ئاپتورنىڭ بىرىنچى قول ماتېرىيال ئىشلەتكەنلىكى ياكى ئۇنداق ئەمەسلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ماتېرىيالنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسىگە باھا بەرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، شىنجاڭ داشۆسى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنغان «جۇڭگودىكى تۈركىي تىللار» دېگەن كىتابتا، ئاپتور بەزى مىللەتلەرنىڭ نوپۇس سانىغا 30 ـ يىللاردىكى ماتېرىيالنى ئىشلەتكەن. مۇھەررىر بۇ ھەقتىكى پاكىتلىق ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئەڭ يېڭى ماتېرىياللار بىلەن يۇرىتىپ بەرگەن. (2) ئەسەردە ئىشلىتىلگەن پاكىتلىق ماتېرىياللاردىن ئۆزئارا زىت كېلىدىغان جايلارنى بايقاش: گايىدا ئاپتور دىققەتسىزلىكتىن ئوخشاش بىر پاكىتلىق ماتېرىيالنى ئىككى خىل ئىشلىتىپ قويىدىغان ئەھۋال كۆرۈلىدۇ. مۇھەررىر بۇنى ئاپتورنىڭ تۈزىتىشىگە تاپشۇرۇشى ياكى ئۆزى ھەل قىلىپ كېتەلىسە، ئۇنى سېلىشتۇرۇپ توغرىسىنى ئىشلىتىشى كېرەك. (3) مۇناسىۋەتلىك پاكىتلىق ماتېرىياللارنى سېلىشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىكى گۇمانلىق جايلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش. مەلۇم بىر ماقالە ئورىگىنالىدا، مەلۇم بىر ئاپتور قۇبلايخان دەۋرىدە ئۇنىڭ مالىيە ۋازارىتىنىڭ ۋەزىرى بولغان ئەھمەد (ئۇيغۇر) ئۈستىدە توختىلىپ: «ئەھمەد قۇبلايخان ئۆلگەندىن كېيىنمۇ، مالىيە ۋازارىتىنىڭ ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى داۋاملىق ئۆتىگەن. ئەھمەد 1284 ـ يىلى ئۆلگەن» دەپ يازغان. مۇھەررىر قۇبلايخاننىڭ تۇغۇلغان ۋە ئۆلگەن ۋاقتىنى تەكشۈرۈپ، قۇبلايخاننىڭ 1215 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1294 ـ يىلى ئۆلگەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققان. ئەھمەدنىڭ ئۆلگەن ۋاقتىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئەھمەدنىڭ 1282 ـ يىلى ئۆلگەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققان. قۇبلايخاندىن ئىلگىرى يەنى 1282 ـ يىلى

www.uyghurkitap.com

ئۆلگەن ئەھمەد قانداقسىگە 1294 - يىلى ئۆلگەن قۇبلايخاندىن كېيىنمۇ ۋەزىپە ئۆتەيدۇ؟! دېمەك، ئاپتور ئىشلەتكەن پاكىتلىق ماتېرىياللىنىڭ ئىشەنچسىز ئىكەنلىكى بىلىنىدى. شۇڭا مۇھەررىر گۇمانىي پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاپتورنىڭ قايسى مەنبەنى ئاساس قىلغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشكە قايتۇرغان.

4. ئەسەرنى شەكىل جەھەتتىن تەھرىرلەش

ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى، لوگىكىسى، گراممىاتىكىسى، سۆز - ئىبارىسى، تىنىش بەلگىلىرى قاتارلىقلار — ئەسەر مەزمۇنىنىڭ ئىپادە شەكلى. بۇ جەھەتتە ئاپتور ۋە مۇھەررىرلەر تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەك.

(1) ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى.

ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى دېگەندە پۈتۈن ئەسەرنىڭ تۈزۈلۈشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ، ئەسەرنىڭ باشلىنىشى، ئاخىرلاشتۇرۇلۇشى، ئابزاسلارغا بۆلۈنۈشى ۋە ئابزاسلارنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى، مەزمۇنى پۈتۈن ئەسەر بويىچە بىر - بىرىگە ئورگانىك ھالدا باغلىنىشى، ئەسەرنىڭ قاتلاملىرى ئېنىق بولۇشى، باغلىنىشى تەبىئىي يەنى سىستېمىلىق بولۇشى كېرەك. ئەسەرنىڭ نامى، قىسىم، باب، پاراگرافلىرىنىڭ تېمىلىرى توغرا، ئىخچام، ئېنىق بولۇشى لازىم. ئەسەرنىڭ نامى ئاساسىي تېمىنى ۋە ئەسەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلىگەچكە، ئاپتور ئەسەرگە نام قويۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. مۇھەررىرمۇ ئەسەرنىڭ نامىنىڭ شۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا ئۇيغۇن - كېلىدىغان كەلمەيدىغانلىقىغا، شۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى يورۇتۇپ بەرگەن - بەرمىگەنلىكىگە دىققەت قىلىشى لازىم.

(2) ئەسەرنىڭ لوگىكىسى.

لوگىكا — توغرا تەپەككۇر شەكلى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. لوگىكىغا ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقى سۆزلەرنىڭ چوقۇم توغرا بولۇشى ناتايىن، ئەمما لوگىكىغا خىلاپ سۆزلەر چوقۇم خاتا بولىدۇ. ئەسەرنى لوگىكىغا تەتبىقلاپ تۇرۇپ تەھرىرلەش كېرەك. ھەرقانداق ئىلمىي بايان لوگىكىدىن مۇستەسنا ئەمەس. ئۇقۇمدىكى ئېنىقسىزلىق، ئەقلىي يەكۈن چىقىرىشتىكى خاتالىق، قائىدىدىكى مۇجمەللىك ۋە ئەسەردىكى زىتلىقلارنى لوگىكىلىق تەھلىل قىلىش ئارقىلىق بايقىۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا ئەسەردە ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئىدىيىلەر بىر - بىرىگە زىت كەلمەسلىكى، ھەرقايسى ئابزاست، قاتلاملارنىڭ لوگىكىلىق باغلىنىشى ئۆزئارا ماس كېلىشى لازىم. لوگىكىلىق زىتلىق كاپىدا پۈتۈن ئەسەردە، ئابزاسلاردا، جۈملىلەردە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن «ئوردا قانخورلىرىنىڭ بىرنىمۇ تىرىك قويمايلى، ھەممىسىنى تېرە - پىرەك قىلىۋېتەيلى» دېگەن جۈملىنى ئالساق، بۇ جۈملە لوگىكىلىق زىتلىققا مىسال بولالايدۇ. «تىرىك قويمايلى» دېگەنلىك «ئۆلتۈرۈپ يوقىتايلى» دېگەنلىك؛ «تېرە - پىرەك قىلىۋېتەيلى» دېگەنلىك «چېچىۋېتەيلى» دېگەنلىك بولىدۇ. ئۆلتۈرۈپ يوقىتىۋەتكەندىن كېيىن، يەنە نېمىسىنى تېرە - پەرەك قىلىدۇ؟! بايانىنىڭ بەتتىقىي ئىزچىللىقى ناھايىتى مۇھىم. ئىزچىللىق بولمىسا، پىكىر بىر - بىرىگە زىت كېلىپ قالىدۇ. مەسىلەن، «ئەخمەت كەينىدىن چىققاندا، ئۇ كۆزدىن غايىپ بولۇپ دەرۋازا سىرتىغا چىقىپ بولغانىدى» دېگەن سۆزنى ئالساق، بۇ، بىرلەشمە ھۆكۈم ئىپادىلەنگەن جۈملە. ئۇ «ئەخمەت كەينىدىن چىقتى»؛ «ئۇ كۆزدىن غايىپ بولدى»؛ «دەرۋازا سىرتىغا چىقىپ بولغانىدى» دېگەن ئۈچ تارماق ھۆكۈمدىن تەركىب تاپقان. بۇ تارماق

هۆكۈملەردە «كۆزدىن غايىپ بولۇش» بىلەن «دەرۋازا سىرتىغا چىقىش» بىر - بىرىگە زىت بولۇپ قالغان، كۆزدىن غايىپ بولغان تۇرسا، دەرۋازا سىرتىغا چىققانلىقىنى قانداق بىلگىلى بولىدۇ؟! يەنە مەسىلەن، مەلۇم بىر ئېلېكتىر ئىستانسىسى ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمىنىڭ ئېلانىدا مۇنداق دېيىلگەن: «بۇ يۇقىرى بېسىملىق سىم تاناپقا تېگىش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ، ئۇنىڭغا تەگكەن كىشى شۇ هامان ئۆلىدۇ، خىلاپلىق قىلغۇچىغا جەرىمانە قويۇلىدۇ.» بۇ سۆزمۇ ئۈچ تارماق هۆكۈمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭدا لوگىكىلىق زىتلىق بار، يەنى «ئۇنىڭغا تەگكەن كىشى شۇ هامان ئۆلىدۇ» دېگەن سۆز بىلەن «خىلاپلىق قىلغۇچىغا جەرىمانە قويۇلىدۇ» دېگەن سۆز ئوتتۇرىسىدا زىتلىق بار. چۈنكى، يۇقىرى بېسىملىق سىمغا تېگىپ ئۆلۈپ كەتكەن كىشىگە قانداق جەرىمانە قويغىلى بولىدۇ؟! ئەگەر ئۇنىڭغا جەرىمانە قويۇش مۇمكىن بولسا، ئۇنىڭ سىم تاناپقا تەگسە ئۆلىدۇ دېگىنى يالغان.

(3) ئەسەرنىڭ گىراماتىكىسى.

جۈملە — تىلنىڭ ئەمەلىي ئىستېمال بىرلىكى، شۇنداقلا ئەسەر تەھرىرلەشنىڭمۇ ئاساسىي بىرلىكى، جۈملىدە بەلگىلىك رول ئوينايدىغان بۆلەكلەر (ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى، هالەت قاتارلىقلار) بولىدۇ. بۇ بۆلەكلەر جۈملىدە مۇئەييەن قائىدە - تەرتىپ بويىچە ئورۇنلاشقان بولىدۇ. جۈملىدە بۇلارنىڭ ئورنى ئالمىشىپ قالسا ياكى بىر - بىرىگە ماس كەلمىسە، جۈملە مەزمۇنىغا تەسىر يېتىدۇ. بۇ جەھەتتە كۆپرەك كۆرۈلىدىغان نۇقسانلار: ① جۈملىنىڭ گىراماتىكىلىق قۇرۇلمىسى مۇكەممەل بولماسلىق (زۆرۈر تەركىبلەرنىڭ كەم بولۇشى)؛ ② سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا توغرا بىرىكمەسلىكى، يەنى سۆز مۇناسىۋىتىنىڭ ئېنىق بولماسلىقى؛ ③ ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ، ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئېنىقلانغۇچىنىڭ توغرا بىرىكمەسلىكى؛ ④ جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ بىر - بىرىگە ماس كەلمەسلىكى؛ ⑤ جۈملە بۆلەكلىرى ئورنىنىڭ جايىدا بولماسلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، «ئۇنىڭ كەسپىي سەۋىيىسى ئاجىز» دېيىلسە، «سەۋىيە» بىلەن «ئاجىز» بىر - بىرىگە ماس كەلمىگەچكە، توغرا بولمايدۇ. «ئۇنىڭ كەسپىي سەۋىيىسى تۆۋەن» دېيىلسە، «سەۋىيە» بىلەن «تۆۋەن» بىر - بىرىگە ماس كەلگەچكە، توغرا بولغان بولىدۇ. «سوكىنىدىن تېكىلگەن چاقماق قىسقا پەلتۇ» دېيىلسە، بۇنىڭدا جۈملە بۆلەكلىرى جايىغا قويۇلمىغاچقا، توغرا بولمايدۇ. «چاقماق سوكىنىدىن تىكىلگەن قىسقا پەلتۇ» دېيىلسە، بۇنىڭدا جۈملە بۆلەكلىرى جايىغا قويۇلغاچقا، توغرا بولغان بولىدۇ. سۆزدە نۇقسانىنىڭ بار - يوقلۇقىنى تەكشۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسى — گىراماتىكا جەھەتتىن تەهلىل قىلىش، يەنى جۈملىنىڭ تىپىنى تەهلىل قىلىش؛ جۈملىنىڭ تەركىبلىرىنى تەهلىل قىلىش؛ ئاخىرىدا جۈملىنىڭ هەرقايسى بۆلەكلىرىنى بىر - بىرىگە باغلاپ كۆزىتىش.

(4) ئەسەرنىڭ تىنىش بەلگىلىرى.

ئەسەرنى تەهرىرلەش جەريانىدا تىنىش بەلگىلىرىنىڭ توغرا ئىشلىتىلگەن - ئىشلىتىلمىگەنلىكىگە ئالاهىدە دىققەت قىلىش كېرەك. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، يازما نۇتۇقتا «هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى» دە كۆرسىتىلگەن 12 خىل تىنىش بەلگىسى ئۆز ئالدىغا ئايرىم - ئايرىم رول ئوينايدۇ. تىنىش بەلگىلىرى جۈملىلەرنىڭ مەزمۇنىنى توغرا ۋە ئېنىق چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدۇ. ئەگەر تىنىش بەلگىلىرى جايىدا ئىشلىتىلمىسە،

www.uyghurkitap.com

جۈملىنىڭ مەزمۇنى ۋە سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ - دە، جۈملە مۇجمەل بولۇپ قالىدۇ ياكى سۆزنىڭ مەنىسىگە بىۋاستە تەسىر يېتىدۇ. مەسىلەن:

— توختى، ئاكام نەگە كەتتى؟

— توختى ئاكام نەگە كەتتى؟

يۇقىرىدىكى مىسالدا بىر پەش — «،» نىڭ قويۇلغان - قويۇلمىغانلىقى جۈملە مەزمۇنىنى ئىككى خىل شەكىلگە كەلتۈرگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئەسەرنىڭ ئىملاسىمۇ ناھايىتى مۇھىم. ئاپتور ياكى تەرجىمان مەتبەئە ياكى كوررېكتورلۇققا ئورۇنسىز قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئەسەرنى «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى» دىكى تەلەپ بويىچە يېزىپ چىقىپ ياكى كۆچۈرتۈپ، نەشرىيات ئورۇنلىرىغا تاپشۇرۇشى كېرەك.

(5) ئەسەرنىڭ سۆز - ئىبارىسى.

1) سۆز مەنىسىگە دائىر مەسىلىلەر. بىزگە مەلۇم، بىر سۆز لېكسىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق مەنىگە ئىگە بولۇشتىن تاشقىرى، يەنە كۆچمە مەنىگە، كېڭەيگەن ياكى تارايغان مەنىگە ئىگە بولغان بولىدۇ. بەزى ئاپتورلار بۇنىڭغا دىققەت قىلماي، جۈملە مەنىسىگە نۇقسان يەتكۈزىدۇ. بىر سۆز يەككە تۇرغاندا، ئۇنىڭدا توغرا ياكى ناتوغرا، مۇۋاپىق ياكى نامۇۋاپىق بولۇش مەسىلىسى مەۋجۇت بولمايدۇ. ئۇ سۆز باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ گىراماتىكىنىڭ ئېھتىيارىغا ئۆتۈپ جۈملە بولۇپ، تولۇق ئوي - پىكىرنى ئىپادىلىگەن چاغدا، ئاندىن ئۇ سۆزنىڭ ئىشلىتىلىشى توغرا ياكى ناتوغرا، مۇۋاپىق ياكى نامۇۋاپىق بولۇش مەسىلىسى كېلىپ چىقىدۇ. سۆز مەنىسىنى بىلمىگەندە، ئوي - پىكىرنى توغرا ئىپادىلەش مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن، «جۇڭخېي ماركىلىق توڭلاتقۇ» تونۇشتۇرۇلغان ئېلاندا: «بۇ توڭلاتقۇ توڭلاتقۇلارنىڭ پىرى» دېيىلگەن. بۇنىڭدىكى «پىر» سۆزى مەنىسىنى بىلمەي ئىشلىتىلگەن سۆز جۈملىسىگە كىرىدۇ. «پىر» دېگەن سۆزنىڭ ئىككى مەنىسى بار: بىرى، ئۇ بىرەر كەسىپنىڭ ئاساسچىسى، شۇ كەسىپنى بارلىققا كەلتۈرگۈچىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە بىرى، سوپى - ئىشانلارنىڭ يېتەكچىسى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆزنى ئادەم ئۈچۈنلا ئىشلىتىشكە بولىدۇكى، نەرسە ئۈچۈن ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. «پىر» سۆزىنى توڭلاتقۇ ئۈچۈن ئىشلىتىش تولىمۇ كۈلكىلىك ئىش. يەنە، «تومۇرۇمدىكى قىزىل قانلار ساڭا نەپرەت ساداقلىرىنى بەتلەپ شىددەت بىلەن ئاتماقتا» دېگەن سۆزدىكى «ساداق» سۆزىمۇ مەنىسىنى چۈشەنمەي ئىشلىتىلگەن سۆز جۈملىسىگە كىرىدۇ. «ساداق» يا ئوقىنى سېلىپ مۈرىگە ياكى بەلگە ئېسىۋالىدىغان خالتىنى، يەنى ئوق خالتىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز. ئاپتور ئۇنى «ئوق» مەنىسىدە ئىشلەتكەن.

2) سۆزنىڭ بىرىكىش مەسىلىسى. ئىككى سۆزنى بىرىكتۈرۈشنىڭ توغرا بولغان - بولمىغانلىقى يەنىلا بىرىكتۈرۈلىدىغان سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىش - بىلمەسلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەگەر سۆز مەنىسىنى بىلمىگەندە، سۆزلەرنى خاتا بىرىكتۈرۈپ قويۇش مەسىلىسى كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن، «چىن مۇھەببەت رىشتىسى يېڭىباشتىن تىكلەندى» دېگەن سۆزدىكى «رىشتە» سۆزى بىلەن «تىكلەنمەك» سۆزى بىر بىرىگە بىرىكمەيدۇ. «رىشتە» سۆزى پەقەت «باغلانماق»، «ئۈزۈلمەك» دېگەندەك پېئىللار بىلەنلا بىرىكىپ كېلىدۇ.

3) تىل ئادىتى مەسىلىسى. تىل ئادىتى بىر

خىل تىلنى يەنە بىر خىل تىلدىن پەرقلەندۈرىدىغان ئالامەتلەرنىڭ بىرى. شۇنى بىلىش كېرەككى، سۆز قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ خىل ئالاھىدىلىك ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، ياشىغان جۇغراپىيىۋى مۇھىتى قاتارلىقلارنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىدىن كېلىپ چىققان. بىر مىللەتنىڭ تىل ئادىتىنى ئىككىنچى بىر مىللەتكە تاڭغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، «بىر چاشقان بىر قازان ئاشنى بۇلغايدۇ»، «دىمىقىدا تاپانچا ئېتىپ قويدى» دېگەن جۈملىلەرنى ئالىدىغان بولساق، بۇلار خەنزۇچىدا قانداق بولغان بولسا، شۇ بويىچە تەرجىمە قىلىنغانلىقتىن، ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ئادىتىگە ئۇيغۇن كەلمەي قالغان. ئۇيغۇر تىلىدا بىرىنچى جۈملىنى ئىپادىلەيدىغان «بىر شاتىراق موزاي پۈتۈن پادىنى بۇلغايدۇ» دېگەن سۆز بارغۇ! ئۇيغۇر تىلىدا ئىككىنچى مىسالنى ئىپادىلەيدىغان «دىمىقىنى قېقىپ قويدى» دېگەن بىرىكمە بارغۇ! دېمەك، ئاپتور ۋە مۇھەررىرلەر ئۆز مىللىتىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىگە دىققەت قىلىشى كېرەك.

4) تىلنىڭ ئامىبابلىقى مەسىلىسى. ئاپتور ئەسەرنى ئامما چۈشەنسۇن دەپ يازىدۇ ۋە يېزىشى كېرەك. ھازىر مەتبۇئاتتا كەڭ ئامما چۈشەنمەيدىغان بەزى ئەرەبچە، پارسچە، رۇسچە، خەنزۇچە سۆزلەر ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، «دانىش»، «ئەشيان قۇرۇش»، «شىكەستە»، «داچىن»، «تيەنخۇاڭ» دېگەندەك سۆزلەر بەزىدە مەتبۇئاتتا ئۇچراپ قالىدۇ. بۇنداق سۆزلەر ئىشلىتىلسە، ئۇ ئاممىنى قايمۇقتۇرۇش رولىنىلا ئوينايدۇ. ئۆزىمىزدە شۇنداق ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۇرۇقلۇق، ئۇنى ئىشلەتمەي، چەت تىلنى كەلسە كەلمەس ئىشلىتىش تىلىمىزغا شان - شەرەپ كەلتۈرەمدۇ؟ ياكى چەت تىل ئۆز تىلىمىزدىن بىر دەرىجە ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى ۋە ياكى چىرايلىق ئاڭلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلىش كېرەكمۇ؟ ياكى ئامما بىزنى چەت تىلنىمۇ بىلىدىكەن دېسۇن دەپ شۇنداق قىلىمىزمۇ؟ بۇنداق دېگەنلىك چەت تىلدىن زادىلا سۆز قوبۇل قىلمايمىز دېگەنلىك ئەمەس. بۇ ھەقتە بىز مۇشۇ ژۇرنالنىڭ 1995 - يىللىق 2 - سانىغا بېسىلغان «تەرجىمە ۋە تەرجىمە تەھرىرلىكىگە دائىر بەزى مەسىلەر توغرىسىدا» دېگەن ماقالىمىزدا تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتكەندۇق. ھازىر مەسىلە چەت تىلدىن ئورۇنسىز سۆز قوبۇل قىلىشتا كۆرۈلۈۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتور ۋە مۇھەررىرلەر تىلنىڭ ئامىبابلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك.

5) شېۋە سۆزلىرى مەسىلىسى. شېۋە بىر دىئالېكت رايونى ۋە شۇ رايون ئىچىدىكى ئايرىم جاي خەلقىنىڭ ئالاقىلىشىشى ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. دېمەك، شېۋە سۆزلىرى مەلۇم رايون دائىرىسىدىلا ئىشلىتىلىدىغان، شۇ رايون ئادەملىرى چۈشىنىدىغان، باشقا جايلار ئۈچۈن يات بولغان سۆزلەر بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى شۇ رايون بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ئەدەبىي تىل بولسا، بىرلىككە كەلگەن، قېلىپلاشتۇرۇلغان بولغاچقا، ئۇ دىئالېكت - شېۋىلەردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. دىئالېكت - شېۋىلەرنى ئىشلىتىش پىكىر ئالماشتۇرۇشنى قىيىنلاشتۇرىدۇ. مەسىلەن، «قولۇمنى زۇلپۇڭ چىقىۋالدى»، «مالاكام جاما چاپقىلى كەتتى»، دېگەن مىساللاردىكى «زۇلپۇڭ»، «مالاكا»، «جاما» دېگەن سۆزلەر شېۋە سۆزلىرى بولۇپ، چۈشىنىكسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، «زۇلپۇڭ» سۆزى ئورنىغا «ھەرە» سۆزى، «مالاكا» سۆزى ئورنىغا «ئاكا» سۆزى، «جاما» سۆزى ئورنىغا «زەيكەش» سۆزى ئىشلىتىلسە، بۇ ھەممە ئادەمگە

جۈشىنىشلىك بولىدۇ. شۇڭا مەتبۇئات ئورۇنلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى قوللىنىشى تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

دىئالېكت - شېۋىلەرنى مۇتلەق قوللانمايمىز دېگىلى بولمايدۇ. ئۇنى ئىككى خىل ئەھۋالدا قوللىنىش مۇمكىن. بىرى، ئەدەبىي تىلدا مەلۇم ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان سۆز بولمىسا، دىئالېكت - شېۋىنى قوللىنىش مۇمكىن. مەسىلەن، ئەدەبىي تىلدا ھۆل ئۈزۈم ئۈۋۈقىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز بولمىغىنى ئۈچۈن، تۇرپان شېۋىسىدىن «ئىيىن» سۆزىنى ئىشلىتىش تامامەن مۇمكىن. لېكىن ئۇنىڭغا ئىزاھ بېرىپ قويۇش كېرەك. يەنە بىرى، ئەدەبىي ئەسەرلەردە زۆرۈر بولۇپ قالغاندا دىئالېكت - شېۋىلەرنى ئىشلىتىش مۇمكىن. لېكىن ئۇنى پېرسوناژلارنىڭ ئاغزىدىن بېرىش كېرەككى، ئاپتورنىڭ ئاغزىدىن بەرمەسلىك لازىم. ئۇنىڭغىمۇ ئىزاھ بېرىپ قويۇش كېرەك.

5. ئەسەرنى تېخنىكىلىق جەھەتتىن تەھرىرلەش.

ئەسەرنى تېخنىكىلىق جەھەتتىن تەھرىرلەش دېگەندە ئەسەرنى نەشرىياتچىلىق تەلىپىگە ۋە كىتابخانلارنىڭ ئېھتىياجىغا تېخىمۇ مۇۋاپىقلاشتۇرۇش مەقسىتىدە ئىشلىنىدىغان خىزمەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەسەرنى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن تەھرىرلەشنىڭ ماھىيەتكە ياتىدىغانلىرىمۇ، ماھىيەتكە ياتمايدىغانلىرىمۇ بولىدۇ. ئەمما، ئەسەرنى تېخنىكىلىق جەھەتتە تەھرىرلەش پۈتۈنلەي ماھىيەتكە ياتمايدۇ. لېكىن تېخنىكىلىق جەھەتتىكى خاتالىق بەزىدە ماھىيەتلىك خاتالىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا بۇنىڭغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئەسەرنى تېخنىكىلىق جەھەتتىن تەھرىرلەش بىلەن مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە تەھرىرلەش كۆپ ھاللاردا گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. بۇ جەھەتتە تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش زۆرۈر:

(1) ئەسەردىكى ئوخشاش سۆز - ئىبارىلەر بىردەك بولۇشى لازىم. مۇھەررىر بىر ئەسەردىكى ئوخشاش سۆز - ئىبارىلەردىن بىرنى ئۆزگەرتىشنى زۆرۈر تاپسا، شۇ ئوخشاش سۆز - ئىبارىلەرنىڭ باشقا يەردىكىلىرىنى قانداق ئۆزگەرتىشنى ھېسابقا ئېلىشى كېرەك. ئوخشاش ئىبارىدىن بىرنى ئۆزگەرتىپ، باشقىلىرىنى ئۆزگەرتمەي ياكى ئۆزگەرتىشنى ئۇنتۇپ قېلىپ، ئوخشاش بىر سۆز-ئىبارىنى ئىككى خىل قىلىپ قويىدىغان ئەھۋالدىن ساقلىنىشى كېرەك. بىر ئەسەردە بەزى بىرىككەن سۆز - ئىبارىلەر كۆپ جايدا ئۇچرايدۇ، مەسىلەن، «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»دە، «بىرنى ئونغا تەڭ قىلىش»، «ئوننى بىرگە تەڭ قىلىش»، «ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ يوقىتىش ئۇرۇشى قىلىش» دېگەن سۆزلەر كۆپ جايدا ئۇچرايدۇ، بۇنداق سۆزلەرنىڭ بىردەكلىكىنى ساقلاش لازىم.

(2) ئەسەر قوشۇمچىسى توغرا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى كېرەك. ئەسەر قوشۇمچىسى نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟ تېكىستتىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى ئەسەر قوشۇمچىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئۆز خاراكتېرىگە قاراپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ: بىرى، تېكىستنى ئوقۇشقا ياردەم بېرىدىغان قىسمى، مەسىلەن، مۇندەرىجە، كىتاب قېشى، ئاچقۇچ (ئىندېكس) — جاي ناملىرى ئاچقۇچى، كىتابلار كاتالوگى ئاچقۇچى قاتارلىقلار؛ يەنە بىرى، ئەسەر مەزمۇنىنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدىغان ۋە تەتقىقات ماتېرىياللىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان قىسمى، مەسىلەن، كىرىش سۆز، ئاخىرقى سۆز (خاتىمە)، ئىزاھ، پايدىلىنىلغان ماتېرىيال قاتارلىقلار. ئەسەر قوشۇمچىسىنى تۈرگە

ئايرىپ كەلسەك، ئۇ بىرقانچە ئون خىلغا يېتىدۇ. بۇلار: ئەسەرنىڭ مۇقاۋىسى، كىتاب بېلى، شۇئار بېتى، تىتول، نۇسخا ئىزاھى، ئەسەرنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى، ئاپتورنىڭ سۈرىتى، بېغىشلىنىما، كىرىش سۆز، ئاخىرقى سۆز (خاتىمە)، ئەسەرنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە ئىزاھ، نەشرىيات سۆزى، مۇندەرىجە، كىتاب قېشى، ئىزاھ (ئىزاھنىڭ خىللىرى كۆپ، مەسىلەن، قىستۇرما ئىزاھ، بۇ تېكىست ئىچىگە بېرىلىدۇ، بەت ئاستى ئىزاھى، ئەسەر ئاخىرى ئىزاھى ۋەھاكازالار)، گىراپيا، قىستۇرما رەسىم، سىخېما، خەرىتە، قوشۇمچە پايدىلىنىلغان كىتابلار نامى، ئىسىملار سېلىشتۇرمىسى (خەنزۇچە - چەت ئەلچە)، ئاچقۇچ (ئىندېكس) ۋە باشقىلار (چوڭ ئىشلار يىلنامىسى، ئاتالغۇ ئىزاھى، ئاپتورلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش قاتارلىقلار). بىر ئەسەردە بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تولۇق بولۇشى ناتايىن، مەسىلەن، ئاچقۇچ (ئىندېكس) نى ئالىدىغان بولساق، بۇ لۇغەتتە كۆپرەك ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ ھەرقانداق ئەسەردە بولۇشى ناتايىن. بېغىشلىمىمۇ شۇنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ؛ بەزىلىرى چوقۇم بولۇشى كېرەك، مەسىلەن، مۇندەرىجە، مۇقاۋا تېشى، تىتول ۋەھاكازالار.

## تۆتىنچى، ئەسەرنى تەھرىرلەش جەريانىدا رىئايە قىلىنىدىغان پرىنسىپلار

ئەسەرنى تەھرىرلەشنىڭ بەلگىلىك پرىنسىپلىرى بولىدۇ. بۇ پرىنسىپلار ئاساسەن تۆت:

(1) ئاپتورنىڭ نۇقتىئىنەزىرى، پىكىر قىلىش يولى ۋە نەزەرىيىۋى ئاساسلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتمەسلىك؛ ئاپتورنىڭ ئەدەبىي ئۇسلۇبىغا ھۆرمەت قىلىش. كېزى كەلگەندە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئاپتورنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ ئەسەرگە ماھىيەتلىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشكە ئەسەر ھوقۇقى قانۇنى يول قويمايدۇ. ئەمما بىزدە ئەسەرگە ماھىيەتلىك تۈزىتىش كىرگۈزگەندە ۋە ئەسەرنى كۆپلەپ قىسقارتقان، ئۇنىڭغا ماھىيەتلىك مەزمۇنلارنى قوشقاندا، ئاپتورنىڭ پىكرىنى ئالمايدىغان، مۇھەررىر ئۆزىنى ئاپتورنىڭ ئورنىغا قويىدىغان، ئاپتورمۇ ئۆزىنىڭ ئەسىرىنىڭ نەشىر قىلىنغانلىقىغا خۇش بولۇپ، ئۇنداق ئەھۋاللارغا سۈكۈت قىلىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت. بۇ ئىككى خىل ئەھۋالنىڭ ھەر ئىككىسى توغرا ئەمەس. ئالدىنقىسى ئاپتورنىڭ ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلغانلىق بولسا، كېيىنكىسى ئۆز ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىپ، مەسئۇلىيەتسىزلىك پوزىتسىيىسىنى تۇتقانلىق بولىدۇ.

(2) ئۆزگەرتىسىمۇ، ئۆزگەرتمىسىمۇ بولىدىغان سۆز - ئىبارىلەرنى قەتئىي ئۆزگەرتمەسلىك.

(3) ئالدى بىلەن نۇقسانىنى تېپىش، ئاندىن ئۆزگەرتىش. بىزدە يەڭگىللىك بىلەن قەلەم تەۋرىتىپ، توغرىنى خاتا قىلىپ قويىدىغان، بىر خىل ئېلىنغان سۆزلەرنى ئۆزگەرتىپ ئىككى خىل قىلىپ قويىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت، بۇنداق ئەھۋالدىن ساقلىنىشىمىز لازىم.

(4) ئۆزگەرتكەندە، ئاساسلىق ئۆزگەرتىش. ئاساس تاپماي تۇرۇپ، «شۇنداق بولسا كېرەك» دېگەن تەسەۋۋۇر بىلەن ئۆزگەرتىش خاتالىقنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەب بولىدۇ. ئاساسىمىز ئىشەنچىمىز بولمىسا، گۇمانلىق مەسىلە قاتارىدا ئاپتورغا مۇراجىئەت قىلىشىمىز لازىم.

www.uyghurkitap.com

## بەشىنچى، ئەسەرنىڭ بەت نۇسخىسىنى كۆرۈش مەسىلىسى

ئەسەرنىڭ بەت نۇسخىسىنى كۆرۈش ئەسەر تەھرىرلىكى جەريانىدا ئاخىرقى ھالقا، يەنى تەھرىرلىك خىزمىتى ئۈچۈنمۇ ئاخىرقى ھالقا بولغاچقا، بۇنىڭغا ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتۇش كېرەك. بەزى خاتالىقلار مۇشۇ ھالقا چىڭ تۇتۇلمىغانلىقتىن يۈز بېرىدۇ. ئەگەر خاتالىق مۇشۇ ھالقىدا سېزىۋېلىنماي ئۆتۈپ كېتىپ قالسا، ئەسەر خاتا پېتى نەشىردىن چىقىدۇ.

مۇھەررىر بەت نۇسخىسىنى نەشرىيات كوررېكتورلىرى ئىككى قېتىم كوررېكتورلۇقتىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن كۆرسە بولىدۇ. بۇ ھالقىدا دىققەت قىلىنىدىغان ئىشلار:

(1) ئەسەر تېكستىنى باشتىن - ئاخىر ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقىپ، تەھرىرلەشتە سېزىلمەي قالغان ئايرىم مەسىلىلەرنى تۈزىتىش.

(2) مۇقاۋا، كىتاب بېلى، تىتول، نۇسخا ئىزاھى، كىرىش سۆز، كىتاب نامى، ئاپتورنىڭ ئىسىم - فامىلىسى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، مۇۋاپىق بولماي قالغان يەرلىرىنى تۈزىتىش.

(3) مۇندەرىجىدىكى ماۋزۇلار بىلەن تېكست ئىچىدىكى ماۋزۇلارنىڭ بىردەك بولغان - بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ چىقىش.

(4) گىراپىيا، قىستۇرما رەسىم، خەرىتە، سخېما، ئورنىنىڭ جايىغا ئورۇنلاشقان - ئورۇنلاشمىغانلىقىنى تەكشۈرۈش.

(5) ماۋزۇ شۇ بەتنىڭ ئاخىرقى قۇرلىرىغا چۈشۈپ قالغان بولسا، ئۇنى كېيىنكى بەتنىڭ بېشىغا يۆتكەش.

(6) بەت ئاستى ئىزاھى شۇ بەتتە تۈگىمەي، ئۇنى كېيىنكى بەتتە داۋاملاشتۇرۇشقا توغرا كەلسە ۋە ئاخىرقى قۇر چېكىت بىلەن ئاخىرلىشىپ قالغان بولسا، كىتابخانلارغا «ئىزاھ ئاخىرلىشىپتۇ» دېگەن تەسىراتنى بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن، شۇ ئاخىرقى قۇرنى چېكىت بىلەن ئاخىرلاشتۇرماي، تېخنىكىلىق جايلاشتۇرۇش ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش.

(7) كەلتۈرۈلگەن نەقىللەرنى، بولۇپمۇ ماركسىزم ئەسەرلىرىدىن كەلتۈرۈلگەن نەقىللەر (نەقىل سۆزى، كىتاب نامى، بەت نومۇرى) نى بىر قېتىم ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئەسلى ئەسەردىكىسى بىلەن ئوخشاش بولماي قالغان جايلىرىنى تۈزىتىش.

(8) نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئوخشاش بىر كىتابنىڭ نامى بىر بەتتە بىرنەچچە قېتىم ئۇچرىسا، شۇ كىتابنىڭ نامىنى قايتا تەكرارلاش ھاجەتسىز، «يۇقىرىدىكى كىتاب» دېسىلا كۇپايە.

(9) بەزى ئەسەرلەردە «مۇشۇ كىتابنىڭ × × بېتىگە قارالسۇن» ياكى «مۇشۇ كىتابنىڭ × × ئىزاھىغا قارالسۇن» دېگەن سۆزلەر ئۇچرايدۇ. بۇنى بەت ياسىلىشتىن ئىلگىرى تولدۇرغىلى بولمايدۇ، ئەستىن چىقىرىپ قويماي، بەت ياسالغاندىن كېيىن ئۇنى تولدۇرۇپ قويۇش لازىم.

## ئالتىنچى، ئەسەرنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئاپتورنىڭ ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى بىلەن تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ مۇناسىۋىتى

ئەسەرنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئاپتورنىڭ ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى بىلەن تەھرىرلىك خىزمىتى — بۇ ئىككى تەرەپ ئەسەرنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك

قىلىشتا بىرى كەم بولسا بولمايدىغان ئىككى مۇھىم ئامىل. بۇ ئىككىسىنىڭ پەرقىنى ئايرىۋېلىش ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش تەھرىرلىك خىزمىتىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

«ئەسەرنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئاپتور ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ» دېگەننى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ بۇ، ئاپتور ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ۋە ئىپادىلەش شەكلىگە مەسئۇل بولىدۇ، ئۇ ئەسەرنىڭ سۈپىتىگە، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىدىيۋىلىكى ۋە ئىلمىيلىكىگە قارىتا ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا بولمايدىغان جاۋابكارلىقنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ، دېگەنلىك. مۇھەررىرنىڭ ۋەزىپىسى كىتابخانلارنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاپتورغا ياردەملىشىپ ئەسەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشۈپ بېرىشتىن ئىبارەت. ئەسەر ھوقۇقى قانۇنىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئاپتور ئۆز ئەسىرىنىڭ «مۇكەممەللىكىنى قوغداشقا، ئېلان قىلىنىپ بولغان ئەسىرىنى تۈزىتىشكە ھەقلىق»؛ «ئاپتورنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ، ئەسەرگە ماھىيەتلىك تۈزىتىش كىرگۈزۈش ياكى ئاپتورنىڭ شەنىنى بۇلغايدىغان تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزۈش» «باشقىلارنىڭ ئەسەر ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىدىغان قىلمىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.»

ماھىيەتلىك تۈزىتىش كىرگۈزۈش دېگەننى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ بۇ، ئاپتورنىڭ نۇقتىئىنەزىرى، پىكىر قىلىش يولى، كۆرسەتكەن نەزەرىيىۋى ئاساسلىرى، ئۇسلۇبى، شۇنىڭدەك قىسمەن، بابلار قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارىتىلغان. ماھىيەتكە ياتمايدىغان تۈزىتىش دېگەنلىك، ئاپتورنىڭ ئىدىيىسىنى تېخىمۇ توغرا، ئېنىق قىلىش، تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش مەقسىتىدە قىلىنغان تۈزىتىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئاپتور ئەسەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۆزۈم ئۈستۈمگە ئالغاندىكەن، ئەسەرگە مۇھەررىر تۈزىتىش كىرگۈزسە بولمايدۇ دەپ تۇرۇۋالسا بولمايدۇ. ئەسەر ھوقۇقى قانۇنىدا: «مۇھەررىر ئەسەرنى ئۆلچەمگە چۈشۈرۈش، گرامماتىكىغا سېلىش، ئىخچام قىلىش ۋە قائىدىگە چۈشۈرۈش تەلىپىگە لايىقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنى تۈزەتسە ياكى قىسقارتسا بولىدۇ، لېكىن ئاپتورنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ ئەسلى ئەسەرنىڭ مەقسىتى ۋە مەنىسىنى ئۆزگەرتىۋەتسە بولمايدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇنىڭدىن بىلىندىكى، مۇھەررىر يۇقىرىدىكى پرىنسىپقا ئاساسەن، ئەسەرگە تۈزىتىش كىرگۈزسە بولىدۇ؛ ئاپتورنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ ئەسەرگە ماھىيەتلىك تۈزىتىش كىرگۈزسە بولمايدۇ.

ئاخىردا، تەھرىرلىك خىزمىتىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان، ئەسەرنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدىغان كوررېكتورلۇق خىزمىتىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## يەتتىنچى، كوررېكتورلۇق خىزمىتىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىلىرى

كوررېكتورلۇق خىزمىتى نەشرىياتچىلىق خىزمىتىدە كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ھالقا. كوررېكتورلۇق خىزمىتىنىڭ ياخشى ياكى ناچار ئىشلىنىشى ئەسەرنىڭ سۈپىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ھەربىر كوررېكتور ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىپ، كوررېكتورلۇق خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئىشلىشى كېرەك. ئورگىنالغا سادىق ۋە مەسئۇل بولۇش كوررېكتورلۇق خىزمىتىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى

www.uyghurkitap.com

بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كوررېكتورلۇق خىزمىتىنىڭ كونكرېت ۋەزىپىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

(1) مەتبەئەدە چۈشۈپ قالغان، خاتا ۋە تەكرار تىزىلغان جايلارنى تۈزىتىش؛ ئەسەردە مەزمۇن خاتالىقى بار دەپ قارىسا، مۇھەررىرنىڭ تۈزىتىشى توغرىسىدا تەكلىپ بېرىش.

(2) ھەرپ خاتالىقلىرىنى تۈزىتىش؛ ئىملا خاتالىقىنى توغرىلاش؛ باش قۇر ۋە ھەرپنىڭ چوڭ كىچىكلىكى جەھەتتىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىش.

(3) بەلگە ۋە فورما جەھەتتىكى خاتالىقنى تۈزىتىش.

(4) جاۋابكار مۇھەررىرگە ياردەملىشىپ، بەت نۇسخىسىنىڭ ئەسلى لايىھىگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكى ياكى ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى تەكشۈرۈش؛ بەت نومۇرى، كىتاب قېشىنىڭ توغرا بولغان - بولمىغانلىقى، سىزىقنىڭ ئىنچىكە - توملۇقىنىڭ جايىدا بولغان - بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈش.

(5) جاۋابكار مۇھەررىرگە ياردەملىشىپ، قىستۇرما سۈرەت، جەدۋەل، گرافىلار ئورنىنىڭ جايىدا بولغان - بولمىغانلىقى، قۇر ئارىلىقى ۋە جۈملە ئايرىشنىڭ تەلەپكە ئۇيغۇن كېلىدىغان - كەلمەيدىغانلىقى، ئىزاھ، نەقىل، پايدىلىنىلغان ماتېرىيال قاتارلىقلار زىتىنىڭ جايىدا بولغان - بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈش.

(6) جاۋابكار مۇھەررىرگە ياردەملىشىپ، مۇقاۋا، تىتولنىڭ جايىدا بولغان - بولمىغانلىقىنى، ئاپتور، تەرجىمانلار ئىسمى - فامىلىسىنىڭ توغرا بولغان - بولمىغانلىقى، مۇندەرىجىدىكى ماۋزۇلار بىلەن تېكىست ئىچىدىكى ماۋزۇلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى تەكشۈرۈش؛ مۇندەرىجىدىكى بەت نومۇرىنى تولدۇرۇش ۋەھاكازالار.

(7) كوررېكتورلۇق ئۇسۇلى جەھەتتە، كوررېكتورلۇق سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئەسەرنىڭ نەشىردىن چىقىش ۋاقتىنى قىسقارتىش ئۈچۈن، ئەسەرنىڭ خاراكتېرى ۋە بەت نۇسخىسىنىڭ پاكىزلىق ئەھۋالىغا قاراپ، جانلىق ئۇسۇل قوللانسا بولىدۇ. مەسىلەن، ئوخشاش بىر نۇسخىدا ئارقا - ئارقىدىن كوررېكتورلۇق قىلىش قاتارلىق.

(8) كوررېكتورلۇق قېتىم سانىنى ئەسەر ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلىسە بولىدۇ. ئادەتتە، نەشرىيات كوررېكتورلىرى 1 — 3 - قېتىملىق كوررېكتورلۇقنى قىلىدۇ. يېرىك، مۇھىم ئەسەرلەر كوررېكتورلۇقىنىڭ قېتىم سانىنى ئەھۋالغا قاراپ كۆپەيتىسە بولىدۇ.

يۇقىرىدا تەھرىرلىككە، بولۇپمۇ ئىجادىي ئەسەرلەرنىڭ تەھرىرلىكىگە دائىر بەزى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۇم. مېنىڭ بۇ كۆز قاراشلىرىم تولۇق بولمىغان، يېتەرسىزلىك ۋە سەۋەنلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى مۇمكىن، كەسپداشلارنىڭ، ئاپتورلارنىڭ ۋە كىتابخانلارنىڭ تەنقىدىي پىكىرلىرىنى سەممىي قوبۇل قىلىمەن.

# يازغۇچى زۇنۇن قادىرى ھەققىدە

ئازاد سۇلتان

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، ئاتاقلىق يازغۇچى ۋە دراماتۇرگ زۇنۇن قادىرىنىڭ ھاياتى ھەم ئىجادىي پائالىيەتلىرى ماكرولۇق لىنىيە بويىچە بايان قىلىنغان. زۇنۇن قادىرىنىڭ دراما ۋە پروزا ئىجادىيىتىدە ئىپادىلەنگەن ئالاھىدىلىكلەر ھەم ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى توغرىسىدىكى ئىلمىي يەكۈنلەر مىكرولۇق نۇقتىلارنى ھاسىل قىلغان بولۇپ، يازغۇچى ھەققىدىكى مەخسۇس تەتقىقاتنى كەڭ دائىرە ۋە بەلگىلىك چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلغان، زۇنۇن قادىرىنىڭ ئىجادىيىتىگە قارىتا چۈشەنچىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش مەقسىتىدە «چىنىقىش» ھېكايىسى نۇقتىلىق تەھلىل قىلىنغان.

زۇنۇن قادىرى — ئۇيغۇر ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋاسى، شۇنداقلا جۇڭگو ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى ئاتاقلىق شەخسلەردىن بىرى. ئۇ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان دراماتۇرگىيىسى، پروزىسى ۋە مىللىي چۆچەك، مەسەلچىلىكىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالغۇچى، يول باشلىغۇچى يازغۇچىدۇر.

زۇنۇن قادىرى ئەسەرلىرى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ماھىيەتلىك مەسىلىلىرىنى تېما قىلغانلىقى، تەسىرلىك، گۈزەل بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئۇيغۇر مىللىي خاراكتېرىنىڭ بەزى خاس تەرەپلىرىنى يورۇتقانلىقى، ئىدىيە ۋە بەدىئىي قىممىتىنىڭ بەلگىلىك ئەبەدىيلىككە ئىگە بولغانلىقى بىلەن جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە مەشھۇر. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت يولى بىلەن تۆھپىلىرىنى توغرا باھالاش، تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش ئۇيغۇر ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى ھەققىدە سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1

ئۇلۇغ ئالىم ئېينىشتېين: «ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىغا چىدىغان نەرسە ھەقىقەت بولىدۇ»①

① «تەپەككۇر گۈلشەنى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ نەشرى، 420 ـ بەت.»

www.uyghurkitap.com

دېگەنندى. زۇنۇن قادىرى (1911 — 1989) نىڭ هاياتى، بولۇپمۇ ئەدەبىي هاياتى، مەلۇم مەنىدە، نۇرغۇن مۇشكۇل، مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلىدى. زۇنۇن قادىرى كىچىكىدىلا مول، رەڭگارەڭ بەدىئىي زۇقلاندۇرۇش كۈچىگە ئىگە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچراپ، ئەدەبىياتقا ئىشتىياق باغلىدى. ئۇ مەلۇم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە روسىيە، فرانسىيە قاتارلىق ئەللەرنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشتى. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە چەت ئەل ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى زۇنۇن قادىرىنى مەلۇم بەدىئىي تەربىيىگە، بەدىئىي تەپەككۇرغا، بەدىئىي دىت، بەدىئىي ماھارەتكە ئىگە قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ دراماتۇرگىيە، پروزا ۋە مىللىي چۆچەك مەسەل ئىجادىيىتىدە خېلى مول نەتىجىلەرنى قازاندى.

ئۇ ئۆز ئىجادىيىتىنى درامىدىن باشلىدى. ئۇنىڭ تۇنجى دراممىسى «جاهالەتنىڭ جاپاسى» ناملىق 3 پەردىلىك درامىدىن ئىبارەت. بۇ دراما 1937 - يىلى ئېلان قىلىنغاندا، جەمئىيەتتە خېلى تەسىر قوزغىدى. دراماتۇرگ 1944 - يىلغىچە «ئۇچراشقاندا»، «غۇنچەم»، «گۈلنىسا» قاتارلىق 10 نەچچە پارچە سەھنە ئەسىرىنى ئېلان قىلىپ، بىخ سۈرۈۋاتقان هازىرقى زامان ئۇيغۇر دراماتۇرگىيىسىنىڭ بايراقدارىغا ئايلاندى.

1944 - يىلدىن كېيىن، زۇنۇن قادىرى ئەسەرلىرى تېما جەھەتتە كەڭلىككە، بەدىئىيلىك جەھەتتە مۇكەممەللىككە، بەدىئىي پىكىر جەھەتتە چوڭقۇرلۇققا قاراپ يۈزلىنىپ، «رودىپاي»، «كۆچۈككە ھۆججەم»، «ماغدۇر كەتكەندە» قاتارلىق مەشھۇر ھېكايىلەرنى يازدى. بۇ ھېكايىلەرنىڭ، بولۇپمۇ «ماغدۇر كەتكەندە» ناملىق ھېكايىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى زۇنۇن قادىرىنىڭ ئاجايىپ بەدىئىي تالانتىنى نامايان قىلدى، شۇنداقلا بۇ ھېكايىلەر ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىنىمۇ نامايان قىلدى.

تارىخنىڭ قۇدرەتلىك ئۇلۇغ ئېقىنىدا ئۇلۇغ يازغۇچىلار مەيدانغا كېلىدۇ. چۈنكى قۇدرەتلىك تارىخىي ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىيات يازغۇچىنىڭ ئىدىيە ۋە سەنئەت جەھەتتە تېخىمۇ كامالەتكە يېتىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. 50 - يىللاردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي بۇرۇلۇش ياسىغانلىقى زۇنۇن قادىرى ئىجادىيىتىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنىڭدا زور بۇرۇلۇش ھاسىل قىلدى. ئۇ يېڭىچە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ماھىرلىق بىلەن كۆزىتىپ، بۇ مۇناسىۋەتلەرنى يېزىش ئارقىلىق يېڭى شەيئىلەرنى قىزغىن مەدھىيىلىدى. ئۇ بۇ مەزگىلدە «چېنىقىش»، «گۇمان»، «قىزىلگۈل»، «بەختىخاننىڭ هاياتى»، «رەھمەت» قاتارلىق ھېكايە، ئوچېركلەرنى، «توي» («يېزىدىكى ئۆزگىرىش») ناملىق سەھنە ئەسىرىنى، «غېرىب - سەنەم» كىنو سىنارىيىسىنى ۋە «غەزەپ» رومانىنىڭ بىر قەدەر تولۇق لايىھىسىنى يېزىپ چىقتى.

60 -، 70 - يىللاردا، ئۇ «سول» چىل لۇشيەنىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، ئىجادىيەت ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىندى. 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ قايتىدىن قولىغا قەلەم ئېلىپ، بىرمۇنچە چۆچەك، مەسەللەرنى، چوڭ ھەجىملىك «زۇنۇن قادىرى ئەسلىمىلىرى» نى يېزىپ چىقتى.

يازغۇچىنىڭ «غۇنچەم» ۋە «چېنىقىش» ناملىق ئەسەرلىرى جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتى تۈزگەن «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن تاللانمىلار» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلدى، يەنە ئۇنىڭ بىرمۇنچە ئەسەرلىرى ئالىي ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكلىرىگىمۇ كىرگۈزۈلۈپ، ئىجادىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلدى، بىرنەچچە خىل ئەدەبىي قامۇستا ئۇنىڭ ئىجادىيىتى تونۇشتۇرۇلدى. زۇنۇن قادىرىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئەدەبىياتشۇناسلار ۋە ئوبزورچىلارنىڭ تەتقىقات تېمىسىغا ئايلىنىپ، بۇ ھەقتە بىرمۇنچە سۈپەتلىك ئىلمىي ماقالىلەر ۋە

ئوبزورلار ئېلان قىلىندى. يازغۇچىنىڭ 50 - يىللارنىڭ بېشىدا ئىجاد قىلغان «توي» ناملىق درامىسى 1955 - يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك دراما ئىجادىيەت كۆرىكىدە «مۇنەۋۋەر ئەسەر» مۇكاپاتىغا، «چىنىقىش» ناملىق ھېكايىسى بىلەن «غۇنچەم» درامىسى 1981 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى 30 يىللىق ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى باھالاش - مۇكاپاتلاش يىغىنىدا ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

زۇنۇن قادىرى ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى ئىچىدە ئەسەرلىرى ئەڭ دەسلەپ خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان يازغۇچى بولۇپ سانىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى خەنزۇ تىلىدىن باشقا يەنە رۇس، ئىنگلىز، نېمىس، فرانسۇز، ياپون، قازاق، ئۆزبېك تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ھەرقايسى ئەل كىتابخانلىرىغا تونۇشتۇرۇلدى.

زۇنۇن قادىرىنىڭ ئازغىنە كەم يېرىم ئەسىرلىك ئىجادىيەت ھاياتى ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرغان ئەسەرلىرى سان جەھەتتىن بەك كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما ئەسەرلىرىنىڭ سۈپەت - ساپاسى تا ھازىرغىچە ئۇيغۇر دراماتۇرگىيىسى ۋە پروزىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ كەلمەكتە.

2

زۇنۇن قادىرى ئۆز ئىجادىيىتىنى ئاممىباپلىقى ۋە تەسىرچانلىقى كۈچلۈك بولغان درامىدىن باشلىغانىدى. ئۇ دەسلەپكى مەزگىلدە يازغان 10 نەچچە پارچە درامىسىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك زۇلمەتلىك جەمئىيەت ۋە زۇلۇمنى قاتتىق سۆككەن. ئېزىلگەن، خورلانغان ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىنى چوڭقۇر ھېسداشلىق بىلەن تەسۋىرلىگەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ زالىملارغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى تولۇقى بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئىلھام بەرگەن. ئۇنىڭ درامىلىرىدا ئىپادىلەنگەن مەزمۇن ئورتاقلىقى «غۇنچەم» درامىسىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. بۇ دراما تارىخىي تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپىنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىپ، دراما ئىجادىيىتىنى يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشتە زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۆرنەكلىك ئەسەر دەپ قارىلىشقا ھەقلىق، ئەلۋەتتە.

زۇنۇن قادىرىنىڭ درامىلىرىنى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە دېيىشكە بولىدۇ:

1. زۇنۇن قادىرى درامىلىرى رېئالىستىك ئىجادىيەت مېتودى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئاساسى پۇختا، تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك، شۇڭا ئۇنىڭ درامىلىرىنى تۇرمۇش سەھنىسىدە ئېچىلغان تۇزىماس سەنئەت گۈلى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئەسەرلەرنىڭ تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنىڭ چىن ۋە ئىشەنچلىك بولغانلىقىدا، پېرسوناژلارنىڭ قىياپەت، ھەتتا كىيىم - كېچەك، گەپ - سۆز، ھەرىكەتلىرىدىن تارتىپ خاراكتېر، پسىخىكىلىرىدىچە بولغان ئامىللاردا تۇرمۇش چىنلىقى بەدىئىي چىنلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىدە روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

2. زۇنۇن قادىرى درامىلىرىدا دراماتىك توقۇنۇشلار كەسكىن بولۇپ، زىددىيەتلەر ئۆتكۈر ۋە جىددىي تۈس ئالغان. پېرسوناژلار ھەمىشە ئۆز خاراكتېرىنىڭ مەنتىقىلىق ئىپادىسىنى، شۇنىڭدەك ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتلىرىنى يورۇتۇشقا ئىمكانىيەت بېرىدىغان يېتەرلىك دەرىجىدىكى دراماتىك توقۇنۇشلار بىلەن تەمىنلىنىدۇ. ئۇلار باشتىن - ئاياغ مۇشۇنداق مەركەزلەشتۈرۈلگەن تىپىك بەدىئىي سەھنىدە ھەرىكەت قىلىدۇ.

3. زۇنۇن قادىرى درامىلىرىنىڭ تىلى يۈكسەك دەرىجىدە تاۋلانغان بولۇپ، جانلىق، ئاددىي، يىغىنچاق. مەيلى مۇھىت ياكى قىياپەت تەسۋىرلىرىدە بولسۇن، مەيلى پسىخىك پائالىيەتلەرنىڭ تەسۋىرلىرىدە بولسۇن، ئاپتور ئاددىي، چۈشىنىشلىك ۋە جانلىق تىلدا سۆزلەيدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ درامىلىرىدىكى دىئالوگلار ئىخچام،

تۇرمۇش بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولۇپ، پېرسوناژلارنىڭ سالاھىيىتىگە، خاراكتېرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. دراماتۇرگنىڭ دراملىرىنىڭ تىلى ئۇنىڭ تىل ئىشلىتىشتىكى يۇقىرى ماھارىتىنى نامايان قىلدى. زۇنۇن قادىرى ھەقىقەتەن يېتىلگەن تىل ئۇستىسى ئىدى.

دراما ئىجادىيىتىدە مانا مۇشۇنداق يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن دراماتۇرگ زۇنۇن قادىرى 1945 ـ يىلدىن ئېتىبارەن «توي» ناملىق بىر پارچىلا دراما يېزىپ، ئۆز ئىجادىيىتىنى پروزىغا يۆتكىدى. چۈنكى ئۇ تېز ۋە ئۇزلۇكسىز يۈز بېرىۋاتقان ھايات ئۆزگىرىشلىرىنى تېزرەك، ئەركىنرەك ئەكس ئەتتۈرۈشتە پروزىنىڭ ئەپلىك ژانىر ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغانىدى. شۇڭا ئۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىر يۈرۈش ياخشى ھېكايىلەرنى ئىجاد قىلىپ، جامائەتنى ھەيران قالدۇردى. ئۇنىڭ پروزىغا قىزىقىپ قېلىشى ۋە ئىجادىيىتىنى درامىدىن پروزىغا يۆتكىشى پروزىنىڭ ئىچكى ئالاھىدىلىكلىرىگە باغلىق. پروزىنىڭ مەزمۇن ئىپادىلەشتە ماكان ۋە زامانىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىقى، بولۇپمۇ پروزىدە پېرسوناژلارنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقلىرىغا شۇڭغۇپ كىرىشنىڭ تېخىمۇ كەڭ ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقى زۇنۇن قادىرىنىڭ ئېستېتىك ئىزدىنىشلىرىگە باپ كەلگەنىدى. يازغۇچىنىڭ دراما ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ پروزا ئىجادىيىتى ئۈچۈن ئىنتايىن ياخشى تەييارلىق ئىدى. مەسىلەن، ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدىكى مۇھىت تەسۋىرى، پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ روشەن ۋە يارقىنلىقى قاتارلىقلار ئۇنىڭ دراما ئىجادىيىتىدىكى ھاسىلاتلىرى بىلەن باغلىنىشلىق. چۈنكى، بىرىنچىدىن، سەھنە ئەسەرلىرىدە مۇھىت ـ شارائىتنى ئىخچام ۋە تېپىك قىلىپ تەسۋىرلەش ئىنتايىن مۇھىم. ئۇ پېرسوناژلار پائالىيىتىنى سەھنىنىڭ ئىچىدىكى سەھنە بىلەن تەمىنلەيدىغان مۇھىم بىر تەرەپ. ئىككىنچىدىن، دراماتۇرگنىڭ ماھىر ياكى ماھىر ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىل دىئالوگدۇر. درامىنىڭ دىئالوگى سۈنئىي ۋە سۆرەلمە بولسا، دراما ياخشى چىقمايدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، درامىنىڭ ياخشى ياكى ناچارلىقى ئاپتورنىڭ دىئالوگنى يېزىشتىكى ماھارىتىگە باغلىق.

زۇنۇن قادىرى دراما ئىجادىيىتىدە زور مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى ھاسىل قىلغان، بەدىئىي سىناقلاردىن ئۆتكەن بولغاچقا، پروزا ئىجادىيىتىگە كۆچكەندىن كېيىن ئۇزاق مەزگىل ھېكايىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. يازغانلىكى ئەسەرلىرى ئاساسەن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىقتى. شۇ ئەسەرلىرى ۋە ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر ھازىرقى زامان پروزىسىغا ئاساس سېلىپ بەردى. مەسىلەن، «رودۇپاي» ۋە «ماغدۇر كەتكەندە» ھېكايىلىرى يەتكەن بەدىئىي يۇكسەكلىك ئەينى دەۋردىلا ئەمەس، ھەتتا بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر پروزىسىدىمۇ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە بولۇپ كۆزنى قاماشتۇرۇپ كەلمەكتە.

زۇنۇن قادىرى بۇ مەزگىللەردە ئۆزىنىڭ ئېستېتىك ئېڭىدىكى چوڭقۇرلۇقنى يۇقىرىدا بىز تىلغا ئالغان «گۈلنىسا»، «غۇنچەم» قاتارلىق دراملىرىدا ئىپادىلەپلا قالماي، ئۇيغۇر رېئالىستىك پروزىسىنىڭ ئۇل تېشى بولۇپ قالغان «ماغدۇر كەتكەندە» ھېكايىسىدىمۇ كۆرسەتتى. بۇ ھېكايىنىڭ رېئالىستىك پروزىمىزدىكى ئەڭ ئۇتۇقلۇق چىققان ئەڭ دەسلەپكى ھېكايە ئىكەنلىكىدىن ھېچكىم شەكلەنمەيدۇ. بىراق مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇ ئەسەرنىڭ بەدىئىي جەھەتتىن، بولۇپمۇ ئېستېتىك قىممىتى جەھەتتىن باشقا يازغۇچىلارنىڭ ئېستېتىك ئېڭىغا، جۈملىدىن تراگېدىيە ئېڭىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى تولۇق باھالاش يېتەرسىز بولۇپ كەلدى.

ئەسەرنىڭ تراگېدىيىلىك قەھرىمانى بولغان باقى ئادەم بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئادەمدەك ياشىشى، باشقىلار بەھرىمەن بولغان تۇرمۇش گۈزەللىكلىرىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشى لازىم ئىدى. ئۇ، ئەسەردە بىز كۆرگەندەك، چىرايى

ساماندەك، قاپاقلىرى ئىششىق، گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرى ئۈستىدە تۈكۈرۈك كۆپۈكلىرى گىژىلداپ، چۈشىنىپ بولمايدىغان غەلىتە ئاۋازلارنى چىقىرىپ تۇرىدىغان، كۆكلەكسىز تېنىگە كىيىۋالغان ياماق ۋە كىرلىشىپ كەتكەن پەشمىتى، مايلاشقان شاپاق دوپپىسى چىرايىنى، تېخىمۇ سەتلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ قىياپىتىنى كىشىنىڭ كۆڭلىگە غەشلىك سالغۇدەك بەتبەشىرە قىلىپ تۇرغان كۆرۈمسىز ئادەم ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پۈشتىدىن تامغان، كېسەل ۋە ئاچلىق دەردىدىن يۆتىلىپ ياتالمايۋاتقان نارەسىدە باللىرىنى «سەپرايىمنى ئۆرلەتمە! ھازىر ئۇجۇقتۇرۇۋېتىمەن. يا ئۆلمىدى بۇ ئىنجىمارۇق جىن تەپكەنلەر ... خۇدايىم تىلىگەنگە بەرسە بولمامدىغاندۇ بۇ ئىتنىڭ كۈچۈكلىرىنى ...» دەپ تىللايدىغان ئەسەبىي ئادەم ئەمەس ئىدى. ئۇ، ئۆزى ئېيتقاندەك، «ھايۋان ئەۋلادى ئەمەس»، بەلكى ئادەم ئىدى، ئۇمۇ «جاھان تۇتۇپ كۆرگەن»، «ئەلنىڭ گۈلىگە گۈل، خىلىغا خىل بولغان» ئىدى. ئۇ ناخشا ئېيتقان، ئېيتقاندىمۇ «پۈتۈن مەھەللە بويىچە ھېچكىم ئېيتالمىغان ئاجايىپ ناخشىلارنى ئېيتقان» ئىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى مۇھەببەتنىڭ سېزىملىرىگە تولغان، ئۇ ئېچىپ ئېتىش ئۈچۈن قومۇرۇپ كۆتۈرگەن چىمنى ئىككى ئۈچ ئادەم ئاران كۆتۈرەتتى. ئەمدىچۇ؟ «ئەمدى كۈچ يوق، يۈرەك يوق»، قىسقىسى ماغدۇر يوق.

ئاپتور ئەسەرنى باشتىن ئاخىرغىچە تراگېدىيىلىك كەيپىيات بىلەن يۈرەكنى ئەزگۈدەك مىسكىنلىك ئىچىگە ئوراپ، باقى ۋە ئۇنىڭ خۇۋلۇق كۆرمىگەن قەدىنىسى باھارخان، شۇنىڭدەك يېشىغا توشمىغان شور پېشانە باللىرىنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىنى تېپىك شارائىت ئىچىدىكى تۇرمۇش مۇقەررەرلىكى بويىچە تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. بۇ يازغۇچىنىڭ روشەن ئىدىيىۋى خاھىشىنىڭ، تۇرمۇش چىنلىقىغا سادىق بولۇشتەك رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ، شۇنىڭدەك خېلىلا مۇكەممەللەشكەن تراگېدىيىلىك ئېڭىنىڭ نامايەندىسىدۇر.

3

ئۇيغۇر ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋالىرىدىن بولغان زۇنۇن قادىرىنىڭ ئازادلىق تېڭى بىلەن تەڭ باشلانغان بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن ئېستېتىك ئېڭى، مۇكەممەل ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى ۋە پىشقان قەلىمى بىلەن كىرىپ كېلىشى، يېڭىدىن باشلىنىۋاتقان سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمىزنى بىر بايراقدارغا ئىگە قىلدى. زۇنۇن قادىرى يېڭى ھاياتتىن ئالغان ئىلھاملىرىنىڭ تۈرتكىسىدە، يېڭى دەۋر ئاتا قىلغان بۇرچىنى ئادا قىلىشقا باشلىدى.

1950 - يىلدىن 60 - يىللارغىچە بولغان ئارىلىق ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى ئىككىنچى باسقۇچ ھېسابلىنىدۇ. يازغۇچى ئازادلىق تېڭى ئاتقاندا، ئېلىمىزدە، جۈملىدىن شىنجاڭ زېمىنىدە يۈز بەرگەن يەر - جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان ئۆزگىرىشلەردىن ھاياجانلاندى، ئىلھاملاندى. ئۇ كونا بىلەن يېڭىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق يېڭى جەمئىيەتنىڭ خەلقىمىز ئۇزۇندىن بويان كۈتكەن، ئارزۇ قىلغان مەنزىل ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى چۈشەندى. بىراق، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىققا ئىگە بولغان بۇ يازغۇچى يېڭى تۇرمۇشنىڭ ھەر قاتلاملىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ ئەڭ قولايلىق ۋاسىتىسى، تەسۋىر، بايانىنىڭ يېڭى نۇقتىسى ئۈستىدە ئويلىنىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، يازغۇچى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەڭ ئالدى بىلەن خەلقىمىز تۇرمۇشىدا يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرگە قارىتا چوڭقۇر چۈشەنچە ھاسىل قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلغاچقا، ئۇ قەلەم تەۋرىتىشكە ئالدىرىمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئىستىكى زوقلانغۇچىلارغا پىشمىغان، خام - خوتا نەرسىلەرنى بېرىشنى راۋا كۆرمەيتتى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، زۇنۇن قادىرى ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بىرقانچە يىلغىچە تۇرمۇش

ئەمەلىيىتىگە، بولۇپمۇ يېزا تۇرمۇشىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، دېھقانلارنىڭ كۈندىلىك ئەمگەك پائالىيەتلىرىنى، تۇرمۇش ئادەتلىرىنى، خىلمۇ خىل قاتلامغا مەنسۇپ بولغان ھەر خىل خاراكتېردىكى كىشىلەرنىڭ روھىي تەۋرىنىشلىرى، نازۇك پسىخىكىسىنى، ھەتتا تىل ئادەتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەممە تەرەپلىرىنى ئىنچىكىلەپ كۆزىتىپ، ئەتراپلىق ئۆگىنىپ، بەلگىلىك دەرىجىدە چۈشەنچە ھاسىل قىلدى. يازغۇچى كۆزىتىش، ئۆگىنىش باسقۇچلىرىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ھېكايە ئىجادىيىتىنى قايتىدىن باشلىدى. «چېنىقىش» (1955 ـ يىل)، «گۇمان» (1957ـ يىل)، «رەھمەت» (1958 ـ يىل)، «ئەسلەش» (1959 ـ يىل)، «قىزىلگۈل» (1959 ـ يىل)، «خاتىرجەم بولغان ئائىلە» (1960 ـ يىل) قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلدى.

ئازادلىقتىن كېيىنكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر زۇنۇن قادىرنىڭ ئىجادىيەت ئىلھامىنى قوزغىدى. ئۇ يېزىلارغا بېرىپ دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ۋە مەنىۋى دۇنياسىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ماھىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ھېس قىلدى. بۇ چاغدا يەر ـ زېمىنىنىڭ خوجايىنىغا ئايلانغان ئۇيغۇر دېھقانلىرى كوللېكتىپلىشىش پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىۋاتاتتى. ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئۆزگىرىشى، جەمئىيەت قىياپىتىنىڭ يېڭىلىنىشى، روھىي قىياپەتنىڭ ئۆزگىرىشى سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلىپ، خەلقىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە قىلغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن زۇنۇن قادىرى مەتنىياز («چېنىقىش»)، توختى («ئەسلەش») ئوبرازلىرىنى يارىتىپ، ئۇلارنىڭ تۈنۈگىنىنى ۋە بۈگۈنىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق خەلق تۇرمۇشىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈردى. ئۇ مەتنىياز، توختىلار ئېڭىنىڭ ئويغىنىشى، كېرەكلىك ئادەمگە ئايلىنىشىنى

تەسۋىرلەش ئارقىلىق «كونا جەمئىيەت ئادەمنى ئالۋاستىغا ئايلاندۇرغان بولسا، يېڭى جەمئىيەت ئالۋاستىنى ئادەمگە ئايلاندۇردى» دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە قىزغىن مەدھىيە ئوقۇدى. بۇ خىل پىكىر «خاتىرجەم بولغان ئائىلە»، «بەختىخاننىڭ ھاياتى» قاتارلىق ھېكايىلەردىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى.

ئالدىنقى ھېكايىدە بىر ئائىلىنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ھاياتىنىڭ سېلىشتۇرمىسى ئارقىلىق، بولۇپمۇ ئىلگىرى باللارنىڭ ئۈششۈك تەگكەن غورىدەك بەختسىزلىكلەرگە ئۇچراپ كەتكەنلىكى، ئازادلىقتىن كېيىن بولسا باللارنىڭ ساغلام، چوڭلارنىڭ خاتىرجەم، غەمسىز ياشاۋاتقانلىقىنى يازغان بولسا، كېيىنكى ھېكايىدىمۇ ئوخشاشلا باللارنىڭ يەسلىدىكى خۇشال ـ خورام، كۆڭۈللۈك ھاياتىنى تەسۋىرلەيدۇ. ئۇلارنىڭ شاد ـ خورام ياشاپ، ياخشى تەلىم ئېلىپ، ساغلام ئۆسۈۋاتقانلىقىنى سۈرەتلەپ، يەنە كونا جەمئىيەتتىكى باللارنىڭ ئاچچىق قىسمەتلىرىگە سېلىشتۇرىدۇ.

زۇنۇن قادىرنىڭ ھېكايىلىرىدە دەۋر روھى كۈچلۈك ئىپادىلىنىدۇ. خەلقنىڭ كۆتۈرەڭگۈ كەيپىياتى، كۈنسېرى بېيىۋاتقان ئىجتىمائىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشى، پەيدا بولۇۋاتقان يېڭى ئىش ۋە يېڭى شەيئىلەر ئەسەرلەردىكى ھەممە ئوبرازلارغا ۋە ئەسەر مەزمۇنىغا سىڭدۈرۈلۈپ، قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيىلىنىدۇ.

«قىزىلگۈل» ھېكايىسىدىكى رازىيە — ئەرلەرنى ئەزىزلەپ، ئاياللارنى خارلايدىغان فېئوداللىق ئىدىيىگە قارشى جەڭ ئېلان قىلغان ئايال. ئاپتور ئۇنىڭ جانلىق، جاپادىن قورقمايدىغان ئېسىل پەزىلەت ۋە خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرىنى جانلىق يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشقان. ئۇنىڭ ئوبرازىدىن ئاياللارنىڭ تارىخ سەھنىسىگە، ئىجتىمائىي تۇرمۇش سەھنىسىگە چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقانلىقىدەك دەۋر روھى



www.uyghurkitap.com

كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. رازىيىگە ئوخشاش سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنىڭ ئوبرازلىرى «بىر دېھقان يىگىت بىلەن سۆھبەت» دېگەن ھېكايىدىمۇ يورۇتۇلغان. ئۇنىڭدا ئۆز يۇرتىنى گۈللەندۈرۈش، بەختىيار ھاياتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىۋاتقان ئابدۇرەھىم قاتارلىق ئەمگەكچان، ئاق كۆڭۈل، سەممىي ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ھايات كارتىنىسى چىن مۇھەببەت بىلەن تەسۋىرلەنگەن. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى كۈچلۈك دەۋر روھىغا ئىگە. زوردۇن قادىرىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى ھېكايىلىرى گەرچە كۆپ بولمىسىمۇ، ئۇلار تېما جەھەتتىن رەڭدار. يېزا تۇرمۇشى يېزىلغان «چىنىقىش»، «ئەسلەش»، «بىر دېھقان يىگىت بىلەن سۆھبەت»، ئائىلىۋى تۇرمۇش تېمىسىدىكى «گۇمان»، باللار تېمىسىدىكى «رەھمەت»، ئاياللار مەسىلىسى تېمىسىدىكى «قىزىلگۈل» ھېكايىلىرى تېمىدىكى رەڭدارلىقى بىلەن 50 - يىللار ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ پروزا تېمىسىدىكى بىر خىللىقنى بۇزۇپ تاشلىدى.

1955 - يىلى يېزىلغان «چىنىقىش» ھېكايىسى زوردۇن قادىرىنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسىرى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى، بەدىئىي ياقتىكى مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلغان مۇنەۋۋەر ئەسەردۇر. تۆۋەندە بىز يازغۇچىنىڭ بۇ ئەسىرى ئۈستىدە نۇقتىلىق توختىلىپ ئۆتىمىز.

## 4

زوردۇن قادىرى «چىنىقىش» ھېكايىسىنىڭ ئىجادىيىتىگە خېلى ئۇزاق مەزگىللىك كۆزىتىش، ئۆگىنىش باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتۈپ، پۇختا تەييارلىق بىلەن كىرىشكەن بولغاچقا، بۇ ھېكايە ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ھېكايە ئىجادىيىتىدە ئىپادىلەنگەن ئاددىيلاشتۇرۇش، قېلىپلاشتۇرۇش خاھىشلىرىغا يېقىنىمىغان ھالدا بۆسۈش خاراكتېرلىك زور نەتىجىگە ئېرىشىپ، ئاپتورنىڭ ئىستېتىك ئېڭىدىكى يېڭى بۇرۇلۇشنى نامايان قىلالىدى. «چىنىقىش» ئاشۇ جۇشقۇن يىللاردىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرگە بېغىشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئۆز ئورنى ۋە ئۆز قەدىر - قىممىتىنى تونۇشقا باشلاۋاتقانلىقى، ئۇلارنىڭ ئېڭىنىڭ، شۇنداقلا خوجايىنلىق تۇيغۇسىنىڭ ئويغىنىۋاتقانلىقى، ئىنسانىي تەلەپلىرى ئەمەلگە ئېشىش ئىمكانىيىتىگە، ئىنسانىي خۇسۇسىيەتلىرى ئىپادىلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشىۋاتقانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئاپتور بۇ ئارقىلىق يېڭى جەمئىيەتنى، يېڭى ئىجتىمائىي تۈزۈمنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن.

ھېكايىدە ھەمكارلىق گۇرۇپپا قۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن كوپېراتسىيىلىشىشكە ئۆتۈش ھەرىكىتى يېزىلغان. كوللېكتىپلىشىش ھەرىكىتى جەريانىدىمۇ ئىككى يولنىڭ كۈرىشى جىددىي داۋاملىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ھەرىكەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى دېھقانلارنى تەربىيىلەش، ئۇلارنى خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىكنىڭ ئىسكەنجىسىدىن ئازاد قىلىشقا قارىتىلغان. پارتىيىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسىتى ھېكايىدە ئەينەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇ ھېكايىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك يېرى شۇكى، ئاپتور دېھقانلارنىڭ ئىدىيىۋى، ئىجتىمائىي ۋە پسىخىك جەھەتتىن زور ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ قويمىغان ۋە قېلىپقا كىرگۈزۈۋالمىغان، بەلكى ئۇلارنى سەنئەت نۇقتىسىدىن كۆزىتىپ، ئوبراز ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن.

ھېكايىنىڭ باش قەھرىمانى مەتنىياز — تارىخنىڭ ئېغىر بوپىسىنى يۈدۈگەن ھالدا يېڭى تۇرمۇشقا كىرگەن پېرسوناژ. ئاپتور ئەسەرنىڭ بېشىدىلا دېھقانچىلىققا يېڭىدىن كىرىشكەن بۇ «يېڭى دېھقان» نىڭ ئىش - ئەمگەكتىكى ۋە تۇرمۇشتىكى پائالىيەتلىرىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى ئۆتمۈشكە باغلىغان ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى مۇرەككەپلىكنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. مەتنىياز — ھورۇن، لايغەزەل، ھېچبىر ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغان ئىرادىسىز كىشى. ئەسەردە ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خاراكتېرى ئاپتورنىڭ بىۋاستە تەسۋىرلىرى، شۇنىڭدەك مەتنىيازنىڭ ئىش - پائالىيىتى ۋەگەپ - سۆزلىرىدە روشەن ئىپادىلەنگەن.

«بىر دېھقان مەتنىيازغا ئىرگۈلۈ هارۋىنىڭ بىر چاقىنى تۈزىتىش ئۈچۈن بېرىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئالتە ئاي قاتراپ يۈردى. بىرنەچچە قېتىم تىللىدى. مەتنىياز تىللىساڭمۇ، ياخشى گەپ قىلساڭمۇ ھېچىپىلا تۈرۈۋېرىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىشى ئۇرۇشالمايدۇ - دە.» …

«مەتنىياز بەزى ۋاقىتلاردا دېھقانلارنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈپ، ساقىلىنى ياساپ قويىدۇ. ئۇنىڭغا چاچ چۈشۈرتكەن ئادەمنىڭ ئالدىراش ئىشى بولماسلىقى ۋە ئۆزىمۇ زېرىكمەسلىكى كېرەك. ئۇ ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى تاشتا ئولتۇرغان كىشىنىڭ بېشىنى ئاۋۋال 10 — 15 مىنۇتقىچە قۇرۇق ئۇۋۇلايدۇ. كېيىن ئوچۇمىغا سۇ ئېلىپ، ئۇششاق قوللىرىنىڭ ئارىسىدىن ئېقىتىپ يەنە ئۇۋۇلاشقا باشلايدۇ. بۇ ھەرىكەت خېلى ۋاقىتقىچە داۋاملىشىپ، چاچ ئالدۇرغۇچىنىڭ قۇلاق چۆرىلىرى ۋە قاشلىرىنى بويلاپ يۇندا ئېقىپ كۆڭلەكلىرىنى ھۆل قىلىۋېتىدۇ. ساتىراش بولسا ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمەستىن، ئەزمىلىك بىلەن جەڭنامە قىسسىلىرىنى سۆزلەۋېرىپ، قوللىرىنىڭ توختاپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالىدۇ. تاكى تاش ئۈستىدە ئولتۇرغان كىشى: ‹ئۇستام، چاچ قۇرۇپ كەتتىغۇ›، دېگەندىن كېيىن، مەتنىياز يەنە ھۆلدەپ ئۇۋۇلاشقا كىرىشىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن تەڭلا تۈگىمەس قىسسىلىرىنى سۆزلەشكە باشلايتتى …»

مەتنىيازنىڭ قانداق قىلىپ مۇشۇنداق كېرەكسىز، لايغەزەل ئادەم بولۇپ قالغانلىقىنى ئەلۋەتتە ھۇشيار كىتابخانلار سۈرۈشتۈرمەي قالمايدۇ. تەجرىبىلىك ئاپتورىمىز بۇ نۇقتىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشنى ئۇنتۇپ قالمىغان. ئۇ يىغىنچاق بايان ئارقىلىق ئۇنىڭ ھايات تارىخىنى ۋاراقلايدۇ: «مەتنىيازنىڭ ئەسلى كەسپى ساتىراش، ئۇ ھۈنىرىنى شەھەردە دادىسىدىن ئۆگەنگەن ۋە دادىسىنىڭ ھەيدەكچىلىكى بىلەن نەچچە يىل داۋام قىلغان ، بوششىپ كېتەي دېگەندە قولىقىنى سوزۇپ بۇراپ - بۇراپ قويىدىغان دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇ ھۈنىرىنى تاشلاپ، ساتىراشلىق قىلىدىغان دوكاننى گازىر - پۇرچاق ساتىدىغان تەنزە قىلىۋالدى. بۇ تەنزە ئاز كۈندە قۇرۇقدىلىپ قالدى، كېيىن ئەتىيازدا مەتنىياز ئۆزى ياسىغان تۈرلۈك لەگلەكلەر بىلەن يەنە ئېچىلدى. لېكىن بۇ نەرسىلەر بىلەن دوكان ئىجارىسىنى تۆلىيەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئىگىسى ئۇنى قايتۇرۇۋالدى. شۇندىن كېيىن ئۇ بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل بۇرۇن دادىسىدىن مىراس بولۇپ قالغان يېزىدىكى ھېلىقى بىر ئېغىز ئۆيى بار كىچىك بېغىغا كۆچۈپ چىققانىدى».

يۇقىرىقى بايانلاردىن مەتنىياز خاراكتېرىدىكى ئىللەتكە ياتىدىغان يارىماسلىق، ئېغىزدىكى بىخوتلۇق، خاراكتېرىدىكى بوشاڭلىقنى ئەلۋەتتە مۇئەييەن كونكرېت شارائىت ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىدە شەكىللەنگەن دېيىشكە بولىدۇ. ئەسەردىكى كونكرېت تەپسىلاتلار، مەسىلەن، ئۇنىڭ دېھقانلارنىڭ هارۋىسىنى ياساپ بېرىش جەريانى، كىشىلەرنىڭ چېچىنى قانداق ياسىغانلىقى، ئىززەتخانىنىڭ توپلىيىنىڭ تىكىلىش جەريانى، دېھقانچىلىقتا كىرىشكەندىن كېيىنكى ئورما ئورۇش كۆرۈنۈشلىرى ئۇنىڭ قولى ھۈنەرلىك بولسىمۇ، ھېچبىر ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغان بېلى بوش، بىكار تەلەت، ئۆزىنىڭ ئەتىسىنى ئويلىمايدىغان بىر كىشىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگەن بولسا، ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ باشقا بىر تەرەپلىرىگە مەنسۇپ بولغان خۇسۇسىيەتلەر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىنسانىي گۈزەللىكلەرنىڭ ئاملىرىنى يورۇتىدۇ. مەتنىياز يەنىلا ئاقكۆڭۈل كىشى، ئاچكۆز، تەمەگەر ئادەم ئەمەس. «ئۇ مەھەللىسىدىكىلەرنىڭ ئاياغ كىيىملىرىنى ياماپ، داس، چېلەكلىرىنى تۈۋلەپ، سۇنغان لىڭگىرچاق، بوغا ۋە جاۋەنلىرىنىمۇ تۈزەپ بېرىدۇ. لېكىن ھەق بەرسە تالاشماي ئالىدۇ. ھېچ نەرسە بەرمەي قۇرۇق ‹رەھمەت›، دەپ قويسىمۇ خۇشال بولۇپ قىلىۋېرىدۇ. بىرەر چىنە قايماق چاي ياكى تاماققا چاقىرىپ قويسىغۇ تاغدەك خوش بولۇپ كېتىدۇ.

لېكىن ھېچكىمنىڭ ئىشىكىگە تەمە قىلىپ بارمايدۇ. قىسقىسى، ئۇنىڭ پايدا - زىيان بىلەن ئانچە كارى بولمايدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم ئىدى .... » بۇ تەرەپلىرى ئۇنىڭ قانائەتچان، سەممىي، ئاقكۆڭۈللۈكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ سەممىيلىكىنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ كۆپچىلىك بىلەن ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا كېتىۋېتىپ قىلغان قاملاشمىغان بىر ئىشىنى مىسال قىلساق كۇپايە.

«ئاشلىقلار يىغىلىپ بولۇپ، ئېرىق - ئۆيمانلارنى سۇپسېرىق غازاڭ قاپلىۋالغان كەچ كۈزنىڭ بىر ئەتىگىنى يېزىلىق ھۆكۈمەت باشلىقى مەھەللىدىكى پۈتۈن دېھقانلارنى ئۆستەڭ چېپىشقا چاقىردى. شۇ كۈنى مەتنىيازمۇ كەتمىنىنى دولىسىغا سېلىپ، ھەممىنىڭ ئالدىدا ئۆستەڭ تەرەپكە كېتىپ باراتتى. ئۇ قەدىمىنى بارغانسېرى چاپسانلىتىپ، كۆپچىلىكتىن خېلى ئۇزاپ كەتتى - دە، تام ياقىسىدىكى پاكار - پاكار قويۇق ئۆسكەن ئۈرۈك ياغاچلىرى ئارىسىغا مۆكۈۋالدى. ئارقىدا كېلىۋاتقانلار يۈز قەدەمچە نېرىدىلا ئۇنىڭ شاخ ئارىسىدا كىرىپ تۇرغان ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ قېلىشتى. ھېچكىم ئۇنى ھېچقانداق ئىزدەپ ئاۋارە بولماستىنلا كۆرۈپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى: ئۇ ئۈرۈكلۈككە سۈكۈپ كىرىۋاتقاندا ئاق قوي تېرىسىدىن قىلىنغان كونا جۇۋىسىنىڭ پەشلىرىنى تىكەنلىك شاخلار تۇتۇۋېلىپ ئۆرۈپ، «مانا مەتنىياز ما يەردە» دەپ كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قاملاشمىغان بۇ ئاخمىقانە ئويۇنى ئۆستەڭگە ماڭغۇچىلار ئۈچۈن خېلى كۈلكە بولدى».

— ھوي، مايەردە سېمىز لار بىر قوي ئۆلۈپ قاپتىمغۇ؟ — دېدى كەكە ساقال بىر قىزىقچى مەتنىيازنىڭ جۇۋىسىنى كۆرسىتىپ. كۆپچىلىك كۈلۈشۈپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى.

— توپتىن ئايرىلغانىنى بۆرە يەر، بۇ ھەمراھلىرىدىن قاچقان قوي بولسا كېرەك.

بىچارىنى بىر نېمە بوغۇپ قويۇپتۇ - دە.

— ھاي - ھاي، توختاڭلار! سىلەر بۇنى قوي دەيسىلەر، مۇزدىسىدە كەتمەن تۇرىدۇغۇ بۇنىڭ؟!

— دېھقانچىلىقنى ئۆگىنىۋالغان قوي بولسا كېرەك.

— ھەي تىرىك ئىكەن، مىدىرلاۋاتىدۇ.

مەتنىياز تىكەنلىك شاخلاردىن ئاران قۇتۇلۇپ، ئارقىسىغا سىلجىپ چىقىپ ئورنىدىن تۇردى.

— ئەستاغپۇرۇللا، غەلىتە ئىش بولدى - دە، مۆكۈۋالسام كۆرۈپ قالدىڭلار، — دېدى خىجالەت بولۇپ ھېجىيىپ يۈزىنى تۆۋەن قاراتتى.

مەتنىيازنىڭ ئويلىمايلا ئىشتىن قېچىش ئىشى كۆپچىلىككە خېلى كۈلكە بولدى. مەتنىياز بۇنى «قىزىقچىلىق بولسۇن دەپ قىلىپ قويدۇم» دېگەن باناغا ئۆرۈپ، تۆگەتسىمۇ ھېچكىم گۇمانلىنىپ كەتمىگەن بولاتتى. لېكىن توز سۆزلۈك، سەممىي مەتنىياز يالغان ئېيتمىدى. ئۇ تېخى ھېچكىم بۇ ئىشنى بىلمىگەن شارائىتتا: «ئەمدى، ئەمدى، قىزىقچىلىق بولسۇن دەپ .... راستىن ئېيتقاندا بىز ئەيىبلىك، — دېدى مەتنىياز قول قوشتۇرۇپ — شۇنداق، ھېچ قاملاشمىغان بىر ئىش مېڭىمگە كىرىپ قالدى - دە، ئۆستەڭگە بېرىشتىن قېچىپ مۆكۈۋالدىم.

— ئەمدى بۇنى نېمە قىلىش كېرەك؟ — دېدى شىپىت ئاخۇن مەتنىياز تەرەپكە قولىنى سوزۇپ.

— مۇساپىرنىڭ كۆچۈكىدەك بويىنىمىزنى ئېگىپ تۇردۇق، نېمە قىلساڭلار ئىختىيار سىلەردە، — دېدى مەتنىياز قول قوشتۇرۇپ بويىنىنى ئەگكەن ھالدا.

مىسال ئالغان بۇ پارچە مەتنىياز خاراكتېرىنىڭ ئېچىلمىغان تەرەپلىرىنى كۆرۈۋېلىشىمىزغا ئىمكانىيەت بېرىدۇ. بىرىنچىدىن، مەتنىياز ھەممە ئىشقا پەرۋاسىز قارايدىغان ئادىتى تۈپەيلىدىن، ئۆزىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغدايدىغان ھالقىلىق پەيتتىمۇ بۇ ئىشقا ئېتىبارسىزلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. بىراق بۇ ئېتىبارسىزلىق ھەرگىزمۇ قېلىنلىق، يۈزسىزلىك دەرىجىسىگە بارغان نومۇسسىزلىق ئەمەس. مەتنىيازنىڭ ئوڭايسىزلىنىشى، يۈزىنىڭ

قىزىرىشى، بويىنىنى ئېگىپ خىجىللىق بىلەن تۇرۇپ كېتىشلىرى، كېيىن ئۈستەڭ قۇرۇلۇشىدا ياخشى ئىشلەپ كەمچىلىكىنى يۇيۇشى بۇنى ئىسپاتلايدۇ. ئىككىنچىدىن، بۇ پارچىدا ئەڭ مۇھىمى مەتنىيازنىڭ راست سۆزلۈك، ھالال، سەممىيلىكى ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بۇ دېھقاننىڭ ۋۇجۇدىدىكى ساددا، سەممىي، يەنى ئىنسانىي گۈزەللىكىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ئىپادىلىرى يورۇتۇپ بېرىلگەن.

ئۇنىڭ بەزى قىلىقلىرى، باشقىلارغا، ھەتتا ئۆزىگىمۇ بولغان مەسئۇلىيەتسىزلىكى كىشىگە ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ئۆزگەرتىش، ئادەمدەك ياشاش ئىستىكى ۋە ئادىمىي ھېس-تۇيغۇ يوقتىكىدەك تەسىر بېرىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ ئەمگەكچان، ساغلام، روھلۇق يېزا قىزى ئىمزەتخانغا يوشۇرۇن كۆيۈشى، نىمىلا بولمىسۇن ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنىڭ تۇپلىيىنى تىكىپ پۇتتۇرۇپ، ياغلىققا چېگىپ ئالايتەن ئاپىرىپ بېرىشى، ئىمزەتخاننى كۆرگەندە ھېسسىياتىنىڭ داۋالغۇشلىرى ئۇنىڭ روھىي جەھەتتىن بۇزۇلغان ئەمەس، بەلكى ھېسسىياتقا باي، ئادىمىيلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى يوقاتمىغان شەخس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز ئۇنى ھەم ئەيىبلەيمىز، ھەم ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز ھېسداشلىق قىلىمىز، ئۇنىڭ سەممىي، ئاقكۆڭۈللۈكىگە قايىل بولىمىز. نېمىشقىدۇر بىز بۇ پېرسوناژنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىنى ئەيىبلەپ زاڭلىق قىلساق، مەلۇم تەرەپلىرىنى كەڭ قورساقلىق بىلەن كەچۈرگىمىز كېلىدۇ. ھەتتا ئۇنىڭغا قايىل بولىمىز.

زوقلانغۇچىلارنىڭ قەلبىدە نازۇك ۋە كۆپ تەرەپلىمە ھېسسىيات دولقۇنلىرىنى ئۇرغىتىش ھەرقانداق بىر يازغۇچىنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ، ئەمما زۇنۇن قادىرى بۇ جەھەتتە ئاجايىپ ئىقتىدارغا ئىگە. ئۇ مەتنىياز ئوبرازىغا نىسبەتەن كىتابخاندا مەلۇم نەپرەتلىنىش، ھەم ھېسداشلىق قىلىش، ھەم ئۆكۈنۈش، ھەم قايىل بولۇشتەك كۆپ تەرەپلىمە ھېسسىيات دولقۇنىنى قوزغاپ، يۈكسەك دەرىجىدە بەدىئىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىدۇ. زۇنۇن قادىرىنىڭ پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىشتىكى بۇ ماھارىتىگە قايىل بولماي مۇمكىن ئەمەس. دېمەك، يازغۇچى مەتنىياز ئوبرازىنى تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ئىچىگە قويۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ خاسلىقىنى يېتەرلىك دەرىجىدە يورۇتقان ۋە خاراكتېرىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. ئەڭ مۇھىمى، ئۇنىڭ ئوبرازىنى ئەسەر مەزمۇنىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ئۆزگىرىش ئىچىگە، ھەرىكەت ئىچىگە قويۇپ تەسۋىرلەپ، بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەن.

ئاپتور مەتنىيازنىڭ ئۆزگىرىشىنى يەنىلا ئۇنىڭ ئوبرازىغا تايىنىپ تۇرۇپ ئىپادىلەيدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى يېڭىلىقلار، يەنى تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنىڭ تەسىرى مەتنىيازنىڭ ئۆزگىرىشىدىكى تاشقى ئامىلدۇر. ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك ئۆزگىرىشلىرى، كىشىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇشىدا، شۇنىڭدەك مەنىۋى قىياپىتىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى. كورلۇق، قاششاقلىقتىن قۇتۇلالماي كەلگەن دېھقانلار ئۆز ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، ئەتراپىنى كۆزىتىپ ۋە ئۆزىگە نەزەر سالدى. ئىنسانىي سېزىملارنىڭ ئويغىنىشى، ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىشتىكى ئىستىكى، كەلگۈسىگە تەلپۈنۈش قاتارلىقلار ئەشۇ دەۋر كىشىلىرى ئۈچۈن ئورتاق ئىدى.

بۇ خىل روھىي ھالەت ئۆزىنىڭ يېڭىلىقى، ئىلغارلىقى، قىزىقارلىقلىقى بىلەن، ھەتتا «كېرەكتىن چىققان»، «يارىماس» مەتنىيازغىمۇ تەسىر قىلماي قالمايدۇ. بولۇپمۇ كوللېكتىپ ئەمگەكنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، ئۆز تەسىراتى بىلەن ھېس قىلغان مەتنىياز تەدرىجىي ھالدا ھەمرا باشچىلىقىدىكى تەشكىللەنگەن دېھقانلارنىڭ ئىش - ھەرىكىتىگە سەپسالىدىغان، قىزىقىدىغان بولۇپ قالىدۇ. تەنھا ئۆزى يېزغىنىم ئاپتاپتا ئورما ئورۇۋېتىپ، يىراقتىن (ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىدىكىلەر

ئىشلەۋاتقان تەرەپتىن) كېلىۋاتقان كۈلكە ۋە ناخشا ئاۋازلىرىغا قۇلاق سالىدۇ. خوتۇنلارنىڭ قولىدىكى بوغما قاپاقلارغا قارايدۇ. ھەمكارلىق گۇرۇپپا ئەزالىرىغا ئېلىپ كېتىلىۋاتقان بۇ سوغۇق چايلارنى ئىچكۈسى كېلىدۇ. خۇشچاقچاق، گەپدان، قىزىقچى كەلگەن مەتنىياز تۇنجى رەت ئۆزىنى خۇشاللىقتىن، كۈلكىدىن مەھرۇم قىلىپ، كۆز ئالدىدىكى تەنھالىقتا، جاپاغا قالدۇرغان ئۆزىدىن نازارى بولىدۇ. مۇشۇنداق روھىي ئازاب ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەر ئۇنىڭدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدىغان ئىچكى ئامىللارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىدۇ. مەتنىيازنىڭ ئۆزگىرىشى توغرىسىدا گەپ بولغاندا، ئاپتورنىڭ مۇھەببەت ۋاسىتىسىدىن ئۇ ئەپلىك پايدىلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەتنىياز ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ تۇل قالغان ئايال ئىززەتخاننى ياخشى كۆرىدۇ. مەتنىياز ئىززەتخاننى ياخشى كۆرگەنلىكتىن، ئىززەتخاننىڭ يۇيۇپ ئېسىپ قويغان گۈللۈك چىت كۆڭلىكىنى كۆرسىمۇ، ئۇنىڭدا قانداقتۇر بىر خىل ئىسسىق تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ. ھەتتا ئىززەتخانغا تىكىۋاتقان توپلىيىمۇ تېخى ئۇنىڭ پۇتىغا سىپىلماي تۇرۇپ، ئۇنىڭ كۆزىگە ئۆيدىكى پۈتۈن نەرسىلەردىن باشقىچىرەك يېقىملىق كۆرۈنىدۇ. پات - پات «مۇشۇنى كىيىدۇ - دە» دەپ ئالقىنى بىلەن سىلاپ قويىدۇ. ئۇ توغرىسىدا ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ كېتىدۇ. «ئىززەتخان ئەجەپ كېلىشكەن قاۋۇل چوكان. ئۇ ئاكىسىغا ئوخشاش نامراتلارغا شەپقەتلىك، نېمىشقا خۇدايىم شۇنداق خوتۇنلاردىن بىرەرنى ‹ئال قولۇم› دەپ بېرىۋەتمەيدىغاندۇ...»

ئەمدى ئىززەتخانغا كېلىدىغان بولساق، ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن چىققان لايىقلار بىلەن تۇرمۇشلۇق بولۇشقا قىزىقمايدۇ، بالىسىنىڭ ئۆگەيلىك بولۇپ قېلىشىنى خالىمايدۇ. بۇ تەرەپلىرىدىن ئۇنىڭغا مەتنىياز ئەڭ باپ لايىق. ئۇنىڭ ئوغلى ئەركىنجانمۇ «بۇ يۇمشاق مۇئامىلىلىك كىشى»نى ئوبدان كۆرىدۇ. لېكىن ئىززەتخانغا ياقمايدىغىنى، مەتنىيازنىڭ بوشاڭلىقى ۋە بىپەرۋالىقى. «ئەگەر ئۇستام باشقىلارغا ئوخشاش دادىلىراق بولۇپ، ئەمگەككە قاتنىشىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئىززەتخان ئۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈشكە تەييار ئىدى».

ئىززەتخانغا بولغان يوشۇرۇن كۆيۈش مەتنىيازنى ئىززەتخاننى ئويلاشقا قىستايدۇ. ئۇ ماڭغان يولغا، ئۇ ئىشلىگەن ئېتىزغا تەلمۈرىدۇ. بىراق يار ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن، يارنىڭ مەيلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن يارنىڭ كۆتكىنىدىن چىقىش كېرەك. شۇڭا ھېكايىدە يوشۇرۇن ئىپادىلەنگەن مۇھەببەتنىڭ كۈچى مەتنىيازدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، زۇنۇن قادىرى مەتنىيازنىڭ ئۆزگىرىشىنى كونا قىلىپ ۋە كونا تەجرىبىلەر بىلەن ئەمەس، تۇرمۇشنىڭ مەنتىقىسى، خاراكتېرنىڭ مەنتىقىسى بويىچە ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ ياقتىن كۆپ تەرەپلىمە قىلىپ تەسۋىرلىگەن بولغاچقا، بۇ ئۆزگىرىش ئۆزىنىڭ چىنلىقى بىلەن كىشىلەرنى قايىل قىلىدۇ ۋە ئىشەندۈرىدۇ.

«چىنىقىش» ناھايىتى زور بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن نادىر ئەسەر. يازغۇچى ئۆز ئەسىرىنى ئەينى يىللاردا ئېلىمىز يېزىلىرىدا يۈز بەرگەن چوڭ ئۆزگىرىشلەر ۋە ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي، ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرنىڭ خاتىرىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويمىغان، بەلكى ئادەمنى يېزىش، ئادەم تەقدىرىنى يورۇتۇپ بېرىشتەك ئېستېتىك غايە بويىچە ئىجاد قىلىپ زور نەتىجىگە ئېرىشكەن. شۇڭا مەتنىياز ئوبرازىنىڭ تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى بۇ ئەسەرنىڭ ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيىتى دېيىشكە بولىدۇ.

بىرىنچىدىن، يازغۇچى ھېكايىدە مەتنىيازدىن ئىبارەت پېرسوناژنىڭ پىسخىك تەۋرىنىشلىرىنى جانلىق خاتىرىلەپ، ئۇنىڭ خاراكتېرىنى ناھايىتى روشەن يورۇتۇپ بەرگەن. بۇ ھېكايە كوپېراتسىيىلىشىش قاتارلىق سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ جەريانىنى ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلمىغان. بۇنداق دېگەنلىك، ئاپتور كىشىلەر خاراكتېرىگە، تۇرمۇشقا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىۋاتقان تارىخىي ئۆزگىرىشلەردىن چەتنەپ كەتكەن دېگەنلىك

www.uyghurkitap.com

ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەشتىكى تىپىك مۇھىت ئورنىدا بىر تەرەپ قىلغان. دەل مۇشۇ نۇقتىدا زۇنۇن قادىرى باشقا يازغۇچىلاردىن پەرق قىلىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ بۈگۈنكى كۈنگىچە ئەتىۋارلىنىشىمۇ دەل مۇشۇ سەۋەبتىندۇر.

ئىككىنچىدىن، ھېكايىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي مۇھىت تەسۋىرلىرىنىڭ چىن ۋە يارقىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى. ئەسەردە مەيلى تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ئومۇمىي تەسۋىرى بولسۇن، مەيلى كونكرېت پېرسوناژلارنىڭ پورترېت، پسىخىك تەسۋىرلىرى بولسۇن، ئىنچىكە، ئېنىق ۋە روشەن بولغاچقا، كىتابخان بۇ تەسۋىرلەردىن «مۇشۇ» پېرسوناژنى قەيەردىدۇر كۆرگەندەك، ئۇ ياشاۋاتقان ماكانغا بارغاندەك، ئۇنىڭ تۇيغۇ - سېزىملىرى، مەنىۋى پائالىيەتلىرى ئۆزىگە مەلۇمدەك ئېنىق تەسىراتقا كېلىدۇ. ئاپتور مەتنىيازنىڭ پورترېتىنى تەسۋىرلىگەندە، ئۇنى ئاجرىتىۋېلىپ ئالايىتەن تەسۋىرلەپ ئولتۇرمايدۇ، بەلكى كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ تەپسىلاتلىرى ئىچىدە تەدرىجىي تەسۋىرلەپ، ئۇ توغرىسىدىكى مەلۇماتنى بېيىتىپ بارىدۇ. مەسىلەن، مەتنىيازنىڭ پورترېتى توغرىسىدىكى ئەڭ تولۇق تەسۋىر مەتنىيازنىڭ كىشىلەرنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈپ قويغان چاغلىرىدىكى ئەزمىلىكلىرىگە ئۇلىنىۋېتىلگەن.

«— ھى، ھى، ھى... — ئۇ ئۆزىنىڭ گېپىگە ئۆزى ھوزۇر قىلىپ كۈلەتتى. لېكىن قاراپ تۇرغان كىشىگە ئۇنىڭ يىغىسى بىلەن كۈلكىسىنى ئايرىۋېلىش تەس ئىدى. ئۇنىڭ پىستە كۆزلىرى پۈرۈلۈپ، ئۇچلىرى جاۋغىيىغا ئېگىلىپ تۇرىدىغان كىچىككىنە شالاڭ ساقىلى بۇرۇتىنى كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى. ئۇ بېشى سەل ئالدىغىراق ئېگىشكەن، ئۇيغۇرغا مايىل مۇلايىم قىياپەتلىك چاقچاقچى ئادەم ئىدى». مەتنىياز پورترېتىدىكى ماھىيەتلىك باشقا خۇسۇسىيەتلەر خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى يورۇتۇشقا ماس كېلىدىغان يەنە باشقا تەپسىلاتلار ئىچىدە ئازراقتىن تەسۋىرلىنىپ، بىر - بىرىنى تولۇقلاپ بارىدۇ.

مۇھىت — ئەسەر قەھرىمانلىرى ھەرىكەت قىلىدىغان، ياشايدىغان بەدىئىي سەھنە. زۇنۇن قادىرى «چېنىقىش» ھېكايىسىدە مۇھىت تەسۋىرلىرىنى ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ ئوبرازىنى مۇكەممەل يارىتىشقا ناھايىتى ياخشى خىزمەت قىلدۇرغان. ئەسەرنىڭ بېشىدا مەتنىيازنىڭ بېغىنى، ئۆيىنى ۋە ئۆي سەرەمجانلىرىنى تەپسىلىي تەسۋىرلەپ، كىشىگە تولىمۇ روشەن ۋە ئېنىق بولغان خاراكتېر چۈشەنچىسىنى بېرىدۇ.

«ئۆيىنىڭ توغرا كەلگەن بىر يېرىدە تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق، موزدۇزلۇق ۋە ساتىراشلىق ئۈچۈن كېرەكلىك تۈرلۈك جابدۇقلار بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ چىچىلىپ ياتىدۇ. قازان بېشى ۋە ئويۇقلارغا بۇرۇنقى زاماندىن قالغان تۆمۈر قۇتىلار، دات باسقان سۇنۇق ئۇستىرىلار، ئۇششاق ۋىنتا، گايكا، كونا تاقا ۋە مىقلار تاشلاپ قويۇلغان. ئويۇقتا قېلىن، چۆرىسى قىرچىلىپ ياغلىشىپ كەتكەن كونا جەڭنامە كىتابىنىمۇ ئىككىسى تۇرىدۇ. تورۇسنىڭ ھەر تەرىپىدە ۋە ئىسلىشىپ كەتكەن تاملاردا ئىپىسقىلىق تۇرغان قول ھەرە، ياغاچ تېشىدىغان ئۇشكە، قېلىپنى تارتىپ چىقىرىدىغان بولجۇرغا ئوخشاش نەرسىلەرگە ئۆمۈچۈكلەر تور باغلاپ كەتكەن». مىسال كەلتۈرۈلگەن بۇ پارچە مەتنىيازنىڭ ئۆيىنىڭ، يەنى ئۇ ياشايدىغان مۇھىتنىڭ تەسۋىرى بولۇپ، بۇ ھەرگىزمۇ ئارتۇقچە، بولمىسىمۇ بولىۋېرىدىغان قۇرۇق گەپلەرنىڭ تىزمىسى ئەمەس. بۇ تەسۋىرلەردە مەتنىياز خاراكتېرىدىكى چۇۋالچاقلىق، ئەزمىلىك، ئىرادىسىزلىك، بىپەرۋالىق قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ئىزنىسى بار. ئۇنىڭدىن باشقا، تاشلاقلىق تۇرغان جەڭنامە كىتابلار مەتنىيازنىڭ ھەر ھالدا خەت ساۋادى بارلىقىدىن شەپە بېرىش بىلەن، ئۇنىڭ چاچ چۈشۈرۈۋېتىپ سۆزلىگەن جەڭنامىلىرىنى مەنبە بىلەن تەمىنلىسە، ھەر خىل جابدۇقلار ئۇنىڭ قولى «ھۈنەرلىك» ئادەم ئىكەنلىكىنىڭ ماددىي پاكىتلىرى بولالايدۇ. ئۆيدىكى رەتسىزلىك،

مەينەتچىلىك ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا بىر پەرۋا قارايدىغانلىقىنى كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ بويتاق ئادەم ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ تۇرىدۇ.

تەبىئەت تەسۋىرلىرىمۇ شۇنداق ئېنىق ۋە يارقىن. ئۇلار پېرسوناژلارنىڭ روھىي ھالىتى، كەيپىياتىنى ئىپادىلەش، روھىي دۇنياسىنى ئېچىش، مەنىۋى توقۇنۇشلىرىنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى زېمىن ھازىرلىغان.

مەسىلەن، «كۆپۈشۈپ، تاۋلىنىۋاتقان ئېتىزلاردىن نەم تۇپىنىڭ پۇرىقى بىلەن شىۋاقىنىڭ ئۆتكۈر پۇرىقى كېلىپ دىماققا ئۇرۇلاتتى. قىشچە ھەرىكەتسىز ياتقان قۇرت - قوڭغۇزلار ئۇچەكلىرىدىن چىقىپ، يېڭىدىن ھەرىكەتكە چۈشمەكتە. ئىسسىقراق جايلارغا قىشلاپ كېلىش ئۈچۈن كەتكەن ئۇچار قاناتلارمۇ قايتىپ كېلىپ، يېرىمچە قىلىدىغان ئىشلىرىنىڭ پىلانىنى تۈزمەكتە».

«يېڭىدىن ئېچىلغا ئايلىنىۋاتقان ئېتىزلار ئۈستىدىكى گىرىمسەن يىراقلاردىن كۆرۈنگەن سۇدەك جىمىرلاپ تۇرىدۇ. ئېرىقنىڭ ياقىسىغا ئارقانلاپ قويغان ئات - ئۇت چىشلىمەستىن، تىنماي بېشىنى سىلكىنمەكتە. ئاشلىقلار ئىچىدىكى چېكەتكىلەرنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاران قوزغىلىۋاتقان ئىسسىق شاماللار ھورۇنلۇق بىلەن خېلى يەرلەرگىچە ئېلىپ كېتىدۇ».

بۇ تەسۋىرلەر شۇنداق كونكرېت ۋە روشەنكى، ئۇنى تەبىئەتنىڭ جانلىق كارتىنىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئاپتور تەبىئەت تەسۋىرىنى خالىسا يازىدىغان، خالىمىسا تاشلىۋېتىدىغان، گاھىدا ئۇزارتىپ، گاھىدا قىسقارتىۋەتسىمۇ بولۇۋېرىدىغان ئەھمىيەتسىز قىستۇرما ئورۇندا كۆرمىگەن. ئۇنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى تەبىئەت تەسۋىرلىرى ئەسەرنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ئايرىلماس قىسىملىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئەمەلىيەتتە ئەسەر ۋەقەلىكى، پېرسوناژلار ھەرىكىتى ۋە خاراكتېرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن باب كېلىدىغان تاشقى شارائىت يەنى ھەرىكەت سەھنىسىدۇر.

مىسال ئېلىنغان ئالدىنقى ئابزاستا، باھار بىلەن تەڭ ئويغانغان پۈتۈن كائىنات ئىنچام سۈرەتلەنگەن بولۇپ، تەسۋىرنىڭ مۇھىم نۇقتىسىغا ھەرىكەتنى يەنى تەبىئەتنىڭ جانلىنىشىنى قويغان. بۇ ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ ئالدىراشلىقىنى، مەتنىيازنىڭ تۈنجى قەدىمىنى بېسىشقا تەرەددۇتلەنگەنلىكىنى سەۋەب - نەتىجىلىك مۇناسىۋەت ئىچىگە قويغان. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن مەتنىيازنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرى، پسىخىك تەۋرىنىشلىرى ئىشەنچلىك تاشقى شارائىت بىلەن تەمىنلەنگەن.

كېيىنكىسى تومۇزدىكى تەبىئەتنىڭ تەسۋىرى بولۇپ، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە تۈنجى رەت دېھقانچىلىققا تۇتۇش قىلغان بۇ يىگىت دېھقاننىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى كونكرېتلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ روھىي ھالىتىنى يورۇتۇشقا زېمىن ھازىرلاپ بەرگەن.

زۇنۇن قادىرىنىڭ تەبىئەت تەسۋىرلىرى ھەمىشە ناھايىتى تەبىئىي، ئىخچام يېزىلىدۇ. ئۇنىڭدا ھەيران قالغۇدەك دەبدەبىلىك، جەزبىدار سۆزلەر يوق. بۇ تەسۋىرلەر ئېنىق ۋە ئاددىيلىقى بىلەن زور ئېستېتىك ئۈنۈم ھاسىل قىلالايدۇ. تەبىئەت ھەم مۇھىت داۋاملىق ئەسەرنىڭ ئېھتىياجى بويىچە تەسۋىرلىنىدۇ. تەبىئەت ھەم مۇھىتنىڭ تەسۋىرى جەزمەن پېرسوناژ پائالىيىتىگە بېرىلىپ تۇتۇشىدۇ. ئادەم ئۆز نۆۋىتىدە تەبىئەت ۋە مۇھىت تەسۋىرلىرىگە جان كىرگۈزىدۇ. «چىنىقىش» ھېكايىسىدىكى مەتنىياز ئوبرازىنىڭ جانلىق، يارقىن يارىتىلىشى، جۈملىدىن ئۇنىڭ خاراكتېر - ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلۈشىدە پسىخىك تەسۋىرلەرنىڭ ئوينىغان رولىنى ھەرگىز تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. بۇ پىكىرىمىزنى ھېكايىدىن بىرلا مىسال ئېلىش ئارقىلىق چۈشەندۈرىمىز.

«مەتنىياز ئىززەتخاننىڭ ئاكىسىنىڭكىگە ئوخشاش قارا ئەگمە قاشلىرىنى، قويۇق كىرپىكلىك قوي كۆزلىرىنى، ئانارەك مەڭزىلىرىنى، كېلىشكەن سۇباتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ ئەتىياز ئىززەتخاننىڭ پۈتىنى چىڭگە بىلەن ئۆلچەۋاتقاندا دۈملاق پاچىقى تېگىپ كېتىپ بىلىكىنى ئىسسىتىۋەتكەنلىكىنى يادىغا چۈشۈپ

بىئارام بولدى. ئۇ ئىززەتخاننىڭ يۈيۈپ ئېسىپ قويغان گۈللۈك چىت كۆڭلىكىنى كۆرگەندىمۇ ئۆزىدە قانداقتۇر غەلىتە ئىسسىق بىر تۇيغۇ بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى».

مەتنىيازنىڭ مۇھەببەت سېزىملىرى، نازۇك پىسخىك پائالىيەتلىرى تەسۋىرلەنگەن بۇ پارچىدا مەتنىيازنىڭ يوشۇرۇن كۆيۈش باسقۇچىدىكى سېزىملىرى، مۇھەببەتلىك ھېسسىياتى شۇنداق جانلىق ۋە جايىدا تەسۋىرلەنگەنكى، مەتنىياز خاراكتېرىنىڭ ئەڭ پىنھان قاتلاملىرىنى ئاشكارىلايدىغان بۇ تەسۋىرلەرگە ھەرقانداق كىتابخان قايىل بولماي قالمايدۇ، مۇھەببەت كۈچىنىڭ مەتنىيازنىڭ روھىي دۇنياسىدا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغان سۈبيېكتىپ ئامىللارنىڭ بىرى بولغانلىقىغا تولۇق ئىشەنچ ھاسىل قىلىدۇ، ئادەم قەلبىنىڭ ئەڭ نازۇك ۋە ئىنچىكە يەرلىرىگىچە شۇڭغۇپ كىرەلەيدىغان يازغۇچى قەلىمىگە زوقلىنىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ قويۇقلۇقى، مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ روشەن ئىپادىلەنگەنلىكى ھېكايىنىڭ يەنە بىر مۇھىم خۇسۇسىيىتىدۇر.

«چىنىقىش» ھېكايىسىدە ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ تۇرمۇش خۇشاللىقلىرى، غەم - قايغۇسى، ئارزۇ - ئۈمىدى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەنگەن. ھېكايىدىكى تىپىك تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىدىن ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ كونا بىلەن يېڭىنىڭ ئالمىشىش پەيتىدىكى روھىي ھالىتىنى، ئەينى يىللاردىكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ جەريانىنى روشەن كۆرگىلى بولىدۇ.

ھېكايىدە تۇرمۇش رېئاللىقىغا زىت بولغان بىرەرمۇ كۆرۈنۈش ۋە بىرەرمۇ پېرسوناژ يوق. تەسۋىرلەنگىنى پۈتۈنلەي يېزا تۇرمۇشى، ئاددىي دېھقانلارنىڭ ئەدەتتىكى تۇرمۇشى، تۇپىلىق يول، ئېتىز - ئېرىق، كۈندە تەكرارلىنىۋېرىدىغان دېھقانچىلىق ئىشلىرى. ئەمما شۇ كۈندىلىك تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى ئىچىدە چىن ۋە ھەقىقىي ھايات نامايان قىلىنغان. مىللىي ئالاھىدىلىكمۇ ئالاھىدە ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئايرىم قىلىپ ئەمەس، بەلكى يەنىلا شۇ تۇرمۇش ئىچىدە يورۇتۇلغان. پېرسوناژلارنىڭ گەپ - سۆز، ئىش-ھەرىكەتلىرى، ئەخلاق ۋە قىممەت قاراشلىرى، ئادەت - يوسۇنلىرى ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا خاس تۇرمۇش شەكلى ۋە تەپەككۇر شەكلى ئارقىلىق يورۇتۇلغان.

دەرۋەقە، مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ ئىپادىلىنىشىدە تىلنىڭ ئوينىغان ۋاسىتىلىك رولىنى كۆزمەسلىككە بولمايدۇ.

تۆتىنچىدىن، ھېكايىدە ئىشلىتىلگەن تىل ھەقىقىي ئۇيغۇر تىلى بولۇپ، جانلىق ۋە يۇمۇرلۇق، ئىپادىلەش كۈچىگە باي. ھېكايىنى ئوقۇغان كىشى ئەسەرنىڭ ئاممىباب، يەڭگىل، قىزىقارلىق تىلىدىن ھوزۇرلانماي قالمايدۇ.

زۇنۇن قادىرى خەلقىمىزنىڭ ئېغىز تىلىدىن ئىجادىي پايدىلىنىپ، ئۇنى بەدىئىي جەھەتتىن تاۋلاپ ئىشلەتكەن بولغاچقا، ھېكايە تىلى روشەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولغان. بۇ ئۆزگىچىلىكنى ئەسەرنىڭ ئومۇمىي بايانىدا، پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ ئىخچام، قىزىقارلىق تەسۋىرلىرىدە ئېنىق كۆرىمىز. مەيلى بايان بولسۇن، مەيلى كونكرېت تەسۋىردە بولسۇن، قۇرۇقتىن قۇرۇق گەپ ئوينىتىش، سۆز ئويۇنى قىلىش مەۋجۇت ئەمەس.

تىل شۇنداق ئاددىي، چۈشىنىشلىك ۋە توغرا ئىشلىتىلگەن بولغاچقا، ھېكايىنى ئوقۇغان ھەربىر كىتابخان ساددا ئەمما ھورۇن، قولى ھۈنەرلىك ئەمما قولىدىن ئىش چىقمايدىغان، ھەرىكىتى ئاز ۋە ئۇيقۇغا مايىل، شاپاق دوپپىسىنى كۆزىگە چۈشۈرۈۋېلىپ سۆگەتنىڭ سايىسىدا ئوڭدا ياتقان، بولۇۋاتقان ئىسسىقنى، ھەتتا ھەلقۇمىنى لىپىلدىتىپ تۇرغان تولۇق قاغىنىمۇ تىللاپ قاغاۋاتقان مەتنىيازدىن ئىبارەت «مۇشۇ» دېھقاننى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيدۇ، ئاپتورنىڭ ئاددىيلىقتا يەنە ئاددىيلىشىش مۇمكىن بولمايدىغان تىلىنىڭ ياردىمىدە، مەتنىيازنىڭ كىچىككىنە باغلىق قورۇسىغا، ئىگىسىنىڭ چۈۋالچاقلىقىدىن دېرەك

بىرىپ تۇرغان سۇپىلىق ئۆيىگە كىرگەندەك بولىدۇ، ئۇلار ئەترەت باشلىقى ھەمرا قاتارلىق كىشىلەر بىلەن كاۋا بارىڭىنىڭ تېگىدە ئولتۇرۇپ، سۇيۇقئاشنى ئىچىپ، كۆڭۈللۈك يېزا تۇرمۇشىدىن راھەتلەنگەندەك بولىدۇ، ئىسسىق ۋە چارچاشتىن ھالى قالمىغان مەتنىيازنىڭ بىچارە ئەمما كۈلكىلىك ھالىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرغاندەك بولىدۇ ··· قىسقىسى، ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى ۋە پېرسوناژلار ھەققىدە ئېنىق، روشەن تەسىراتقا ئىگە بولالايدۇ. شۇڭا ھېكايە ئېستېتىك زوقلىنىشنىڭ ھەقىقىي ئوبيېكتى بولالىغان.

ھېكايىنىڭ ھەممە تەرەپلىرى — تەسۋىرلىرى، تىلى، ستىلىستىك ۋاستىلىرى، قۇرۇلمىسى ۋەھاكازالارنىڭ ھەممىسى ئوبراز يارىتىشنىڭ ئېھتىياجىغا ماس كەلگەن. شۇڭا بۇ ۋاستىلەرنىڭ ھەممىسى بىزدە گۈزەللىك تۇيغۇسى قوزغىيالايدۇ.

بەشىنچىدىن، ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىمۇ ئەدەمنى يېزىشتىن ئىبارەت ئىجادىيەت مۇددىئاسىغا بويسۇندۇرۇلغاچقا، بۇنىڭدا باش - ئايىغى بار، ئىزچىل داۋاملىشىدىغان بىر پۈتۈن ھېكايە سۆزلەنمەيدۇ، بەلكى ۋەكىل خاراكتېرلىك تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرى مەتنىيازنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئاپتورنىڭ بايانى پۈتۈنلەي ئادەمنى يېزىشنىڭ ئېھتىياجى بويىچە داۋاملىشىدۇ، دېتاللار مەقسەتسىز ئەمەس، بەلكى مەقسەتلىك ھالدا باش قاتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

«چىنىقىش» زۇنۇن قادىرىنىڭ باشقا ھېكايىلىرىغا قارىغاندا ھەجىم جەھەتتە بىر قەدەر چوڭ. لېكىن ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇن، تارىخىي مۇساپە، تۇرمۇش دائىرىسى جەھەتلەردىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ھەجىمىنى چوڭ دېگىلى بولمايدۇ، بەلكى ئۇنى يۇكسەك دەرىجىدە ئىخچاملانغان دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى بىز بۇ ھېكايىدىن مەتنىيازنىڭ پۈتۈن ھاياتىنىڭ جانلىق كارتىنىسى، كونا ۋە يېڭى دەۋردىكى سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆرىمىز. رومان ياكى پوۋېستقا تەئەللۇق مەزمۇننىڭ مۇشۇنچىلىك بىر ھېكايىغا سىڭدۈرۈلۈشىدىن بىز ئاپتورنىڭ تۇرمۇشنى يۇكسەك دەرىجىدە ئىخچاملاش، مەركەزلەشتۈرۈش ماھارىتىنى، ۋەقەلىكنى جايىدا، ئەپلىك قوراشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كۆرۈۋالالايمىز.

«چىنىقىش» ھېكايىسى خېلى قويۇق كومېدىيىلىك تۈسكە ۋە يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە نادىر ئەسەر بولغاچقا، ئۇ كىتابخانلارنى تېزلا مەھلىيا قىلىدۇ. «چىنىقىش» مۇشۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ھېكايىدە تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىدىكى ۋە مەتنىياز خاراكتېرىدىكى كومېدىيىلىك ئامىللار ئەسەرنىڭ يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئەسەردە ئاپتور ئۆز قەلىمى ئاستىدىكى باش قەھرىماننىڭ يېڭى دەۋرگە سىغىشمايدىغان قىلىقلىرىنى، يارىماس ئادەتلىرىنى مەسخىرە قىلىدۇ ۋە تەنقىد قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەزىملىكى بىلەن بوشاڭلىقىنى ئۆتكۈر ھەجۋىي ئاستىغا ئېلىش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ تۈزۈلۈشكە بولغان ئىشەنچىسى ئارقىلىق كېيىنكى ئۆزگىرىشىگە ئىمكانىيەت قالدۇرىدۇ.

تەسۋىردىكى بۇ خىل مايىللىق ئەسەرگە ئېنىق، يەڭگىل كەيپىيات سىڭدۈرگەن. شۇڭا بۇ ھېكايىنىڭ ئۇسلۇبىنى قەلەم يەڭگىل، تىل قىزىقارلىق، تەسۋىرلەر يۇمۇرلۇق، كەيپىيات يورۇق ۋە يەڭگىل دەپ خۇلاسىلەشكە بولىدۇ.

دېمەك «چىنىقىش» ھېكايىسى ئۆزىنىڭ نۇرغۇن تەرەپلەردىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن، زۇنۇن قادىرىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى ئەڭ نادىر ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان پروزىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. گەرچە بۇ ھېكايە 50 - يىللاردىكى تارىخىي چەكلىمىلەرنىڭ تەسىرىگە ئاز - تولا ئۇچرىغان بولسىمۇ ۋە ئۇنىڭدا بەزىبىر نۇقسانلارغا يول قويۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ ئىجادىي خاراكتېرى، ئارقىلىق ئەدەبىياتنىڭ ئادەمشۇناسلىق پىنى ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بەردى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ھېكايە ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى بۈگۈنكىچە يوقاتماي كەلمەكتە ۋە يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئىجادىيىتىگە ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىپ كەلمەكتە. مانا مۇشۇنداق ئۆلمەس ئەسەرنىڭ ئاپتورى زۇنۇن قادىرىنىڭ ئىجادىيىتىنى تەتقىق قىلىپ توغرا خۇلاسىلەپ چىقىش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈشتە، دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشتە ئەلۋەتتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 1995 ـ يىللىق 3 ـ سان

# پېرسوناژ ئوبرازى نەزەرىيىسىنىڭ تەرەققىياتى

ئابدۇللا مۇھەممەدى

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، پېرسوناژ ئوبرازىنىڭ تەرەققىياتى پەلسەپىۋى ئۇقۇملارغا بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا بايان قىلىنىدۇ.

1

پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىش مەسىلىسى ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى مەركەزلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرى، مۇكەممەل پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىش جەھەتتە تارىختىن بۇيان يازغۇچى ۋە نەزەرىيىچىلەر خىلمۇ خىل نەزەرىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ئىككى مىڭ يىلدىن بۇيان داۋام قىلغان پېرسوناژ ئوبرازى نەزەرىيىسىنىڭ تەرەققىيات جەريانىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، بۇ نەزەرىيە بىر مەنتىقىي كاتېگورىيىدىن يەنە بىر مەنتىقىي كاتېگورىيىگە قاراپ تەرەققىي قىلىش جەريانى بولۇپ كەلدى، ئۇ ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، تۆۋەن دەرىجىدىن يۇقىرى دەرىجىگە، ئۆزەللىكتىن ئومۇمىيلىققا، ئابستراكتلىقتىن كونكرېتلىققا، ھېسسىي تەجرىبىدىن ئەقلىي بىلىشكە تەرەققىي قىلىپ، ئۆزىنىڭ موللۇقىنى نامايان قىلدى. بۇ نەزەرىيىلەردە گەرچە ھەر خىل پەرقلەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنى كاپىتالىزمدىن ئىلگىرىكى تۇر تەلىماتى، يېقىنقى زاماننىڭ ئالدىدىكى ئىندىۋىدۇئاللىق تەلىمات ۋە يېقىنقى زاماننىڭ ئاخىرىدىكى تىپ تەلىماتلىرىغا ئومۇملاشتۇرۇش مۇمكىن.

قەدىمكى يۇنان، رىم دەۋرلىرىدە، ئىتالىيىلىك ھوراتىس ئارىستوتېلنىڭ پېرسوناژ ئوبرازى نەزەرىيىسىنىڭ تىپقا ئائىت قىسمىدىن ۋاز كېچىپ، پەقەت ئۇنىڭ تۇر تەلىماتىغىلا ۋارىسلىق قىلغان. بۇ ھال ھوراتىس دەۋرىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى ئىدى. «چۈنكى سەنئەت پۈتۈن دەۋر ۋە پۈتۈن مىللەتنىڭ ئومۇمىي دۇنيا قارىشى ۋە دىنىي مۇددىئاسى بىلەن باغلانغان»[①] ھوراتىستىن ئىلگىرىكى يۇنانلىشىش دەۋرىدە، ئالېكساندىرىيە ئېقىمىنىڭ ئەدەبىيات نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنىڭ مەركىزى ئافىنا پروكرىت دەۋرىدىكى ئەدەبىياتنىڭ تۈرمۈش بىلەن بولغان ئېستېتىك مۇناسىۋىتىگە پەلسەپىۋى پىكىر يۈرگۈزۈشتىن شەكىل ۋە ماھارەتنى ئىپادىلەش جەھەتكە يۆتكەلدى. بۇ ئېقىم ئەدەبىياتنى تەجرىبە جەھەتتىن تۈرلەرگە ئايرىپ چىقتى ۋە ھەر خىل بەلگىلىمىلەرنى بەلگىلەپ، ئىجادىيەتكە يېتەكچىلىك قىلدى. رىم دەۋرىدىكى ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ كۆپىنچىسى ئالېكساندىرىيە ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، تاكى كلاسسىزم ئىلمىي ئېقىمىغا قەدەر تەرەققىي قىلدى. كلاسسىزمچىلار پۈتكۈل ئەدەبىيات دائىرىسىدە گرېكلارنى ئۈرنەك قىلغانىدى. ئەنە شۇ

① گېگېل: «ئېستېتىكا»، 1 ـ توم، 38 ـ بەت.

دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى بىلەن، هوراتسىنى ئارستوتېلنىڭ ئەدەبىيات ئىدىيىسىدىكى شەكىل ئامىللىرىغىلا ۋارىسلىق قىلدى. بۇ پېرسوناژ ئوبرازى نەزەرىيىسىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى بىر قېتىملىق ئىنكار قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تۈر تەلىماتى نەزەرىيىسى ئۇزۇن تارىخىي باسقۇچنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزدى. XVII ئەسىرگە كەلگەندە، فىرانسىيە كلاسسىزم دەۋرى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن ئەينى زامان تۈر تەلىماتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئۆزىنى تولۇق نامايان قىلدى. شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىزكى، تۈر تەلىماتى ئەينى زاماندا پېرسوناژ ئوبرازى نەزەرىيىسىنىڭ تەرەققىياتى تارىخىدا ئىنتايىن ئىجابىي رول ئوينىغانىدى. ئۇ قەدىمكى زامان ۋە ئوتتۇرا ئەسىر ئەدەبىياتىدا ئەۋج ئېلىپ كەتكەن سىرلىق ئىدىيىلەر ۋە بىمەنە ئىپادىلەش شەكىللىرىنى بار كۈچى بىلەن چەتكە قېقىپ، پېرسوناژ يارىتىشنى چۆرىدىگەن ھالدا ۋە پېرسوناژ ئارقىلىق شەيئىنىڭ ئىچكى ماھىيىتى بىلەن مۇقەررەرلىكىنى ئەكس ئەتتۈردى. مۇرەككەپ دۇنيا ئىچىدىن بەزى ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە تىپلارنى تاللىۋالدى. ئەمما ئۇ ھامان بىر تۈرلۈك يۈزە، تۇرغۇن مېتافىزىكىلىق ئىجادىيەت نەزەرىيىسى بولغانلىقتىن، قوللانغان ئىپادىلەش شەكلىمۇ ئەدەبىياتنىڭ ئېستېتىك ئالاھىدىلىكىگە مۇخالىپ بولۇپ كەلدى، تۈر تەلىماتى بولسا ئىدىيىنىڭ بىۋاسىتە ئاشكارىلىنىشىنى ۋاستە قىلغان، ئۇنىڭدا يەنە ئېغىر ئېستېتىك ئىللەت ساقلانغان. شۇڭا ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ يېڭى پەيدا بولغان قارىمۇ قارشى نەزەرىيە تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنىدىغانلىقى مۇقەررەر. بۇ ئىككىنچى قېتىملىق ئىنكار قىلىنىش جەريانىدۇر. بۇ يېڭى قارىمۇ قارشى نەزەرىيە باشقا بىر نەرسە بولماستىن، يېڭى كۆتۈرۈلگەن مەرىپەت ئەدەبىياتى ئېقىمى ۋە رومانتىزم ئەدەبىيات پىكىر ئېقىمى تەرغىپ قىلغان ئىندىۋىدۇئاللىق تەلىماتىنىڭ دەل ئۆزى.

ئىندىۋىدۇئاللىق تەلىمات يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان كاپىتالىزمغا ئەگىشىپ پەيدا بولدى. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرىدىكى ئەسەرلەردە ئىندىۋىدۇئاللىقنىڭ پەۋقۇلئاددە گەۋدىلىنىپ چىقىشى ئىنتايىن روشەن بەدىئىي ھادىسىگە ئايلاندى. خۇسۇسەن شېكسپىر ئىجادىيىتىدە پېرسوناژ ئىندىۋىدۇئاللىقى ۋە خاراكتېرىنىڭ جانلىقلىقى، مۇللۇقى تېخىمۇ روشەن، گەۋدىلىك ئىپادىلەندى. شېكسپىرنىڭ بۇ خىل ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى XIX ئەسىردىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن نەزەرىيىگە پەۋقۇلئاددە زور تەسىر كۆرسەتتى، ئەينى زامانغا مەنسۇپ يازغۇچى، شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، جانلىق، ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىكى بولغان ئوبرازلارنى يارىتىشتا ئۆز قاراشلىرىنى نامايان قىلدى. ئەمما بەدىئىي ئوبرازنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنى تەجرىبە ئاساسىدىن نەزەرىيىۋى بىلىش يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈش بولسا مەرىپەتچىلىك دەۋرىدىلا بارلىققا كەلدى.

دىدرو بىلەن لېسسىڭ پېرسوناژ ئوبرازى نەزەرىيىسىدە بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىككى زور ئىشنى قىلدى: بىرى، پېرسوناژ ئوبرازىنىڭ ئىندىۋىدۇئال خۇسۇسىيىتىنى تەكىتلىدى ۋە فىرانسىيە كلاسسىزمىنىڭ تۈر تەلىماتى نەزەرىيىسىنى تەنقىدلىدى؛ يەنە بىرى، پېرسوناژ بىلەن مۇھىتنىڭ زىچ مۇناسىۋىتىنى ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەكلىكىنى كۆرسەتتى.

گېرمانىيە ئېستېتىكىسى بائۇم گارتېن بۇ مەسىلە ئۈستىدە پەلسەپە جەھەتتىن ئىزدەندى. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئېستېتىكا» ناملىق ئەسىرىدە گۈزەللىككە تەبىر بېرىپ: گۈزەللىك سەزگۈ ئەزالىرى ئارقىلىق بىلىنگەن مۇكەممەللىك، دېدى. بۇ تەبىرنىڭ بەلگىلىمىسىدە ئۇ ئەنئەنىۋى قاراش بويىچە، گۈزەللىك تامامەن مۇكەممەللىككە ئىگە بولغان بولۇشى، پۈتۈنلۈك بىلەن قىسمەتلىكنىڭ گارمونىيىسى بولغان بولۇشى كېرەك، دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ مېڭىدىكى ئوبرازلارنىڭ روشەنلىكى ۋە جانلىقلىقىنى

ئۆكسەللىكنىڭ مۇھىم تەركىبى دەپ قارىدى، يەنى ئۇ ئېستېتىك ئوبيېكتىنىڭ ئايرىملىقلىقى بىلەن كونكرېتلىقلىقى ۋە جانلىقلىقىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. ئۇ: كونكرېت شەيئىلەر تامامەن ئېنىق بولىدۇ، شۇ ئايرىم شەيئىلەر توغرىسىدىكى ئىدىيىدىن شېئىرىي خاراكتېرنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن، دەيدۇ. بائۇم گارتېنىنىڭ پېرسوناژ ئوبرازى نەزەرىيىسى جەھەتتىكى تۆھپىسى شۇكى، «ئۇ يېڭى كلاسسىزمچىلار كۆككە كۆتۈرگەن ئومۇمىي ئىنسان تەبىئىتى بىلەن تۇردىن باشقا، ئايرىم شەيئىلەرنىڭ كونكرېت ئوبرازىنى بىرىنچى ئورۇنغا كۆتۈردى»①. كېيىن گېرمانىيىلىك شىرتىمۇ سەنئەت تەرەققىيات تارىخى جەھەتتىن ئۆزىنىڭ ئىندۇۋىدۇئاللىق قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ «قەدىمكى زامان فىگورا سەنئەت تارىخى» ناملىق كىتابىدا ۋىنكىلماننىڭ يۇنان سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى «يۈكسەك ساپلىق ۋە تىنچ ئۇلۇغلۇق» قا يىغىنچاقلاپ قويۇشتەك قارىشىنى تەنقىد قىلدى. شىرت «بەدىئىي گۈزەللىك توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدە: «بەدىئىي گۈزەللىككە توغرا باھا بېرىش ۋە بەدىئىي زوقلىنىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئاساسى ئالاھىدىلىك توغرىسىدىكى ئۇقۇمدا»② دەيدۇ. شىرتنىڭ بۇ قارىشى ئەينى ۋاقىتتا گېگېلنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى ۋە گېگېل ئۇنى ھازىرقى زاماندىكى ئەڭ ئۇلۇغ بەدىئىي زوق ئالغۇچى دەپ ئاتىدى. گېگېل يەنە ئۇنىڭ قاراشلىرى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىز بۇ خىل ئالاھىدىلىكنىڭ نېمىلىكىنى سۈرۈشتۈرىدىغان بولساق، بىز ئۇنىڭ ئالدى بىلەن بىر خىل مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بايقايمىز. مەسىلەن، مەلۇم خىلدىكى ھېسسىيات، پاسىل، ۋەقەلىك، ھەرىكەت، ئايرىم شەخسلەر؛ يەنە ئۇ مەزمۇننى ئىپادىلەيدىغان شەكىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالاھىدىلىكتىن ئىبارەت بۇ بەدىئىي پرىنسىپ دەل شۇ خىل ئىپادىلەش شەكلىگە بېرىپ تاقىلىدۇ، چۈنكى ئۇ ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىكى بارچە ئايرىم ئامىللارنىڭ مەزمۇننى روشەن زاھىر ئېتىشنى ئىپادىلەشنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ» ئوخشاش بىر دەۋردە ياشىغان ئىتالىيىلىك ۋىلو ئۆزىنىڭ «يېڭى پەن» ناملىق ئەسىرىدە شېئىرنىڭ ماھىيىتى ئۈستىدە توختالغىنىدا: «پەلسەپە ئومۇمىي ئۇقۇمدىن ھالقىپ ئۆتۈشى، شېئىر بولسا ئايرىم ۋەقەلەر ئىچىگە چوڭقۇر چۆمگەن بولۇشى③كېرەك» دەيدۇ. بۇ يەردە ئۇ شېئىرنىڭ ئايرىم كونكرېت ئوبرازنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى، ھەرگىزمۇ قۇرۇق بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئىتالىيىلىك دراماتورگ كولدونى: «مەن ئادەمنى ئىنچىكە كۆزىتىش ئادىتىنى يېتىلدۈردۈم، خاس خاراكتېرى بولغان شەخسلەرنى ئىگىلەيمەن»، «ئىتالىيىلىكلەر ئاساسىي پېرسوناژ خاراكتېرىنى كۆچەيتىپ يېزىشنى، باشقىچە ئۇسلۇب يارىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ... تىياتىردىكى بارلىق پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرگە ئىگە بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ»⑤ دەيدۇ.

بۇ نەزەرىيىچى، يازغۇچىلارنىڭ قاراشلىرىدا، ئەينى زامان بۇرژۇئازىيىسىنىڭ بەدىئىي ساھەدىكى ئىندۇۋىدۇئاللىقنى كۆتۈرۈش تەلەپلىرى ۋە فرانسىيە كلاسسىزم تۈر نەزەرىيىسىگە قارشى تۇرغانلىقى ئەكس ئەتكەن. بۇ خىل ئىندۇۋىدۇئاللىقنى تەكىتلەش ساداسى رومانتىزم ئەدەبىيات ئېقىمىدا تېخىمۇ كۈچلۈك بولدى. رومانتىزم ۋەكىللىكىدىكى ئەدەبىيات پىكىر ئېقىمى كلاسسىزم كۆككە كۆتۈرگەن تۈر نەزەرىيىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىنكار قىلدى. لېكىن بۇنداق ئىنكار قىلىش جەريانىدا، رومانتىزم ئىدىيىسىنىڭ ئاشۇرۇۋەتكەنلىكى سەۋەبىدىن، ئىندۇۋىدۇئاللىق نەزەرىيىسى يەنە بىر قۇتۇپقا ئۆتۈپ كەتتى، ئۇ شۇنداق تەرەققىي قىلدىكى، رومانتىزم ھەرىكىتىنىڭ كېيىنكى دەۋرىدىكى بۆلۈنۈشكە

---

① جۇگۇاڭچيەن: «غەرب ئېستېتىكا تارىخى»، 1 - توم، 307 - بەت.
② ③ گېگېل: «ئېستېتىكا»، 1 - توم، 22 - بەت.
④ ⑤ ياۋروپا - ئامېرىكا كلاسسىك يازغۇچىلىرى رېئالىزم ۋە رومانتىزم توغرىسىدا»، 144 -؛ 149 - ۋە 153 - بەتلەر.

ئەگىشىپ، ئىندىۋىدۇئاللىق تەلىماتى پاسسىپ رومانتىزمچىلار تەرىپىدىن يۈزە، چېكىدىن ئاشقان، سىرلىق ئىندىۋىدۇئال تەلىماتقا ئۆزگەردى. بۇ خىل چېكىدىن ئاشقان ئىندىۋىدۇئاللىق نەزەرىيىسىگە گېرمانىيە پاسسىپ رومانتىزمى ۋەكىللىك قىلدى. ئۇچىغا چىققان ئىندىۋىدۇئاللىق تەلىماتى ئەقلىيلىكنى تامامەن چەتكە قاقتى، ئايرىم ئالاھىدە خۇسۇسىيەت ئارقىلىق ئومۇمىي، مۇقەررەر نەرسىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە سەل قارىدى. ئۇ ئىندىۋىدۇئاللىقنى ئىپادىلەشكە مەستانە بولۇپ كېتىپ، ئۇنى ئىپادىلەشنى خىيالىي، نوقۇل تاسادىپىيلىقنى قوغلىشىش دەپ چۈشەندى.

گېگېل ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك يەكۈنلەپ، ئۆزىنىڭ پېرسوناژ ئوبرازى نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر شەرھلىدى، ئۇ غايە توغرىسىدىكى ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن پېرسوناژ ئوبرازى نەزەرىيىسى تارىختا بىر قېتىملىق زور سەكرەش مەيدانغا كەلدى. بۇ بىر خىل يېڭى، دىئالېكتىك تىپ نەزەرىيىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى. ئەمما گېگېلنىڭ پۈتۈن پەلسەپە سىستېمىسى باش - ئايىقى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن ئوبيېكتىپ ئىدېئالىزم سىستېمىسى بولغانلىقتىن، ئۇ دۇنيانىڭ مەنبەسىنى «مۇتلەق ئىدىيە» نىڭ ئۆز - ئۆزىدىن پەيدا بولغانلىقىغا يىغىنچاقلاپ قويدى ھەمدە بەدىئىي گۈزەللىكنى مۇتلەق ئىدىيىنىڭ ھېسسىي زاھىر بولۇشى دەپ قارىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ئېستېتىكا سىستېمىسى پەلسەپە سىستېمىسىغا ئوخشاش ئۆزىنى ئۆزى چەكلەپ قويدى ۋە ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىلمىي نەزەرىيە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. روسىيىنىڭ ئىنقىلابىي دېموكراتىزمچى نەزەرىيىچىسى بېلىنسكى گېگېل نەزەرىيىسىنى تەنقىد قىلىش ئاساسىدا، تىپ نەزەرىيىسىنى تەرەققىي قىلدۇردى، بېلىنسكىنىڭ ئاساسىي تۆھپىسى گېگېلنىڭ «گۈزەللىك ئىدىيىنىڭ ھېسسىي زاھىر بولۇشى» دېگەن نۇقتىئىنەزەرىنى قەتئىي رەت قىلىشتىن ئىبارەت بولدى، ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تىپىكلىكىنى رېئالىزملىق ئەدەبىياتنىڭ تۈپ پرىنسىپى سۈپىتىدە مۇقىملاشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئىدېئالىزملىق تىپ قارىشىنى ماتېرىيالىزملىق تىپ قارىشىغا ئۆزگەرتتى ۋە ئۇنى رېئاللىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى بىلەن زىچ بىرلەشتۈردى. يۇقىرىدىكىلەردىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، پېرسوناژ ئوبرازى نەزەرىيىسى ئۇزۇن تەرەققىيات جەريانىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى، ئۇنىڭغا ئىنكار، ۋارىسلىق، تەرەققىياتقا ئوخشاش دىئالېكتىك ئامىللار سىڭگەن ۋە ئۇ ئۆزىنىڭ موللۇقى بىلەن جانلىقلىقىنى نامايان قىلدى. پاكىتلارمۇ تىپ تەلىماتى ئەدەبىياتنىڭ يېڭى تەرەققىياتىدا ناھايىتى زور تۈرتكىلىك ۋە يېتەكچىلىك رول ئوينىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

## 2

پېرسوناژ ئوبرازى نەزەرىيىسى تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيەتلىك بولىدىغان - بولمايدىغانلىقى تېخىمۇ دىققەتكە سازاۋەر مەسىلە.

ئەدەبىيات تارىخىدا پارلاق ئىجادىيەت دەۋرىدىن كېيىن ۋۇجۇتقا كېلىدىغىنى، مۇقەررەركى، نەزەرىيە. يۇنان ئەدەبىياتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە مول ئەدەبىي ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرى ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى ئەۋزەل شارائىت بىلەن تەمىن ئەتتى. ئارىستوتېلنىڭ پېرسوناژ ئوبرازى نەزەرىيىسى يۇنان ئەدەبىياتىنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقانىدى. يۇنان مېفلىرى، داستانلىرى، تراگېدىيىلىرى ئارىستوتېل پېرسوناژ ئوبرازى نەزەرىيىسىنى مۇئەييەن ئاساسقا ئىگە قىلدى. يۇنان ئەپسانىلىرى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىلا پەيدا بولغان، ئۇ چاغدا شەھەر دۆلەتلىرى بىريۈرۈش قانۇن - تۈزۈملەرگە ئىگە بولمىغان، سىنىپىي بۆلۈنۈش روشەنلەشمىگەن، شەخس بولسا ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنىڭ كوللېكتىپ

پائالىيەتلىرىدە نىسپىي مۇستەقىل ئورۇن تۇتقاندى. بۇ خىل ئەھۋال ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى — مىف ۋە داستانلاردا ئەكس ئېتىپ باردى. خۇددى گېگېل ئېيتقاندەك: قەدىمكى زامان قەھرىمانلىرىنىڭ «ھەممىسى دېگۈدەك شەخسلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆز خاراكتېرىنىڭ مۇستەقىللىقىغا ئاساسەن، ئۆزىنىڭ ھاكىم مۇتلەقلىق ئىدىيىسىگە ئىتائەت قىلغان ھالدا، بارلىق ئىشلىرىنى خالاس ئېتەتتى ۋە ئۈستىگە ئالاتتى؛ ئەگەر ئۇلار ھەققانىيەت ۋە ئەخلاقنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى بولسا، ئۇ پەقەت ئۇلارنىڭ شەخسىي مۇددىئاسىدىن ئىدى... شۇڭا بۇ خىل ئەھۋالدا شەخسنىڭ ئۆزى قانۇن بولۇپ، باشقا بىر تۈرلۈك مۇستەقىل قانۇنىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايتتى» ①. ئارىستوتېلمۇ پېرسوناژ ئوبرازى ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىگەندە ئەلۋەتتە بۇ پاكىتلارغا سەل قارىيالمايتتى. شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ئەڭ دەسلەپكى ئەخلاق ۋە قانۇن ئىدىيىلىرى ھەم تەبىقە تۈزۈمىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ، تراگېدىيىنى ئاساس قىلغان ئەدەبىيات ئوبرازلىرىدىمۇ ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. ئادەم ئىسلىدىكى ئەركىن ئادەم بولۇشتىن قېلىپ، خىلمۇ خىل چەكلىمىلەرگە ئۇچرايدىغان بولدى؛ خۇسۇسەن ئارىستوتېل ياشىغان دەۋردە قۇللۇق دېموكراتىك تۈزۈم تەدرىجىي يىمىرىلىشكە باشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىنى قۇلدار ئاقسۆڭەكلەر مۇستەبىت تۈزۈمى ئىگىلىدى. جەمئىيەت دەرىجە، قاتلاملارغا ئايرىلدى، ئادەم بولسا توپ ۋە گۇرۇھنىڭ ئادىمىگە ئايلاندى؛ ھەرقايسى سىنىپ، قاتلاملارنىڭ ئوخشىمىغان ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئورنى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئىدىيە ئۇسۇلى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي پسىخىكىسىنى بەلگىلىدى. بۇ خىل دەرىجە پەرقى شۇنداق روشەن بولدىكى، تەقلىدنى مەقسەت قىلغان قەدىمكى يۇنان ئەدەبىياتىنى ئوبيېكتىپ رېئاللىقتىكى ھەر خىل دەرىجە پەرقلىرىنى ئەكس ئەتتۈردى. پېرسوناژ خاراكتېرىنى ئىپادىلەش ئورتاق خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كەتتى. نەتىجىدە شەخسنىڭ ئورنى، رولى، قىممىتى ئەھمىيەتكە سازاۋەر بولمايدىغان بولۇپ قالدى. يۇنان تراگېدىيىلىرىدە ئەخلاق بىلەن قانۇننىڭ ئادەمنى چەكلىشى جىددىي تۈس ئالدى. بىز ئارىستوتېلنىڭ «شېئىرىيەت ئىلمى»دا، ئادەمنى سىنىپىي ئورنى، دىنىي ئەھكام ۋە ئائىلە مۇناسىۋىتىدىكى ئورنى بويىچە تۈرگە ئايرىغان ئەھۋالنى كۆرىمىز. بۇ بارلىق ئىجتىمائىي رېئاللىق ئەينى ۋاقىتتىكى كۆپلىگەن ئەسەرلەردە ھەقىقىي ئەكس ئەتتى. بۇ ئارىستوتېلنىڭ «شېئىرىيەت ئىلمى» ۋە «ئېستېتىكا» سىدا جارى قىلدۇرغان تىپ قارىشى ۋە تۈر ئىجادىيەت پرىنسىپىنىڭ ئىجتىمائىي سەۋەبى.

ئەگەر ئارىستوتېلنىڭ پېرسوناژ ئوبرازى نەزەرىيىسى مەلۇم دەرىجىدە زىددىيەتلىك ھالەتلەرنى ۋە مۇرەككەپلىكنى ئىپادىلىدى دېگەندە، ھوراتسىينىڭ مۇناسىۋەتلىك نەزەرىيىسى تېخىمۇ ئاڭلىق، تېخىمۇ روشەن ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ خىل روشەنلىك ئارىستوتېل نەزەرىيىسىدىكى تىپ ئىدىيىسىنى تەرك ئېتىپ، تۈر قارىشىنى جارى قىلدۇرغانلىقتا ئىپادىلەندى. ھوراتسىينىڭ شۇنداق قىلىشىدا چوڭقۇر دەۋر ئالاھىدىلىكى ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر بار، ھوراتسىي نەزەرىيىسى ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇزاق مەزگىل زور تەسىر قوزغىيالىشىدىمۇ ئوخشاشلا چوڭقۇر، ئورتاق ئىجتىمائىي ئاساسى يوق ئەمەس. چۈنكى رىم جەمئىيىتى يۇنان جەمئىيىتىگە قارىغاندا تېخىمۇ تىپىك، تېخىمۇ جىددىي مەنىدىكى قۇلدارلىق تۈزۈمىدىكى دۆلەت ئىدى. بۇ يەردە دۆلەت قانۇنى، سىنىپىي تەبىقىلەرنىڭ ئايرىمىسى، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ ئوخشاشماسلىقى بۇلارنىڭ ھەممىسى تېخىمۇ روشەن، جىددىي ئىدى. رىملىقلارنىڭ يۇنانلىقلارنىڭ ئادەمگە دەرىجە ۋە گۇرۇھ ئىدىيىسى بويىچە مۇئامىلە قىلىشىنى، ئۇنى ئىپادىلىنىشىنى قوبۇل قىلغانلىقى نورمال

① گېگېل: «ئېستېتىكا»، 1- توم، 237- بەت.

ئەھۋال ئىدى. پۈتۈن ئوتتۇرا ئەسىردە قۇلدارلىق تۈزۈمنىڭ فېئوداللىق تۈزۈمگە ئۆتكەنلىكى فېئوداللىق دەرىجە تۈزۈمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى. ھۆراتسىلتىنىنىڭ تۈر نەزەرىيىسىمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى-ۋە يېقىنقى زامانغا قەدەر ۋارىسلىق قىلىندى.

XVII ئەسىردە ياۋروپا فېئوداللىق جەمئىيىتى تەرەققىي قىلىپ يۈكسەك پەللىگە يەتتى. ئۇ چاغدا فرانسىيە ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە فېئودال مۇستەبىت دۆلەت ئىدى. ئۇنىڭدا بىر يۈرۈش مۇستەبىت دۆلەت قانۇنى، مۇستەھكەم تەبىقە تۈزۈمى ۋە ئۇلارغا مۇناسىپ ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىمۇ بولغان ئىدى. تۈر تەلىماتى بۇ خىل ئىجتىمائىي ئاساسنىڭ ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق ئىجادىيەت پرىنسىپى سۈپىتىدە قەدىرلەندى.

يېقىنقى زامان كاپىتالىزمنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، فېئوداللىق دەرىجە تۈزۈمىمۇ يىمىرىلدى، ئۇنىڭ ئورنىنى كاپىتالىستىك ئەركىن رىقابەت ئىگىلىدى. قاتمال، ئۆزگەرمەس فېئوداللىق دەرىجە تۈزۈمىگە ئەركىن رىقابەت شىددەت بىلەن زەربە بەردى. ئىدېئولوگىيە جەھەتتە ئەكس ئەتكىنى بۇرژۇئا ئىدېئولوگىيىسىنىڭ كونا فېئوداللىق ئىدېئولوگىيىنى ئىنكار قىلىشى بولدى. كاپىتالىزمنىڭ ئەركىن رىقابىتى ئىندىۋىدۇئاللىق تەلىماتىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى بولۇپ قالدى. فېئوداللىق دەرىجە تۈزۈمى بىلەن كاپىتالىستىك ئەركىن رىقابەت تامامەن قارىمۇ قارشى بولغانلىقتىن، ئۇلارنى مۇرەسسە قىلىپ بولمايتتى. پېرسوناژ ئوبرازى نەزەرىيىسىدە ئىپادىلەنگىنى تۈر تەلىماتى بىلەن ئىندىۋىدۇئاللىق تەلىماتىنىڭ قارىمۇ قارشىلىقى بولدى.

تۈر تەلىماتى بىلەن ئىندىۋىدۇئاللىق تەلىماتى گەرچە ئومۇمىي ئىنسان ماھىيىتىنى ئۆزىگە ئىدىيىۋى ئاساس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا روشەن پەرقمۇ مەۋجۇت، ئۇلارنىڭ كونكرېت مەزمۇنلىرى ئوخشىمايدۇ. بۇرژۇئازىيىنىڭ ئومۇمىي ئىنسان ماھىيىتى شەخسىيەتچىلىكنى يادرو قىلغان ئىنسانپەرۋەرلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ ئەدەبىيات - سەنئەت گۈللىنىش دەۋرىدىكى دىن ۋە فېئوداللىق ئىسكەنجىلەرگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە تەرەققىي قىلدى. ئۇ ئادەم تەبىئىتىنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. بۇرژۇئازىيە ئەركىن رىقابەت بىلەن شەخسىيەتچىلىكنى مۇۋاپىق، ئومۇمىي ھەقىقەت دەپ قارىدى. بۇ خىل شەخسىيەتچىلىكنى مەركەز قىلغان ئومۇمىي ئىنسان ماھىيىتى نەزەرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا، بۇرژۇئازىيە شەخسنىڭ رولى ۋە ئىندىۋىدۇئال ئەركىنلىككە ئوخشاش ئامىللارنى كۈچىنىڭ بېرىچە تەرغىپ قىلدى. ئىندىۋىدۇئاللىق تەلىماتى دەل مۇشۇ ئىدىيە ئاساسىغا قۇرۇلدى. تۈر تەلىماتى پەيدا بولغان ۋە تەرەققىي قىلغان دەۋردە، شەخسنىڭ ھېسسىياتى، قىممىتى، ئورنى ۋە رولى سەل قارالغان، ھەتتا بېسىمغا ئۇچرىغان ئىدى. ئەخلاق، روھ ۋە قانۇنلار شەخسنىڭ ھېسسىياتى بىلەن ئىدىيىسىنى ئىسكەنجىگە ئالغانىدى. شەخسنىڭ قىممىتى بىلەن رولى جەمئىيەت تەرىپىدىن شۇ دەرىجىدە سەل قارالغانلىقى ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئەكس ئېتىپ، بىر خىل ئەدەبىي ھادىسە بولۇپ شەكىللەندى.

يېقىنقى زامانغا كەلگەندە، كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، شەخسنىڭ رولى، ھېسسىياتى، قىممىتى ۋە ئەركىنلىكى قاتارلىقلار مۇئەييەنلەشتى. شەخسنىڭ مەنپەئەتى بىلەن ئەركىنلىكى ئالاھىدە تەكىتلەنگەنلىكتىن، شەخس بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدا كەسكىن قارىمۇ قارشىلىق پەيدا بولدى. بۇ خىل ئەھۋال ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئەكس ئەتمەي قالمىدى، يازغۇچى يېگانە ئادەمگە مۇستەقىل سۇبيېكتانسىيە ۋە ئىجتىمائىي سۇبيېكتانسىيە سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىدىغان، پۈتۈن دىققىتىنى تۈرنى ئىگىلەشتىن شەخسنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىشقا بۇرايدىغان، شۇنىڭ بىلەن ئايرىم ئادەمنى جەمئىيەتنىڭ مۇستەقىل ھۆجەيرىسى سۈپىتىدە يارىتىدىغان ۋە تەسۋىرلەيدىغان بولدى. شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، ئىندىۋىدۇئاللىققا سەل

www.uyghurkitap.com

قاراش ياكى ئەھمىيەت بېرىش، ئۇنى بېسىش ياكى كۆتۈرۈش جەھەتلەردىكى ھەر خىل پوزىتسىيە تۇر تەلىماتى بىلەن ئىندىۋىدۇئاللىق تەلىماتى، تىپ تەلىماتىنى بۆلۈدىغان بىر بۆلگۈچتۇر.

3

ئادەمنى ھەر خىل چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا ھەر خىل مۇئامىلە قىلىش پەلسەپىدىكى شەيئىلەرنىڭ ئايرىملىقى بىلەن ئومۇمىيلىقى مۇناسىۋىتىنى بىلىشتىن ئەلۋەتتە پەرقلىنىدۇ. ئايرىملىق بىلەن ئومۇمىيلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بىلىش جەھەتتە ئوخشاش بولماسلىقى تۇر تەلىماتى، ئىندىۋىدۇئاللىق تەلىماتى ۋە تىپ تەلىماتىنىڭ شەكىل جەھەتتىكى تۈپ ھالىتىنى بەلگىلىگەن. ئايرىملىق بىلەن ئومۇمىيلىقتىن ئىبارەت پەلسەپىدىكى بۇ مۇھىم مەسىلىنىڭ پېرسوناژ ئوبرازى نەزەرىيىسى بىلەن زىچ باغلىنىشىدىكى سەۋەب شۇكى، قەدىمكى زامان يۇنان ئەدەبىياتى ئۈستىدە نەزەرىيىۋى تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئاساسەن پەيلاسوپلار ئورۇنلىغان. ئۇلارنىڭ پەلسەپە ئىدىيىلىرى ۋە تەھلىل يۈرگۈزۈش ئۇسۇللىرى مۇقەررەر ھالدا ئەدەبىيات نەزەرىيىسى تەتقىقاتىدا ئەكس ئەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يېقىنقى زامان ئەدەبىياتى نەزەرىيىسىنىمۇ پەيلاسوپلار بەرپا قىلدى. شۇڭا ئۇلار ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئادەم تەتقىقاتىنى پەلسەپە ساھەسىدىكى ئادەم تەتقىقاتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ باردى.

ئىنسانىيەت ئىدىيە تەرەققىياتىنىڭ تارىخىدىن قارىغاندا، قەدىمكى زامان ۋە يېقىنقى زامان پەيلاسوپلىرىنىڭ بۇ مەسىلە ئۈستىدىكى بىلىشى ھەر خىل بولۇپ كەلدى. قەدىمكى زامان كىشىلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئومۇمىيلىق بىلەن ئايرىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى پەرقلەندۈرۈش ئوڭاي ئىش ئەمەس ئىدى. سوقراتتىن ئىلگىرىكى پەيلاسوپلار، مەسىلەن، ئېليا ئېقىمىغا مەنسۇپ بولغان پارمېند ئومۇمىيلىق بىلەن ئايرىملىقنىڭ پەرقى بولىدىغانلىقىنى غۇۋا ھېس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن كونكرېت مەسىلىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويالمىغان، قەدىمكى زامان پەيلاسوپلىرى تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھادىسىلىرىنى تەھلىل قىلغاندا، ئومۇمىيلىقنىلا كۆرۈپ، ئايرىملىقنى كۆرەلمىگەن. ئەمما، ئومۇمىيلىق بىلەن ئايرىملىق ئەزەلدىن مەۋجۇت نەرسە ئىدى. سوقرات تۇنجى بولۇپ ئايرىم شەيئىلەر ئىچىدىن ئومۇمىيلىقنى ئىزدىگەن بولدى - يۇ، لېكىن ئومۇ مەسىلىنى تەلتۆكۈس ھەل قىلالمىدى. پلاتون كونكرېت شەيئى بىلەن «ئىدىيە» نىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوتتۇرىغا قويدى، يەنى ھەرقانداق بىر شەيئىدە بىر «ئىدىيە» بولىدۇ دېدى. «ئىدىيە» شەيئىنىڭ ئورتاقلىقى بولۇپ، ئۇنىڭچە، ئايرىملىق ئومۇمىيلىقتىن پەيدا بولۇشى كېرەك. «مېتافىزىكا» دېگەن كىتابتا ئارىستوتېل ئۆز ئۇستازىنى تەنقىدلەپ: «ئومۇمىيلىق ئايرىملىقتىلا مەۋجۇت» دېدى. ئەمما ئۇ ئايرىملىقتىكى ئومۇمىيلىق پەقەت ئايرىملىقنىڭ ئالدىدا بولىدىغانلىقىنى تەشەببۇس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئارىستوتېل پەلسەپىدىكى ئومۇمىيلىق بىلەن ئايرىملىق ئىدىيىسىنى بەدىئىي ئوبرازنىڭ ئورتاقلىقى بىلەن خاسلىقى، تۇر بىلەن ئايرىملىققا ئوخشاش ھادىسىلەرگە تەتبىقلاپ، زىددىيەت ۋە قالايمىقانچىلىق ئىچىگە كىرىپ قالدى. مانا بۇ ئارىستوتېلنىڭ «شېئىرىيەت ئىلمى» ۋە «ئېستېتىكا» ناملىق ئەسەرلىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان تىپ ئىدىيىسىنىڭ دىئالېكتىكىسى ۋە تۇر ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى بەدىئىي قارىشىنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسى.

ئومۇملۇق بىلەن ئايرىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى يېقىنقى زامان پەلسەپىسى، بولۇپمۇ گېرمانىيە كلاسسىك پەلسەپىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلدى. گېگېلنىڭ «ئىدىيە» ئۇقۇمى بىر خىل سىرلىق دىئالېكتىك ئۇقۇم بولۇپ، گېگېلدا ئومۇملۇق پەقەت ئايرىملىق ئىچىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئىدىيە ئېنىق بەلگىلەنگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، ھەرقانداق بىر ئۇقۇم يەككە ۋە ئالاھىدە نەرسىلەر بىلەن باغلانمىغاندا ئۇقۇم بولۇپ

شەكىللەنمەيدۇ، چۈنكى ئۇقۇم ئايرىم نەرسىلەرنى تەتقىق قىلغانلىقنىڭ نەتىجىسى؛ يەنە ئايرىملىق بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتمىغاندا، ئالللىقاچان شەكىللەنگەن ئۇقۇمنىڭ مەزمۇنى ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا گېگېل گۈزەللىكنىڭ تەبىرىنى «گۈزەللىك — ئىدىيىنىڭ ھېسسىي زاھىر بولۇشى» دەپ بېكىتكەن ۋە بۇ خىل زاھىر بولۇش شەكلى پەقەت كونكرېت شەيئىي جەھەتتىكىلا زاھىر بولۇش ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تىپ ئۇقۇمىنى يەككە ھېسسىي ئوبراز دائىرىسىدە بەلگىلەپ، تىپىك ئوبرازنىڭ ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىكىنى تەشەببۇس قىلغان.

قەدىمكى زامان ئېستېتىكلىرى يەككە بەدىئىي ئوبرازنى «ئومۇمىيلىق»نىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، مەلۇم خىلدىكى نۇقتىئىنەزەرنىڭ گەۋدىلىنىشى، دەپ قارىدى. ئومۇمىيلىقنى يەككە مەۋجۇدىيەت دەپ قارايدىغان پەلسەپىۋى بىلىش تۈر ئىجادىيىتى پرىنسىپى بىلەن بىرلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇ بىر خىل يۈزەلىكنى ئىپادىلەيدۇ، بۇ خىل ئەھۋال توپ ـ توغرا فرانسىيە كلاسسىزم دەۋرىگە قەدەر سوزۇلدى. يېقىنقى زامان پەيلاسوپ ۋە ئېستېتىكلىرى ئايرىملىق ياكى ئالاھىدىلىكنى تەكىتلەپ، ئومۇمىيلىققا سەل قارىدى، كۆرۈشكە بولىدۇكى، قەدىمكى رىم دەۋرىدە ئومۇمىيلىقنى يەككە مەۋجۇت بەدىئىي ئوبراز دەپ قاراشتىن پاسسىپ رومانتىزمنىڭ ئوبراز قارىشىغا قەدەر بولغان جەريان، يەنە كانت بىلەن گېگېلنىڭ ئومۇمىيلىق بىلەن ئايرىملىقنىڭ بىرلىككە كەلگەن بەدىئىي ئوبراز قارىشىنىڭ پۈتۈن جەريانى كىشىلەرنىڭ بەدىئىي ئوبرازنى ئۈزلۈكسىز بىلىشىدىكى دىئالېكتىك تەرەققىيات جەريانىدۇر. شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، پېرسوناژ ئوبرازى نەزەرىيىسىنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئۈچ تۈرلۈك ھالەت بەدىئىي ئوبرازنى پەلسەپە جەھەتتىن بىلىشنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشقانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئومۇمىيلىق بىلەن ئايرىملىقنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتى — پېرسوناژ ئوبرازى نەزەرىيىسىنىڭ پەلسەپە ئاساسى. پېرسوناژ ئوبرازى نەزەرىيىسىنىڭ خىلمۇ خىل شەكلى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئەنە شۇ ئاساستا قانات يايغان.

4

ئەدەبىيات — ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى بىلىشىنىڭ بىر خىل شەكلى. ئەدەبىيات شەيئىنىڭ ئومۇمىيلىقنى ۋە جەمئىيەت تۇرمۇشىنىڭ ماھىيىتى بىلەن قانۇنىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكتىن، ئالاھىدە تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئومۇمىيلىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش، شەيئىنىڭ ماھىيىتى بىلەن قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىش — ھەرقانداق بىر سەنئەت تۈرىنىڭ ئورتاق مەقسىتى. بۇ مەقسەت پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىشقا مەركەزلەشكەن. مەسىلىنىڭ تۈگۈنىمۇ قانداق ئەكس ئەتتۈرۈش ياكى قانداق ۋاسىتە، ئۇسۇل ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈشتە. گېيوتى ئۇنى «ئومۇمىيلىق ئۈچۈن ئالاھىدىلىكنى تېپىش» كېرەكمۇ ياكى «ئالاھىدىلىك ئارقىلىق ئومۇمىيلىقنى گەۋدىلەندۈرۈش» كېرەكمۇ دېگەنگە ئومۇملاشتۇردى. ئابستراكت ئۇقۇمنى ئاساس قىلىش كېرەكمۇ ياكى ھېسسىي ھادىسىنى ئاساس قىلىش كېرەكمۇ؟ مانا بۇ تۈر تەلىماتى بىلەن ئىندىۋىدۇئاللىق تەلىماتىنىڭ، تىپ تەلىماتىنىڭ ئەدەبىي ئومۇملاشتۇرۇش شەكلىدىكى تۈپ پەرقى.

تۈر تەلىماتى ئابستراكت ئۇقۇمنى ئاساس قىلغان بولىدۇ، ئۇنىڭ تۈپ مەقسىتى ئورتاقلىقنى گەۋدىلەندۈرۈشتۇر. ئومۇمىيلىق بىلەن ئايرىملىق، ئورتاقلىق بىلەن خاسلىق، ماھىيەت بىلەن ھادىسە، مۇقەررەرلىك بىلەن تاسادىپىيلىقنىڭ بىرلىك گەۋدىسىدە ئالدىنقى تەرەپ زىددىيەتنىڭ ئاساسىي تەرىپى بولىدۇ، بەلكى ئابستراكت ئىدىيە بولىدۇ، مەسىلەن، ئەخلاق، ئەقلىيلىك، شان ـ شەرەپ، جەسۇرلۇق، ياۋۇزلۇقلارنىڭ بىۋاسىتە زاھىر ئېتىلىشى كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك تەلەپلىرىنى قاندۇرىدۇ.

بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇش ۋاستىسى جەھەتتە دائىم دېگۈدەك ئورتاقلىقتىن خاسلىققا، ماھىيەتتىن ھادىسىگە، مۇقەررەرلىكتىن تاسادىپىيلىققا ئۆتۈش ئۇسۇلى قوللىنىلغان بولىدۇ. پېرسوناژنى تۇر تەلىماتى بويىچە ياراتقاندا، ئادەتتە تۈرنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيەتلىرى روشەن گەۋدىلىنىپ، ئورتاقلىق ۋەكىللىك قىلغان ئابستراكت ئىدىيە ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ چىقىدۇ؛ ئىندىۋىدۇئاللىق بولسا تۇتۇق بولىدۇ، ھەتتا يوقىلىپ كېتىدۇ. ئىندىۋىدۇئاللىقتىكى بەكمۇ گەۋدىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە نەرسىلەر ئومۇمىيلىققا ئىگە ئامىللارنى چەتكە قاقىدۇ. ئالاھىدىلىكلەرنى ئومۇملاشتۇرۇشتا تاسادىپىي ھادىسىلەر ئورتاق، ئومۇمىيلىققا ئىگە شەيئىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى چەتكە قاقىدۇ. تىپ تەلىماتى دېگەنلىك ئالاھىدىلىك ئارقىلىق ئومۇمىيلىقنى زاھىر ئېتىش دېگەنلىك بولۇپ، بۇنىڭدا بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇش شەكلى كونكرېت، ئايرىم ھېسسىي شەيئىي ئارقىلىق ئومۇمىي ئامىللارنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى، شەيئىنىڭ ماھىيىتى بىلەن قانۇنىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇقەررەرلىك بىلەن تاسادىپىيلىق، ئورتاقلىق بىلەن خاسلىق، ماھىيەت بىلەن ھادىسىنىڭ بىرلىكىدە كېيىنكى تەرەپ گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولىدۇ ۋە كېيىنكى تەرەپ ئارقىلىق تېخىمۇ مول، تېخىمۇ ئومۇملاشقان، تېخىمۇ چوڭقۇر ئومۇمىيلىق زاھىر ئېتىلىدۇ. شۇڭا تىپ كۆرسەتكەن ئىجتىمائىي مەزمۇننىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن كەڭلىكى تۇرگە قارىغاندا تېخىمۇ كەڭ بولىدۇ، بۇنىڭدا ماھىيەت بىلەن قانۇنىيەتنى تېخىمۇ روشەن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ، بۇلار ئەدەبىياتنىڭ ئېستېتىك ماھىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. تىپ ئىندىۋىدۇئاللىق تەلىماتىدىكى خاراكتېرنىڭ ئىندىۋىدۇئال-لاشتۇرۇلۇشىغا قارىغاندا تېخىمۇ جانلىق، مول، روشەن، چىن ۋە ئوبيېكتىپ بولىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا شۇنى بايقايمىزكى، تۇر تەلىماتى، ئىندىۋىدۇئاللىق تەلىماتى ۋە تىپ تەلىماتىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى، ئىدىيىۋى ئاساسى، بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇش شەكلى ھەر خىل بولغانلىقتىن، ئۇلار سۈپەت جەھەتتە بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئۇقۇملاردۇر، خۇسۇسەن تۇر تەلىماتى بىلەن تىپ تەلىماتى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەگەر ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مىقدار مۇناسىۋىتىنىلا كۆرۈپ، سۈپەت پەرقىنى كۆرمىگەندە، كونكرېت پېرسوناژ ۋە ئەسەرگە باھا بېرىشتە نۇقسان كېلىپ چىقىدىغانلىقى ئېنىق.

# ھەمكارلىق ۋە سىرتقا يۈزلىنىش سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تۈپ يولى

ھېكىم زۇنۇن

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، ھەمكارلىق ۋە سىرتقا يۈزلىنىشنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تۈپ يولى ئىكەنلىكى ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ ئەھمىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا بايان قىلىنىدۇ.

بازار ئىگىلىكى، ئۇنىڭ ماھىيىتىدىن ئالغاندا، ئېچىۋېتىلگەن ئىگىلىكتۇر. بۇنى بازار ئىگىلىكىنىڭ رولى بەلگىلىگەن، بازار ئىگىلىكى بايلىقلارنى تەقسىملەش، ئىقتىساد، سودا، پەن - تېخنىكا ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى يولغا قويۇش، مەبلەغ ۋە بايلىقتىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى سوتسىيالىزم شارائىتىدىكى بازار ئىگىلىكى بولۇپ، ئۇنىڭدا سوتسىيالىزمغا خاس خۇسۇسىيەت بولغاندىن سىرت، يەنە بازار ئىگىلىكىنىڭ باشقا ئورتاق خۇسۇسىيەتلىرىمۇ بار. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ھەم مەملىكەت ئىچىگە ئېچىۋېتىلىپ، بۆلۈنمە ۋە قامال ھالەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىقتىسادىي بىرلىشىشنى ھەم يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، ھەم ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇپ، ھەرقايسى ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، تېخنىكا ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى راۋاجلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىشلەپچىقىرىلغان تاۋارلار مۇقەررەر ھالدا بارغانسېرى كۆپىيىدۇ، سەرپ قىلىنىدىغان مەبلەغمۇ كۆپىيىدۇ، ئارتۇق بايلىق ۋە تاۋار خەلقئارا بازارغا سىڭىپ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. يېتىشمەيۋاتقان بايلىق، مەبلەغ، مەھسۇلات چەت ئەلدىن كىرگۈزۈلۈپ تولۇقلىنىدۇ. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تەجرىبىلىرى ئىسپاتلىدىكى، بىر سوتسىيالىستىك دۆلەت بىر قەدەم تېز تەرەققىي قىلماقچى ۋە ئالغا ئىلگىرىلىمەكچى بولىدىكەن، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇشى، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مەبلەغ ۋە بازاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، باشقا ئەللەر، رايونلار بىلەن ئىقتىساد، سودا، پەن - تېخنىكا قاتارلىق تەرەپلەردىكى ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى كەڭ يولغا قويۇپ، ئىنسانلارنىڭ بارلىق مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، خەلقئارا رىقابەتكە ئاكتىپ قاتنىشىشى، تاشقى سودىنى پائال راۋاجلاندۇرۇشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىنى تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ ياخشى راۋاجلاندۇرالايدۇ، شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تولۇق راۋاجلاندۇرالايدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى يولغاقويۇش — ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ خەلقئارالىشىشىدىكى مۇقەررەر يۈزلىنىش. ھازىر ئىجتىمائىي تۇرمۇش بارغانسېرى خەلقئارالاشماقتا. بۇنىڭ مۇھىم ئىپادىلىرىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

1. خەلقئارادىكى كەسىپلەرگە بۆلۈنۈپ ھەمكارلىشىش ئىلگىرىكى ئوخشاشمىغان تارماقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىش تەقسىماتى ھەمكارلىقىدىن تارماقلار ئىچىدىكى ئىش تەقسىماتى ھەمكارلىقىغا تەرەققىي قىلدى. ئىلگىرى ھەرقانداق مەملىكەت ياكى تارماق بىر خىل مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىشقا كېتىدىغان ئىجتىمائىي زۆرۈر ئەمگەك ۋاقتىنى خەلقئارادىكى زۆرۈر ئەمگەك ۋاقتىدىن تۆۋەنلىتەلىسە، شۇ خىل مەھسۇلاتنى مەخسۇس ئىشلەپچىقىراتتى. ھازىر قايسى مەملىكەت ياكى تارماق بىر خىل تاۋارنىڭ ئايرىم بۆلەكلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا كېتىدىغان ئىجتىمائىي زۆرۈر ئەمگەك ۋاقتىنى خەلقئارادىكى زۆرۈر ئەمگەك ۋاقتىدىن تۆۋەنلىتەلىسە، شۇ خىل تاۋارنىڭ ئايرىم بۆلەكلىرىنى مەخسۇس ئىشلەپچىقىرىدىغان بولىدى. شۇڭا نۆۋەتتە دۇنيادىكى نۇرغۇن مەھسۇلاتلار خەلقئارا ئىش تەقسىماتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ قالدى. ھازىر ئىشلەپچىقىرىلىۋاتقان مەھسۇلاتلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئەنە شۇنداق ئوخشىمىغان تارماقلارنىڭ ھەمكارلىقى ئاساسىدا ئىشلەپچىقىرىلماقتا.

2. خەلقئارا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كۈنسايىن كېڭەيمەكتە. ھازىرقى خەلقئارا مۇناسىۋەت ئادەتتىكى تاۋار ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتىدىن كۆپ تەرەپلىمە مۇناسىۋەتكە، مەسىلەن، پەن - تېخنىكا ئالماشتۇرۇش، پۇل مۇئامىلىسى، مۇلازىمەت ھەمكارلىقى قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۇناسىۋەتلەرگە راۋاجلىنىپ، دائىرىسى كېڭەيمەكتە، سانىمۇ كۆپەيمەكتە. مەيلى تەرەققىي قىلغان مەملىكەتلەر بولسۇن، مەيلى تەرەققىي قىلىۋاتقان مەملىكەتلەر بولسۇن، ھەممىسى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، بىر - بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، يېتەرسىزلىكلىرىنى تولدۇرۇشقا مۇھتاج. شۇڭا بارلىق مەملىكەتلەر ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرماقتا.

3. خەلقئارا پەن - تېخنىكا ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىق كۈندىن - كۈنگە تەرەققىي قىلماقتا. ھازىرقى دۇنيادا ھەرقانداق بىر مەملىكەتنىڭ پەن - تېخنىكىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئۇلارنىڭ يەنىلا ئۆزئارا ھەمكارلىشىشىغا توغرا كېلىدۇ. ھازىر پەن - تېخنىكا جەھەتتىكى ئىش تەقسىماتى بارغانسېرى ئىنچىكىلەشمەكتە، تۈرلىرىمۇ بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. بۇ ھال ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەرقانداق بىر مۇھىم تەتقىقاتتا بولغان بۆسۈش نۇرغۇن پەنلەرنىڭ ھەمكارلىقىدىن ئايرىلالمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىمىزمۇ باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىقتىساد، تېخنىكا ئالماشتۇرۇشتىن ئايرىلالمايدۇ. دېمەك بىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقئارا ئىش تەقسىماتىغا قاتنىشىپ، دۇنياۋى بازارغا يۈزلىنىش ئارقىلىق دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشىمىز لازىم.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنى ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. دۆلىتىمىز تەرەققىي قىلىۋاتقان سوتسىيالىستىك دۆلەت، تېرىلغۇ يېرى ئاز، نوپۇسى كۆپ، تېخنىكا ئاساسى ئاجىز، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشتا دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقىمىز كۆپ، بىزدە مەبلەغ يېتىشمەسلىك ئەھۋالى ئېغىر، زامانىۋى يىرىك ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش سەۋىيىمىز ۋە تەجرىبىمىز كەمچىل. شۇنىڭ ئۈچۈن، دۇنيادىكى ھەرقانداق مەملىكەتنىڭ ئىلغار تېخنىكىسى ۋە ئىلغار باشقۇرۇش تەجرىبىسىنى ئەيىنەك قىلىپ،

ئۇنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋەتكەندە، خەلقئارا ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىجتىمائىي ئەمگەكنى تېجەپ، بىر قەدەر ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئەھۋالى ئوخشىمايدۇ، بولۇپمۇ ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى، تېخنىكا سەۋىيىسى جەھەتتە پەرق مەۋجۇت، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئۆز ئالدىغا ئارتۇقچىلىقى ۋە يېتەرسىزلىكى بولىدۇ. ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىپ، خەلقئارا ئىش تەقسىماتى ۋە ھەمكارلىققا قاتناشقاندىلا، ئىجتىمائىي ئەمگەكنى تېجەپ، بىر قەدەر ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىمىزنى تېزلىتەلەيمىز ۋە بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەلەيمىز.

ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋەتكەندە، چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدىكى مەبلەغ يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ. 1978 ـ يىلدىن بۇيان، ئېلىمىزدە چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ سېلىنغان قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ يىلمۇ يىل كۆپىيىپ كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىنغانلىقى بۇنى ئىسپاتلايدۇ.

ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋەتكەندە، ئىچكى ـ تاشقى بازار ۋە مەبلەغدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئىگىلىكىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. دۆلىتىمىز تاشقى بازار ئارقىلىق ئىمپورت قىلغان نەرسىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۆزىمىزدە يوق نەرسىلەر ۋە ئىلغار تېخنىكا ئەسلىھەلىرى بولۇپ، بۇ نەرسىلەر دۆلىتىمىزنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، خەلق ئىگىلىكىنىڭ نىسبەت مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەشتە، سانائەت قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئارقىلىق ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىلغار پەن ـ تېخنىكىسى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلغان ۋە كىرگۈزگەندە، ئېلىمىزنىڭ پەن ـ تېخنىكا جەھەتتىكى مەلۇم بوشلۇقلىرىنى تولدۇرۇپ، تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بۇ جەھەتتە تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر بىلەن بولغان پەرقىمىزنى كىچىكلىتىپ، دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە بالدۇرراق يېتىشىۋېلىشقا ئىمكانىيەت تۇغۇلىدۇ.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى، پەن ـ تېخنىكىسىنى ئۆگىنىش لازىملىقىنى، بۇنىڭدىن مەقسەت پەن ـ تېخنىكا سەۋىيىمىزنى دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈش ئىكەنلىكىنى كۆپ قېتىم تەكىتلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز باشقىلارنىڭ بىزگە پايدىلىق بولغان نەرسىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىزنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىشىمىز لازىم. ئېچىۋېتىلگەن بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىدىيىنى تېخىمۇ ئازاد قىلىپ، قەدەمنى تېخىمۇ چوڭراق تاشلاپ، دۇنياغا يۈزلىنىشىمىز كېرەك. ئېچىۋېتىلگەن بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويغاندا، سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرگىلى، دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئىنسانلار ياراتقان بارلىق مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىزنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

# زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش توغرىسىدا

كۆلىيا

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشنىڭ تۈرتكىسىدە، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى ۋە ھازىرقى زامان كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش جەريانىدىكى ئىسلاھات مۇساپىسى تۆت باسقۇچقا بۆلۈپ بايان قىلىنىدۇ.

پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارىدا زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش مەسىلىسى بىرىنچى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مەملىكىتىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىسلاھاتنىڭ ئەڭ مۇھىم، ئەڭ قىيىن يېرى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنى ئىسلاھ قىلىشتۇر. پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشقا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارى» دا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: «زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئورنىتىش ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىشنى ۋە بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، دۆلەت كارخانىلىرىمىزنىڭ ئىسلاھات نىشانى». مانا بۇ پارتىيىمىز 15 يىللىق ئىسلاھات ئەمەلىيىتى ئارقىلىق تاللىۋالغان كارخانا ئىسلاھاتىدىكى بىردىنبىر نىشاندۇر.

1. مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى

15 يىلدىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ كارخانا ئىسلاھاتى تۆۋەندىكىدەك تۆت باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى:

بىرىنچى باسقۇچ. بۇ باسقۇچتا، يەنى ئىسلاھاتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، مەمۇرىي ئورۇنلارنى ئىخچاملاپ، ھوقۇقنى قويۇپ بېرىش، باجنى كېمەيتىپ، پايدا يەتكۈزۈش ۋە ھوقۇق دائىرىسىنى كېڭەيتىشتەك ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلغانىدى. بۇ بېسىپ ئۆتۈش زۆرۈر بولغان تارىخىي جەريان بولۇپ، ئۇ ئىسلاھاتنىڭ دەسلەپكى قەدەمدىكى باشلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى باسقۇچ. بۇ باسقۇچتا، 1984 - يىلى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى» دا ئىككى خىل ھوقۇق مەسىلىسى، يەنى مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىۋېتىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 1986 - يىلدىن 1987 - يىلغىچە %90 نى ئىگىلەيدىغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنى كۆتۈرە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

ئۈچىنچى باسقۇچ. بۇ باسقۇچتا، يەنىلا كۆپ خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان ئىزدىنىشلەر ئېلىپ بېرىلدى. ئۇنىڭ ئاساسىي شەكلى پاي چېكى تارقىتىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، كارخانىلارنى قوشۇۋېتىش ۋە بىرلەشتۈرۈش، كارخانىلار گۇرۇھىنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولدى.

تۆتىنچى باسقۇچ. بۇ باسقۇچ 1992 - يىلىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدىن باشلانغان بولۇپ، بۇ باسقۇچتا، مەركەز خىزمەت يىغىنى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ بازار ئىگىلىكىگە يۈزلىنىشىنى كۆرسىتىپ بەردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىسلاھاتىمىز مانا مۇشۇ يول بويىچە داۋام قىلماقتا. دېمەك، يۇقىرىقىدەك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنىڭ قوللىنىلىشى ئارقىسىدا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى بۇرۇنقىغا قارىغاندا زور دەرىجىدە كېڭەيدى؛ ھەرىكەتچانلىقىمۇ كۈچەيدى. قىسقىسى، بۇ مەزگىلدىكى ئىسلاھاتتا مەلۇم نەتىجىلەرگە ئېرىشتۇق. ئەمما كارخانا ئىسلاھاتىدىكى بىرنەچچە تۈپ مەسىلە ھازىرغىچە ھەل بولماي كېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىرىنچىسى، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىش مەسىلىسى. ئىككىنچىسى، كارخانا مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش مەسىلىسى، ئەڭ مۇھىمى ئىقتىسادىي ئۈنۈم تۆۋەن بولۇش مەسىلىسى. بۇنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ تەرەپلىمىلىك بولۇپ، تۈپ نېگىزى كارخانىنىڭ ساپاسىغا چېتىلىدۇ.

كارخانىنىڭ ساپاسى دېگەندە كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي ساپاسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بىر كارخانىنىڭ ساپاسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى تۆۋەندىكىدەك تۆت ئامىلغا باغلىق. بىرىنچى، كارخانىدا ياخشى تۈزۈم بولۇشى لازىم. ياخشى تۈزۈم دېگەندە بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشالايدىغان تۈزۈم كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىككىنچى، تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەھمىيەت بېرىلىشى كېرەك. ئەگەر كارخانا تېخنىكا ئۆزگەرتىش، تېخنىكا يېڭىلاش ۋە يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق مەسىلىلەرگە ئەھمىيەت بەرمىسە، ئۇ ھالدا بۇنداق كارخانا جانسىز، ئۆلۈك كارخانا بولۇپ قالىدۇ. ئۈچىنچى، كارخانا باشقۇرۇش سۈپىتى يۇقىرى بولۇشى لازىم. كارخانا باشقۇرۇش سۈپىتى دېگەندە سۈپەتلىك باشقۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش ھەمدە پۈتۈن كارخانىنىڭ زامانىۋى ۋە ئىلمىي باشقۇرۇلۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. تۆتىنچى، يىراقنى كۆزلەيدىغان، بازار ئىگىلىكىگە ماسلىشالايدىغان كارخانا رەھبەرلىك بەنزىسى بولۇشى كېرەك. بۇ — ناھايىتى مۇھىم ئامىل. كارخانىدا ياخشى بىر رەھبەرلىك بەنزىسى بولىدىغان بولسا، كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى، تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ سۈرئىتى تېز بولىدۇ، شۇنداقلا باشقۇرۇش ئىشلىرىنىڭ سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە يۇقىرى بولىدۇ. دېمەك، بىز كارخانا ئىسلاھاتىدا، نۇرغۇن تەدبىرلەرنى قوللانغان ۋە كۆپ تەرەپلىمە ئىزدەنگەن بولساقمۇ، بەزى ئاساسلىق مەسىلىلەر تۈپتىن ھەل بولۇپ كەتكىنى يوق، بولۇپمۇ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمى مەسىلىسى تۈپتىن ھەل بولغىنى يوق. مال - مۈلۈك ھوقۇقى مۇناسىۋىتى مەسىلىسى ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىشتىكى نۇقتىلىق مەسىلە بولۇپ، بۇ مەسىلە ئېنىق ئايرىلمىغاچقا، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىش، ئىگىلىك مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش، ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىش، پايدا - زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ھەل بولماي كەلمەكتە. شۇڭلاشقا مال - مۈلۈك ھوقۇقىنى قانداق قىلىپ ئېنىق ئايرىش مەسىلىسى يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان نەزەرىيە ساھەسىدىكىلەر، ئىقتىسادىي ساھەسىدىكىلەر ۋە كارخانا ساھەسىدىكىلەر قايتا - قايتا مۇزاكىرە ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان نۇقتىلىق مەسىلە بولۇپ قالدى، شۇنداقلا بۇ زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەبتۇر.

## 2. ھازىرقى زامان كارخانا تۈزۈمىنىڭ يادروسى مەسىلىسى

ھازىرقى زامان كارخانا تۈزۈمىنىڭ يادروسى نېمە؟ ئۇنىڭ مېغىزى نېمە؟

«قارار» نىڭ ئىككىنچى ماددىسىدا

يېغىنچاقلاپ مۇنداق دېيىلگەن: «بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ماسلاشقان، مۈلۈك ھوقۇقى ئېنىق بولغان، ھوقۇق بىلەن مەسئۇلىيەت روشەن بولغان، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانا ئايرىۋېتىلگەن، باشقۇرۇش ئىلمىي بولغان زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش». مانا بۇ زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنىڭ مېغىزىدۇر. بۇنىڭدا مۈلۈك ھوقۇقى ئېنىق بولۇش دېيىلگىنى ئۇنىڭ يادروسىدۇر. شۇڭلاشقا «قارار» دا بۇ مەسىلە بەش خىل خۇسۇسىيەتكە ئايرىپ يېشىپ بېرىلگەن.

ئۇنداقتا، يادرو مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك؟ بۇنىڭدا مۇنداق ئىككى مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ: بىرى دۆلەت مۈلكىگە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقى كىمنىڭ ئىلكىدە بولۇش مەسىلىسى، يەنە بىرى كارخانىلار زادى قانداق ھوقۇقنى تەلەپ قىلىدۇ دېگەن مەسىلە. «قارار» دا زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنىڭ تۆت خۇسۇسىيىتى كۆرسىتىلىپ مۇنداق دېيىلگەن: زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىدە «مۈلۈك ھوقۇقى مۇناسىۋىتى ئېنىق، كارخانىلاردىكى دۆلەت مۈلكىگە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقى دۆلەت ئىلكىدە بولىدۇ». دېمەك، بۇ مال - مۈلۈكلەر قانداقتۇر بىرەر ئورۇن ياكى مەلۇم تارماقلارغا مەنسۇپ ئەمەس، ئەمما ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە تارماقلار دۆلەتنىڭ ھاۋالىسى بويىچە دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىسا ۋە باشقۇرسا بولىدۇ. «قارار» دا يەنە مۇنداق دېيىلگەن: «كارخانىلار دۆلەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەبلەغ چىقارغۇچىلار-نىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن شەكىللەنگەن بارلىق قانۇنىي ئىگىلىك مۈلۈك ھوقۇقىغا ئىگە». بۇ بىر يېڭى ئۇقۇم بولۇپ، بۇنىڭدا مال - مۈلۈككە بولغان ئىككى خىل ئىگىدارلىق ھوقۇقى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىلگەن، بۇ مەسىلە زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنىڭ مەركىزىي مەسىلىسىدۇر. بۇ مال - مۈلۈككە بولغان ئىگىدارلىقنى مەقسەت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ قانداق مەجبۇرىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

دۆلەت مەبلىغى جەھەتتە دۆلەت ئىگىدارلىق قىلغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ قانداق مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ؟

«قارار» دا: «مەبلەغ چىقارغۇچىلار كارخانىغا سالغان دەسمايە سوممىسى بىلەنلا كارخانىنىڭ قەرزى ئالدىدا چەكلىك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ» دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن. دېمەك، دۆلەت مەبلەغ چىقارغۇچى سۈپىتى بىلەن، ئۆزى سالغان مەبلەغ دائىرىسىدىلا مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، دۆلەت مەلۇم بىر كارخانىغا يۈز مىليون يۈەن مەبلەغ سالدى دەيلى، ئۇ كارخانا ياخشى باشقۇرۇلمىغانلىقتىن ۋەيران بولۇپ كەتكەن، دۆلەت ئۇنىڭغا دەسلەپكى قەدەمدە سالغان مەبلىغى ئىچىدىلا چەكلىك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ. بۇ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارغا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

كارخانا مال - مۈلۈككە قانۇنىي جەھەتتىن ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە، كارخانىنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا جاۋاب قىلىدۇ. بۇ ھەقتە «قارار» دا مۇنداق دېيىلگەن: «كارخانىلار ئۆزىنىڭ بارلىق قانۇنىي ئىگىلىك مۈلكى بىلەن قانۇن بويىچە ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىدۇ، پايدا - زىيانغا ئۆزى ئىگە بولىدۇ، بەلگىلىمە بويىچە باج تاپشۇرىدۇ ۋە مەبلەغ چىقارغۇچىلار ئالدىدا مۈلۈك قىممىتىنى ساقلاش-ئاشۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ». شۇڭا كارخانا قانۇنىي ئىگە دەپ قارىلىدۇ، كارخانا باشلىقلىرى (دىرېكتورلار) بولسا قانۇنىي ئىگىنىڭ ۋەكىلى بولىدۇ.

دېمەك، مۈلۈك ھوقۇقى مۇناسىۋىتى ئېنىق بولغاندىلا، ھوقۇق بىلەن جاۋابكارلىق ئېنىق بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىۋېتىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش، پايدا - زىيانغا ئۆزى ئىگە بولۇش قاتارلىقلارنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. شۇڭلاشقا، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنىڭ يادرو مەسىلىسى — مۈلۈك ھوقۇقى مۇناسىۋىتىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش مەسىلىسىدۇر، دەيمىز.

## 3. زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىگە ئۆتۈش مەسىلىسى

«قارار» دا بۇ مەسىلە توغرىسىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: «دۆلەت كارخانىلىرىدا شىركەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش — زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئورنىتىش يولىدىكى پايدىلىق ئىزدىنىش».

بۇنىڭدىن شۇنى ئېنىق كۆرۈشكە بولىدۇكى، شىركەت تۈزۈمىنى ئورنىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىللە، بۇ مەسىلە ئۈستىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىركەت تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلەر بارغانسېرى چوڭقۇرلاشماقتا. لېكىن، ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۇ جەھەتتىكى ئەمەلىي تەجرىبىلەر تېخى كەمچىل. ئۇنداق بولسا كارخانىلارنى قانداق قىلىپ شىركەت تۈزۈمىدىكى كارخانىلارغا ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ؟ بۇ ھەقتە «قارار» دا مۇنداق تۆت خىل شەكىل كۆرسىتىلگەن: بىرىنچى، ئۆز ئالدىغا مەبلەغ سالىدىغان دۆلەت شىركەتلىرى، بۇمۇ بىر خىل چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدۇر. «قارار» دا بۇ خىل شىركەتلەرنىڭ دائىرىسى توغرىسىدا ئىككى خىل تۈر كۆرسىتىلگەن: (1) بەزى ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلار، (2) ھەربىي سانائەت كارخانىلىرى، بۇ دۆلەت ئۆز ئالدىغا مەبلەغ سېلىش يولى بىلەن باشقۇرىدىغان شىركەتلەرگە ماس كېلىدۇ. ئىككىنچى، چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرى. بۇنداق شىركەتلەر كۆپلىگەن قانۇنىي ئىگىلەر پاي قوشۇش ئارقىلىق تەشكىللەنگەن بولۇپ، بۇنداق پاي چېكى كارخانىلىرىدا ھەرقايسى قانۇنىي ئىگىلەر قوشقان پاي مىقدارىغا قاراپ، ئۇلارنىڭ ھوقۇق دائىرىسى بەلگىلىنىدۇ. بۇنداق شىركەتلەر سىرتقا پاي چېكى تارقاتمايدۇ. بۇ خىل شەكىل شىركەت تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ ئاساسىي شەكلى ھەم مۇھىم شەكلىدۇر. ئۈچىنچى، بازارغا پاي چېكى تارقاتسىمۇ ـ تارقاتمىسىمۇ بولىدىغان چەكلىك ھەسسىدارلىق شىركەتلىرى. تۆتىنچى، بازارغا پاي چېكى تارقىتىدىغان چەكلىك ھەسسىدارلىق شىركەتلىرى. بۇ خىل شەكىلدىكى شىركەتلەر ئاز سانلىق تەشكىل قىلىدىغان بولۇپ، ئەستىقلاشتا قاتتىق كونترول قىلىنىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئەمەلىيتىمىزدىمۇ پاي چېكى شىركەتلىرى سىناق تەرىقىسىدە قۇرۇلماقتا.

دۆلىتىمىزدە 95 ـ يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنى ئىسلاھ قىلىش خىزمىتىدە تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل سىناقنى ئېلىپ بېرىش بەلگىلەندى:

(1) چوڭ تىپتىكى 100 كارخانىنى شىركەت تۈزۈمىدىكى كارخانىغا ئۆزگەرتىشنى سىناق قىلىش.

(2) مەملىكەت بويىچە ئۈچ ئومۇمىي شىركەتنى دۆلەت پاي چېكىنى كونترول قىلىدىغان شىركەتكە ئۆزگەرتىشنى سىناق قىلىش.

(3) چوڭ تىپتىكى 56 كارخانا گۇرۇھى قۇرۇشنى سىناق قىلىش. بۇ چوڭ شىركەتلەر ۋە چوڭ گۇرۇھلارنى قۇرۇش زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش ستراتېگىيىسىنىڭ بىر قىسمىدۇر. بۇنىڭدىن مەقسەت كارخانىلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، رايون ۋە كەسىپ چېگرىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، كارخانىلارنى بىر ـ بىرىنى تولۇقلاش، ھەر تەرەپلىمە راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش.

(4) 18 شەھەردىكى كارخانىلارنىڭ «كاپىتال قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇش» نى سىناق قىلىش. بۇنىڭدىن مەقسەت شەھەرلەرگە

تايىنىپ، بىر ئومۇمىي ئىقتىدارنى جارى قىلدۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ ئەمەلىي مەسىلىسىنى بىر تۇتاش ھەل قىلىش شارائىتىنى يارىتىشتىن ئىبارەت.

## 4. زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىگە ئۆتۈشتە زۆرۈر بولغان بىر يۈرۈش ئىسلاھات ۋە تەدبىرلەر

(1) يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ئەڭ مۇھىم ئىسلاھات ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت. نۆۋەتتە ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى ناھايىتى ئاستا بولماقتا، بۇ ھال كارخانا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ توسالغۇسىغا ئايلىنىپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىش قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك.

(2) ئىجتىمائىي سۇغۇرتا تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە تولۇقلاش. بۇ كارخانا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. شۇڭلاشقا، يېقىنقى مەزگىل ئىچىدە، ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى ۋە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى جەھەتتە يېڭى بىر قەدەم تاشلاش؛ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، سۇغۇرتىنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. بۇ يىلدىن باشلاپ، ھەر خىل كارخانا خىزمەتچىلىرى ياشانغانلار كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى ۋە ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىغا بىردەك قاتنىشىشى لازىم.

(3) بازار سىستېمىسىنى قۇرۇش. بازار رىقابىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى يېتىلدۈرۈش، ئوبوروت تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن بىللە، نۆۋەتتە مۇھىم بولغىنى پۇل مۇئامىلە، ئەمگەك كۈچى، ئۆي - زېمىن، تېخنىكا ۋە ئۇچۇر بازارلىرى قاتارلىق بازارلارنى راۋاجلاندۇرۇش لازىم.

(4) مالىيە بېجى ۋە پۇل مۇئامىلە قاتارلىق ماكرو تۈزۈمنى داۋاملىق ئىسلاھ قىلىش. كارخانىلارنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن بۇ ماكرو تۈزۈملەرنى ئىسلاھ قىلىش بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ. شۇڭلاشقا، بۇ يىل بۇ جەھەتتە ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش بىلەن بىللە، مالىيە بېجى، پۇل مۇئامىلىسى، مەبلەغ سېلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىسلاھاتلارنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، باج سىستېمىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش، بانكىلارنىڭ كارخانىلىشىش دەرىجىسىنى تېزلىتىش لازىم.

قىسقىسى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنى ئىسلاھ قىلىش مەملىكىتىمىز ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىكى مۇھىم ھەم قىيىن مەسىلە بولۇپ، بۇنىڭدا نۇرغۇن زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ يىلدىن يېڭى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش، كارخانىلارنى ئىسلاھ قىلىشتا، پىكىر ۋە خىزمەت ئۇسۇلىمىزدا تېخىمۇ يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى ۋە ئۆتكەلدىن بۆسۈپ ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

# يەرلىك ئىقتىسادىي قانۇن - نىزاملارنى چىقىرىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا

رىشات مۆمىن

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، يەرلىك ئىقتىسادىي قانۇن - نىزاملارنى چىقىرىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنىڭ جىددىي تەلىپى ئىكەنلىكى، شۇنداقلا يەرلىك ئىقتىسادىي قانۇن - نىزاملارنى چىقىرىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ مۇھىملىقى بايان قىلىنىدۇ.

پارتىيىنىڭ 14 - قۇرۇلتىيىغا بېرىلگەن دوكلاتتا: «قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش، بولۇپمۇ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ئىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان . . قانۇنلار ۋە نىزاملارنى چىقىرىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئىشىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. بۇ — سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ جىددىي تەلىپى» دەپ كۆرسىتىلدى. پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشقا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارى»دا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ: سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە ياخشىلاش ئىشىنى مۇكەممەل قانۇن - تۈزۈم ئارقىلىق قېلىپلاشتۇرۇش ۋە كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك. قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش بىلەن قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئىقتىسادنى قانۇن ۋاسىتىسى ئارقىلىق باشقۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك. ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىپ، ئىقتىسادقا دائىر قانۇن تۈزغۈزۈش ئىشلىرىنى تېزلىتىپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ماس كېلىدىغان قانۇن سىستېمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشقا ماس كەلمەيدىغان قانۇن ۋە نىزاملارغا ۋاقتىدا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ۋە ئۇنى بىكار قىلىش لازىم، دەپ تەكىتلەندى. شۇنداقلا 1994 - يىل 1 - ئايدا ئېچىلغان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەرلىك قانۇن چىقىرىش خىزمىتى يىغىنىدىمۇ يەرلىك قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. نەتىجىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش

ئۈچۈن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە دائىر يەرلىك ئىقتىسادىي قانۇن - نىزاملارنى چىقىرىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم ئىش قاتارىغا قويۇلدى.

1. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە دائىر يەرلىك ئىقتىسادىي قانۇن - نىزاملارنى چىقىرىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش — نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئىقتىسادىي قانۇن - نىزاملارنى چىقىرىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئىشىدا نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتە ئۈچ چوڭ پۇرسەتكە ئىگە بولغانىدۇق. بۇنىڭ بىرىنچىسى 1984 - يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئېلان قىلغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى» نىڭ مەيدانغا كېلىشى؛ ئىككىنچىسى 1986 - يىلدىكى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى» نىڭ ئېلان قىلىنىشىدىن ئىبارەت. بۇ مەزگىللەردە، بىر قىسىم يەرلىك ئىقتىسادىي قانۇن - نىزاملار تۈزۈپ چىقىلىپ ۋە ئېلان قىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىشلىرىدا تېگىشلىك رول ئوينىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ سانى ناھايىتى ئاز بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئىقتىسادىي قانۇن - نىزاملار ئەنئەنىۋى ئىقتىسادىي قانۇنشۇناسلىق نەزەرىيىسىنىڭ رامكىسىدا تۈزۈلگەنلىكتىن، بۇ قانۇن - نىزاملار ئومۇمەن پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ مەزمۇنىنى گەۋدىلەندۈردى. نەتىجىدە، ئىقتىسادىي قانۇن - نىزاملارنى چىقىرىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان نەزەرىيىۋى تەتقىقات ۋە قانۇن چىقىرىش ئەمەلىيىتى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىدىن كۆپ دەرىجىدە ئارقىدا قېلىپ، ئىقتىسادىي قانۇن - نىزاملارنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىشلىرىدىكى رولى يېتەرلىك جارى بولماي قالدى. دېمەك، ئىككى قېتىملىق ئىقتىسادىي قانۇن - نىزاملارنى چىقىرىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش جەھەتتىكى نەزەرىيە تەتقىقاتىدا ۋە ئەمەلىيىتىدە قولغا كەلگەن ياخشى پۇرسەت قولدىن كەتتى.

«ئاساسىي قانۇن» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىكى، پارتىيە 14- قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتى ۋە 14- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنى «قارارى» نىڭ ئېلان قىلىنىشى ئىقتىسادىي قانۇن چىقىرىش نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىدە ئۈچىنچى قېتىملىق ياخشى پۇرسەتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بەردى، شۇنداقلا ئىقتىسادىي قانۇن چىقىرىش نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىنى ئەڭ دادىل ئىش كۆرۈلىدىغان سىياسەت ئاساسىغا ئىگە قىلدى. ئون نەچچە يىللىق ئىسلاھات تەجرىبىلىرى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالى ئۈچىنچى قېتىملىق پۇرسەتنىمۇ قولدىن كەتسە بولمايدىغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈردى. شۇڭا پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، يەرلىك ئىقتىسادىي قانۇن - نىزاملارنى چىقىرىش ئۈستىدىكى نەزەرىيىۋى تەتقىقاتنى كۈچەيتىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە دائىر يەرلىك ئىقتىسادىي قانۇن - نىزاملارنى چىقىرىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈش، شىنجاڭنىڭ ئۆز ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان پەرقىنى كىچىكلىتىش نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بولۇپ قالدى.

2. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە دائىر يەرلىك ئىقتىسادىي قانۇن - نىزاملارنى چىقىرىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش — ئىقتىسادىي قانۇننىڭ ئۆزىگە خاس تەلىپى. ئىقتىسادىي قانۇن — دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر جەريانىدا بارلىققا كەلگەن ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەيدىغان قانۇن - قائىدىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. شۇڭا ئۇنىڭ مەزمۇنلىرى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، بازار سۇبيېكتلىرىغا دائىر ئىقتىسادىي قانۇن - نىزاملار، بازار باشقۇرۇشقا دائىر ئىقتىسادىي قانۇن - نىزاملار، ماكرو جەھەتتىن تەڭشەش - تىزگىنلەش-

كە دائىر ئىقتىسادىي قانۇن - نىزاملار ۋە ئىجتىمائىي كاپالەتكە دائىر ئىقتىسادىي قانۇن - نىزاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ھەربىر بۆلەكتىكى ئىقتىسادىي قانۇن - نىزاملار ئىچىدىمۇ نۇرغۇن كونكرېت قانۇن - نىزاملار بولىدۇ، شۇ سەۋەبتىن، بەزىلەر ئىقتىسادىي قانۇننى «ئىقتىسادىي قانۇنلار توپى» دەپمۇ تەرىپلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە دۆلىتىمىزنىڭ زېمىنى كەڭ، ئاھالىسى كۆپ، ھەرقايسى ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونلارنىڭ بايلىق ئەھۋالى ۋە ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئۇلار ئېتىبار بېرىدىغان ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىشلىرىنىڭ سالمىقى ۋە نىشانى، شۇنداقلا بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن قوللىنىدىغان كونكرېت ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش تەدبىرلىرى تامامەن دېگۈدەك ئوخشاپ كەتمەيدۇ. دەرۋەقە، دۆلىتىمىز ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش داۋامىدا نۇرغۇن ئىقتىسادىي قانۇن - نىزاملارنى تۈزگەن ۋە يولغا قويغان بولسىمۇ، قانۇن - نىزاملارنىڭ تۈزۈلۈشىدە مەملىكىتىمىزنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ياكى ئومۇملۇق كۆزدە تۇتۇلىدىغان بولغاچقا، ھەرقايسى جايلارنىڭ ئۆزىگە خاس تەلەپلىرىنى تولۇق قاندۇرۇپ كېتەلەيدىغان ئىقتىسادىي قانۇن - نىزاملار سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشى مۇمكىن ئەمەس، شۇنىڭدەك ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتە تېزرەك كەتكەن باشقا ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونلارنىڭ يەرلىك ئىقتىسادىي قانۇن - نىزاملىرىنى ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ كېلىشكىمۇ بولمايدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، باشقا جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسەتكەن ئىقتىسادىي قانۇن - نىزاملارنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغىمۇ ئوخشاش ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىشى ناتايىن. شۇڭا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىشلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى ئاساس قىلىپ، بۇ خىل ئالاھىدىلىكلەرگە ماس كېلىدىغان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە دائىر يەرلىك ئىقتىسادىي قانۇن - نىزاملار سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش ئۈستىدىكى نەزەرىيىۋى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاساسىي قانۇن، قانۇن ۋە مەمۇرىي نىزاملارغا زىت كەلمەسلىك شەرتى ئاستىدا، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىقتىسادىي قانۇن - نىزاملارنى چىقىرىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىشلىرىنى تېزلىتىش ئىقتىسادىي قانۇننىڭ ئۆزىگە خاس تەلىپى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

3. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە دائىر يەرلىك ئىقتىسادىي قانۇن - نىزاملارنى چىقىرىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي- ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ قانۇن جەھەتتىكى كاپالىتى. پارتىيە 11 -نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي- ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىشلىرىدا ناھايىتى زور يۈكسىلىش بولدى. 1993 - يىلىغا كەلگەندە، ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1978 - يىلدىكى 7 مىليارد 253 مىليون يۈەندىن 94 مىليارد 124 مىليون يۈەنگە كۆپەيدى، مىللىي دارامەت 3 مىليارد 407 مىليون يۈەندىن 38 مىليارد يۈەنگە كۆپەيدى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي دارامەتمۇ 273 يۈەندىن 2350 يۈەنگە يەتتى. روشەنكى، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىشلىرى مىسلىسىز تېز ئىلگىرىلىدى. بىراق بۇ خىل ئىلگىرىلەش قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا يەنىلا ئاستا بولدى. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئۈنۈمى يۇقىرى بولمىدى؛ يېزا ئىگىلىكىگە سېلىنىدىغان سېلىنما ئاز بولدى، مەبلەغ جەھەتتىكى قىيىنچىلىق ھەل بولمىدى، مەبلەغ مەسىلىسىدىكى قىيىنچىلىق ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇپ قويدى. مال باھاسىمۇ داۋاملىق ئۆرلەپ ماڭدى. ئاممىنىڭ تۇرمۇشىمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەسىرگە ئۇچرىدى. شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش داۋامىدىكى ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ تېگىشلىك دەرىجىدە يۈكسەلمەسلىكىدىكى سەۋەبلەر نۇرغۇن، لېكىن

شىنجاڭنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، ئۆز ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدىغان، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئۈنۈملۈك قوغدايدىغان، يېتەكلەيدىغان يەرلىك ئىقتىسادىي قانۇن - نىزاملارنىڭ پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ۋاقتىدا چىقىرىلمىغانلىقى، ئۇلارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلمىگەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ مۇكەممەللەشتۈرۈلمىگەنلىكى بۇنىڭدىكى مۇھىم بىر سەۋەب. قانۇن، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي قانۇن مەۋجۇت بولىدىكەن، ئۇ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەپلا قالماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنىڭ تەلىپى بويىچە يېتەكلەپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، خەلقئارادا قايسى مەملىكەت، مەملىكىتىمىزدە قايسى رايون ئىقتىسادىي قانۇن چىقىرىشقا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئىقتىسادىي قانۇن ئارقىلىق ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەن بولسا، شۇ مەملىكەت ياكى شۇ رايوننىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تېز بولىدۇ. گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىگە ئوخشاش قېرىنداش ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونلارنىڭ يەرلىك ئىقتىسادىي قانۇن - نىزاملارنى چىقىرىش ئەھۋالى ۋە ياپونىيە، گېرمانىيىگە ئوخشاش ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان مەملىكەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي قانۇن چىقىرىش ئەھۋالى بۇنىڭ تىپىك دەلىلى بولالايدۇ.

بازار ئىگىلىكى، ماھىيەتتە، قانۇن - تۈزۈم ئىگىلىكى. ئۇ — قانۇن بىلەن چەكلىنىپ تۇرىدىغان، قانۇن بەلگىلىمىلىرىنىڭ تەلىپى بويىچە ھەرىكەتلىنىدىغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە. مۇكەممەل قانۇن - تۈزۈم بولمايدىكەن، مۇكەممەل بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بولمايدۇ. قانۇن- تۈزۈم — ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەرەققىيات نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم ئاساسى ۋە تۈپ كاپالىتى. پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ يەرلىك ئىقتىسادىي قانۇن - نىزاملارنى چىقىرىش ئارقىلىق، كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، بازار سۇبيېكتلىرىغا دائىر يەرلىك ئىقتىسادىي قانۇن - نىزاملارنى چىقىرىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئىقتىسادىي قانۇن سۇبيېكتلىرىنى، بولۇپمۇ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان كۆپ خىل ئىگىلىك شەكىللىرىدىكى سۇبيېكتلارنى بازارغا يۈزلەندۈرۈپ، ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىگىلىكنى تېخىمۇ جانلاندۇرغىلى بولىدۇ. ئىسلاھات تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان يەرلىك ئىقتىسادىي قانۇن - نىزاملارنى چىقىرىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ توغرا يۆنىلىشىگە، ئىسلاھات تەجرىبىلىرىنىڭ كېڭەيتىلىشىگە ۋە ئىسلاھات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ئىسلاھاتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغىلى بولىدۇ. چەتكە چېتىشلىق يەرلىك ئىقتىسادىي قانۇن - نىزاملارنى چىقىرىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئەتراپىمىزدىكى دۆلەت ۋە رايونلار بىلەن بولغان ئىقتىساد، مەدەنىيەت، تېخنىكا ئالاقىسىنى كۈچەيتىپ، ئۆز ئارا ئارتۇقچىلىقلىرىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكلىرىمىزنى تولۇقلاپ، ئۆزىمىزنىڭ ئەۋزەل شارائىتلىرىمىزدىن پايدىلىنىپ، زامانىۋىلىشىش قەدىمىمىزنى تېزلەتكىلى بولىدۇ. بازار باشقۇرۇشقا دائىر يەرلىك ئىقتىسادىي قانۇن- نىزاملارنى چىقىرىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق، مونوپولىيىگە ۋە ناتوغرا رىقابەت قىلمىشلىرىغا قارشى تۇرۇپ، بازار پائالىيەتلىرىنى قېلىپلاشتۇرغىلى، بازار ئىگىلىكىنىڭ رولىدىن تولۇق پايدىلانغىلى بولىدۇ. ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش - تىزگىنلەشكە دائىر ئىقتىسادىي قانۇن- نىزاملارنى چىقىرىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق، بازار ئىگىلىكىنىڭ نۇقسانلىرىنى تۈگىتىپ، بازار ئىگىلىكىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. قىسقىسى، مۇكەممەل قانۇن - تۈزۈم بولمىسا، جۈملىدىن بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشقا ماس كېلىدىغان يەرلىك ئىقتىسادىي قانۇن- نىزاملار بولمىسا، بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلغىلى ۋە مۇستەھكەملىگىلى، ئىجتىمائىي- ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى بازار ئىگىلىكىنىڭ رولىغا تايىنىپ يۈكسەلدۈرگىلى، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ. شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى يۈكسەلدۈرۈشكە قانۇن جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە دائىر يەرلىك ئىقتىسادىي قانۇن - نىزاملارنى چىقىرىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈستىدىكى نەزەرىيە تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا، يەرلىك ئىقتىسادىي قانۇن - نىزاملارنى چىقىرىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئىشلىرىنى تېزلىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

# مەمۇرىي تۆلەمدىكى بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا

گۈلباھار نىياز

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ياكى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتى مەمۇرىي ئورگان ياكى ئۇنىڭ خادىملىرىنىڭ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتى تۈپەيلىدىن دەخلى - تەرۇزگە ئۇچراپ كېلىپ چىققان زىيانغا تۆلىنىدىغان مەمۇرىي تۆلەمنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى بايان قىلىنىدۇ.

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەمۇرىي دەۋا قانۇنى»نى 1990 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن يولغا قويۇلغان بولۇپ، بۇ يىل 5 - يىلغا قەدەم قويدى. بۇ بەش يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇر قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىدىمۇ خېلى زور تەرەققىيات بولدى.

«مەمۇرىي دەۋا قانۇنى»نىڭ 67 - ماددىسىدا «پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتى مەمۇرىي ئورگان ياكى مەمۇرىي ئورگان خادىملىرىنىڭ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتى تۈپەيلىدىن دەخلى - تەرۇزگە ئۇچراپ زىيان كېلىپ چىقسا، ئۇلارنىڭ زىيانغا تۆلەم تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بار» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ بەلگىلىمە دۆلىتىمىزدە مەمۇرىي باشقۇرۇش جەھەتتىكى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلار تەپەيلىدىن پۇقرالارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىنىپ كېلىپ چىققا زىيانغا تۆلەم قايتۇرۇش تۈزۈمىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە ئورنىتىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەدلىيە ئەمەلىيىتى داۋامىدا پۇقرالارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىنىشتىن كېلىپ چىققان زىيانغا تۆلەم تەلەپ قىلىش مەسىلىسى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولىدۇ. بۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مەمۇرىي سۇبىستانسىيە قانۇنىنىڭ دائىرىسىگە تەۋە بولغاچقا «مەمۇرىي دەۋا قانۇنى»دا بۇ مەسىلىگە قارىتا پرىنسىپال بەلگىلىمە چىقىرىلغان. مەن بۇ ماقالەمدە مەمۇرىي باشقۇرۇشتىكى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلار تۈپەيلىدىن پۇقرالارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىنىپ كېلىپ چىققان زىيانغا تۆلەم تۆلەشتىكى بىرقانچە مەسىلە ئۈستىدە ئۆزەمنىڭ كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

**1. مەمۇرىي باشقۇرۇشتىكى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلار تۈپەيلىدىن پۇقرالارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى - تەتۇز قىلىنىپ كېلىپ چىققان زىيانغا تۆلەم تۆلەش مەسئۇلىيىتى مەسىلىسى**

پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ مەمۇرىي دەۋادىكى ئاساسىي مەقسىتى مەمۇرىي ئورگان ياكى مەمۇرىي ئورگان

خادىملىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپ بولغان كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان زىياننى تۆلىتىۋېلىشتىن ئىبارەت. ئۇنداقتا قانداق ئەھۋال ئاستىدا مەمۇرىي ئورگاننىڭ زىياننى تۆلەش مەسئۇلىيىتى كېلىپ چىقىدۇ؟

بۇ ئەدلىيە ئەمەلىيىتى داۋامىدا جەزمەن ئېنىقلىۋېلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە. مەمۇرىي باشقۇرۇشتىكى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلار تۈپەيلىدىن پۇقرالارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىنىپ كېلىپ چىققان زىياننى تۆلەش مەسئۇلىيىتى دېگىنىمىز مەمۇرىي ئورگان ياكى مەمۇرىي ئورگان خادىملىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپ بولغان كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتى تۈپەيلىدىن پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتى دەخلى - تەرۇزگە ئۇچراش نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان زىيانغا شۇ مەمۇرىي ئورگاننىڭ تۆلەم تۆلىشىدىن ئىبارەت قانۇنىي مەسئۇلىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. مەمۇرىي ئورگاننىڭ بۇنداق تۆلەم تۆلەش مەسئۇلىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى شەرتلەر ھازىرلانغان بولۇشى كېرەك:

1) قانۇنغا خىلاپ بولغان كونكرېت ھەرىكەت قوللىنىلغان بولۇشى كېرەك. قانۇنغا خىلاپ بولغان كونكرېت ھەرىكەتنىڭ قوللىنىلىشى مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ تۆلەم تۆلەش مەسئۇلىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. مەمۇرىي ئورگان پەقەت شۇ مەمۇرىي ئورگان ۋە ئۇلارنىڭ خادىملىرىنىڭ پەقەت قانۇنغا خىلاپ ھەرىكىتى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان زىيانغىلا تۆلەم تۆلەش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئەگەر قانۇنلۇق ھەرىكەت تۈپەيلىدىن زىيان كۆرۈلسە، تۆلەم تۆلەش مەسىلىسى مەۋجۇت بولمايدۇ.

2) چوقۇم كونكرېت زىيانلىق ئاقىۋەت كېلىپ چىققان بولۇشى كېرەك. ئەگەر مەمۇرىي ئورگان ۋە ئۇنىڭ خادىملىرىنىڭ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتىلا بولۇپ، زىيانلىق ئاقىۋەت كۆرۈلمىگەن بولسا، تۆلەم تۆلەش مەسىلىسى مەۋجۇت بولمايدۇ.

**2. مەمۇرىي باشقۇرۇشتىكى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلار تۈپەيلىدىن پۇقرالارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىنىپ كېلىپ چىققان زىيانغا تۆلەم تۆلەش جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىش، تۆلەمنى كېمەيتىش ياكى كەچۈرۈم قىلىش مەسىلىسى**

پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشى مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ بىۋاسىتە قوللانغان كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا تۆلەم تۆلەش جاۋابكارلىقىنى مەمۇرىي ئورگان ئۈستىگە ئالامدۇ ياكى شۇ مەمۇرىي ئورگاننىڭ خادىملىرى ئۈستىگە ئالامدۇ؟ دېگەن مەسىلە كېلىپ چىقىدۇ. بۇ ھەقتە «مەمۇرىي دەۋا قانۇنى»نىڭ 68 - ماددىسىدا: «مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ ياكى مەمۇرىي ئورگان خادىملىرىنىڭ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتى پۇقرالارنىڭ، قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ ياكى باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىپ زىيان كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا، زىياننى تۆلەشكە شۇ مەمۇرىي ئورگان ياكى شۇ مەمۇرىي ئورگان خادىملىرى تۇرۇشلۇق مەمۇرىي ئورگان مەسئۇل بولىدۇ» دېيىلگەن. دېمەك، تۆلەم تۆلەش جاۋابكارلىقىنى كونكرېت تەبىئىي شەخس ئەمەس، بەلكى مەمۇرىي ئورگان ئۈستىگە ئالىدۇ، مەمۇرىي ئورگاننىڭ خادىمى بىۋاسىتە تۆلەم تۆلەش جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ، چۈنكى، مەمۇرىي ئورگان خادىملىرىنىڭ ھەرىكىتى شەخسنىڭ ھەرىكىتى بولماستىن، بەلكى مەمۇرىي ئورگان دۆلەت نامىدىن يۈرگۈزگەن مەمۇرىي باشقۇرۇش ھەرىكىتىدۇر، لېكىن شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، تۆلەم تۆلەش جاۋابكارلىقىنى مەمۇرىي ئورگان ئۈستىگە ئالىدۇ دېگەنلىك ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ خادىملىرىنىڭ ھېچقانداق جاۋابكارلىقى بولمايدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. «مەمۇرىي دەۋا قانۇنى»نىڭ 68 - ماددىسىنىڭ 2 - تارمىقىدا: «مەمۇرىي ئورگانلار

زىياننى تۆلىگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ قەستەن زىيان پەيدا قىلغان ياكى ئېغىر سەۋەنلىك سادىر قىلغان خادىملىرىغا تۆلەم پۇلىنىڭ مەلۇم قىسمىنى ياكى پۈتۈن قىسمىنى ئارتىشى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ مەمۇرىي ئورگان خادىملىرىنىڭ قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىشىغا، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، ئادىل ئىش قىلىشىغا پايدىلىق. ئەمما زىيانلىق ئاقىۋەتنىڭ تامامەن مەمۇرىي ئورگاننىڭ قانۇنغا خىلاپ بولغان كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتىدىن كېلىپ چىقفان بولۇشى ناتايىن. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، تۆلەمنى قىسمەن كېمەيتىشكە ياكى كەچۈرۈم قىلىشقا بولىدۇ. بۇ مۇنداق بىرقانچە خىل ئەھۋالنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1) مەمۇرىي ئورگان ياكى مەمۇرىي ئورگاننىڭ خادىملىرى كونكرېت زىيانلىق ئاقىۋەتنىڭ يۈز بېرىشىنى ئالدىن كۆرۈۋالالمىغان ياكى ئالدىن كۆرۈۋالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ساقلانغىلى بولىدۇ دەپ قاراپ ئۆزىگە بەك ئىشىنىپ كەتكەنلىكتىن زىيانلىق ئاقىۋەت كېلىپ چىققان بولسا، مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ تۆلەم تۆلەش جاۋابكارلىقىنى كەچۈرۈم قىلىشقا ياكى تۆلەم سوممىسىنى كېمەيتىشكە بولىدۇ.

2) زىيانلىق ئاقىۋەت ئۈچىنچى شەخسنىڭ ئارىلىششىدىن ياكى مەمۇرىي ئورگان ۋە ئۈچىنچى شەخسنىڭ ئورتاق ھەرىكىتىدىن كېلىپ چىققان بولسا، مەمۇرىي ئورگاننىڭ تۆلىمىنى كەچۈرۈم قىلىشقا ياكى كېمەيتىشكە بولىدۇ.

3) زىيانلىق ئاقىۋەت باشقۇرۇلغۇچىنىڭ ئىش بېجىرىش داۋامىدىكى خاتالىقىدىن كېلىپ چىققان بولسا، مەمۇرىي ئورگاننىڭ تۆلەم مىقدارى كېمەيتىلىدۇ.

4) زىيان تارتقۇچىنىڭ زىيىنى باشقا بىر يوللار بىلەن تۆلەپ بېرىلگەن بولسا، مەمۇرىي ئورگاننىڭ تۆلەم تۆلەش مەسئۇلىيىتى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. ئەگەر زىياننىڭ بىر قىسمى تۆلەپ بېرىلگەن بولسا، قالغان قىسمىنى مەمۇرىي ئورگان ئۈستىگە ئالىدۇ.

**3. مەمۇرىي باشقۇرۇشتىكى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلار تۈپەيلىدىن پۇقرالارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىنىپ كېلىپ چىققان زىياننى تۆلەشنىڭ دائىرىسى، ئۇسۇلى ۋە خىراجەت مەسىلىسى**

بۇ مەسىلە — زىيانغا ئۇچرىغۇچىنىڭ ھەقىقىي ھالدا مۇۋاپىق تۆلەمگە ئېرىشىش - ئېرىشەلمەسلىكىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان، شۇنداقلا زىيانغا ئۇچرىغۇچى ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان تۈپ مەسىلە.

1) تۆلەم دائىرىسى. بۇ ئەمەلىي زىياننىڭ نەتىجىسىگە قاراپ بېكىتىلىدۇ. زىياننى مۇنداق ئۈچ خىل ئەھۋالغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

بىرىنچى، جىسمانىي زىيان. بۇ، مەمۇرىي ۋەزىپە ئىجرا قىلىش داۋامىدا پۇقرالار مەمۇرىي ئورگان خىزمەتچىلىرى تەرىپىدىن ئۇرۇپ ياربدارلاندۇرۇلغان، مېيىپ قىلىپ قويۇلغان ياكى ئۆلتۈرۈپ قويۇلغان ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ.

ئىككىنچى، مال - مۈلۈك زىيىنى. بۇ، پۇقرا ياكى قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ مال - مۈلكى مەمۇرىي ئورگان تەرىپىدىن بۇزۇۋېتىلگەن، پېچەتلىۋېتىلگەن، تارتىۋېلىنغان، توڭلىتىپ قويۇلۇپ ئۆز ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىنمىغان قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ياكى كەملەپ كەتكەن ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ.

ئۈچىنچى، مەنىۋى زىيان. بۇ پۇقرا ياكى قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ ئىسىم - فامىلىسى، نام - شۆھرىتى زىيانغا ئۇچرىغان ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ.

تۆلەم دائىرىسىنى بېكىتكەندە، نەق يۈز بەرگەن ئەمەلىي زىيان بىلەن مۇقەررەر كېلىپ چىقىدىغان زىيانلىق ئاقىۋەتنى، يەنى بىۋاستە زىيان بىلەن ۋاستىلىك زىياننى تولۇق ئېتىبارغا ئېلىش كېرەك؛ مەسىلەن، مەمۇرىي باشقۇرۇش جەھەتتىكى قانۇنغا خىلاپلىق قىلىشتىن پۇقرالار تەن جازاسىغا ئۇچراپ مېيىپ قىلىپ قويۇلغان بولسا، ئۇ نەق يۈز بەرگەن ئەمەلىي زىيان ھېسابلىنىدۇ. پۇقرا مېيىپ بولۇش تۈپەيلىدىن،

ئەمگەك قىلالماي، ئەمگەك دارامىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قالىدۇ. بۇ مۇقەررەر كېلىپ چىقىدىغان زىيانلىق ئاقىۋەت ھېسابلىنىدۇ. جىسمانىي زىيانغان تۆلەم دائىرىسىنى بېكىتكەندە، داۋالىنىش ھەققى، بېقىش ھەققى مىيىپ ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان سايمان ھەققى، ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قالغانلىقى ئۈچۈن بېرىشكە تېگىشلىك بولغان تۇرمۇش خىراجىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى تۆلەم دائىرىسىگە كىرگۈزۈش كېرەك، مەنىۋى جەھەتتىكى زىيان مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇنىڭغا تۆلەم بېرىش - بەرمەسلىك مەسىلىسىدە، تېخى بىرلىككە كەلگەن بەلگىلىمە يوق. لېكىن دۆلىتىمىزنىڭ ھەق - تەلەپ قانۇنىدا، ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈش تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان مەنىۋى زىيانغا تۆلەم بېرىش كېرەك دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. شۇڭا مەمۇرىي باشقۇرۇش جەھەتتىكى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلار تۈپەيلىدىن پۇقرالارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىنىپ كېلىپ چىققان مەنىۋى زىيانغىمۇ مۇۋاپىق تۆلەم بېرىلىشى كېرەك. لېكىن دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلغاندا، بۇ جەھەتتىكى تۆلەم قوشۇمچە خاراكتېرلىك قوشۇمچە تۆلەم بولىدۇ.

2) تۆلەم تۆلەش ئۇسۇلى. بۇ ھەقتە دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنلىرىدا تېخى كونكرېت بەلگىلىمە يوق، لېكىن مېنىڭچە، پۇل تۆلەشنى ئاساس، ئەسلى ھالىتىگە كەلتۈرۈشنى، ناماقۇل بولۇپ، يامان تەسىرىنى يوقىتىشنى ۋە نام - شۆھرىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوشۇمچە قىلسا بولىدۇ، پۇل تۆلىمى ھەرقانداق دائىرىدىكى زىياننى تۆلەشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ، بۇنىڭدا ھەم زىيانغا ئۇچرىغۇچىنى ئۆز ۋاقتىدا رازى قىلغىلى بولىدۇ، ھەم مەمۇرىي ئورگاننىڭ تۆلەمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا قولايلىق بولىدۇ. ئەسلى ھالىتىگە كەلتۈرۈش ئۇسۇلى مال-مۈلۈك جەھەتتىكى زىياننى تۆلەشكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، زىيانغا ئۇچرىغۇچىنىڭ مەنپەئىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشقا پايدىلىق، مەسىلەن، زىيانغا ئۇچرىغۇچىنىڭ نوپۇس، تۇرالغۇ ئۆي قاتارلىقلىرىنى ئەسلى ھالىتىگە كەلتۈرۈپ بېرىش، مۇشۇ جەھەتتىن زىيانغا ئۇچرىغۇچىغا نىسبەتەن تېخىمۇ مۇھىم. شۇڭا ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدا، زىيانغا ئۇچرىغۇچى زىياننى ئەسلى ھالىتىگە كەلتۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا، مەمۇرىي ئورگان ۋە سوت مەھكىمىسى ئەسلى ھالىتىگە كەلتۈرۈپ بېرىش ئۇسۇلى بىلەن تۆلەمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى مۇۋاپىق دەپ قارىسا، ئەسلى ھالىتىگە كەلتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك. ئەسلى ھالىتىگە كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمايدىغان ئەھۋال ئاستىدا، يەنىلا پۇل بىلەن تۆلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىشى كېرەك. ناماقۇل بولۇپ، يامان تەسىرىنى تۈگىتىش، نام - شۆھرىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قاتارلىق تۆلەم ئۇسۇلى دۆلىتىمىزنىڭ مەمۇرىي تۆلەم تۈزۈمىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ، بۇ مەنىۋى جەھەتتىكى زىياننى تۆلەشكە بىر قەدەر مۇۋاپىق كېلىدۇ.

3) تۆلەم خىراجىتى. تۆلەم خىراجىتى ھەر دەرىجىلىك مالىيەدىن چىقىرىلىدۇ، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى يەنە تۆلەم مەسئۇلىيىتى بولغان ئورگانغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، تۆلەم خىراجىتىنىڭ بىر قىسمىنى ياكى ھەممىسىنى تۆلەتكۈزسە بولىدۇ، پۇل تۆلىمى ئۇسۇلىنى قوللانسىمۇ ياكى ئەسلى ھالىتىگە كەلتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانسىمۇ، ئىش قىلىپ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل قوللىنىپ، خىراجەت ئاجرىتىپ زىيانغا ئۇچرىغۇچىنىڭ زىيىنىنى تۆلىشى زۆرۈر. بۇنىڭ بىلەن پۇقرا، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ، شۇنىڭدەك تۆلەم مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان مەمۇرىي ئورگاننىڭ خىراجىتى يېتەرلىك بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، تۆلەشكە تېگىشلىك بولغان تۆلەمنىڭ تۆلەنمەي قېلىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. لېكىن تۆلەم خىراجىتىنى پۈتۈنلەي مالىيەدىن چىقىرىشمۇ مۇكەممەل ئۇسۇل ئەمەس. چۈنكى، مۇشۇنداق ئۇسۇل قوللىنىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا تۆلەم

مەجبۇرىيىتى بولغان مەمۇرىي ئورگانغا بولغان تەلەپنى بوشاشتۇرۇپ قويۇش، ھەتتا مەمۇرىي ئورگاننىڭ خالىغانچە ئىش كۆرۈپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىشىغا يول قويۇشتەك يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن، مەمۇرىي دەۋا قانۇنىدا يەنە ھۆكۈمەتنىڭ تۆلەم مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان ئورگاننىڭ تۆلەم تۆلەش ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىلىش ھوقۇقى بار دەپ بەلگىلەنگەن، بۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەت تۆلەم مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇننىڭ تۆلەم خىراجىتى ئاجرىتىش ئەھۋالىدىن، ئۇلارنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، قانۇننى ئىجرا قىلىش ھەرىكىتى ئۈستىدىن نازارەت قىلالايدۇ. ھەم بۇ ئارقىلىق مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ بيۇروكراتلىقىنى تۈگىتىپ، خىزمەت ئىستىلىنى توغرىلاپ، قانۇننى ئىجرا قىلىش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە بولىدۇ.

## 4. تۆلەم تەلەپ قىلىش ۋە ئۇنى ھەل قىلىش تەرتىپى مەسىلىسى

ئادەتتە، مەمۇرىي ئورگان ۋە ئۇنىڭ خادىملىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپ بولغان كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتى تۈپەيلىدىن، پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق- مەنپەئىتى دەخلى - تەرۇزگە ئۇچراپ زىيان كېلىپ چىققان بولسا، تۆلەم تۆلەش مەسئۇلىيىتى مەسىلىسى كېلىپ چىقىدۇ. لېكىن مەمۇرىي ئورگاننىڭ ئاخىرقى ھېسابتا تۆلەم مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىش - ئالماسلىقىدا مەمۇرىي ھەرىكەت قانۇنغا خىلاپ بولغان بولۇشى، پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق- مەنپەئىتى دەخلى - تەرۇزگە ئۇچراپ زىيانلىق ئاقىۋەت كېلىپ چىققان بولۇشىدىن سىرت، يەنە زىيانغا ئۇچرىغۇچى، تۆلەم تۆلەشنى تەلەپ قىلغان بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئۇلارنىڭ قانۇنىيھوقۇق- مەنپەئىتى دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، تۆلەم تۆلەشنى تەلەپ قىلمىسا، مەمۇرىي ئورگان تۆلەم مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ، چۈنكى مەمۇرىي تۆلەممۇ ھەق - تەلەپ ئىشلىرى تۆلىمىگە ئوخشاش «ئەرز قىلمىسا سورىماسلىق» خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

مەمۇرىي تۆلەمنى تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل تەرتىپ ئارقىلىق ھەل قىلىشقا بولىدۇ:

1) مەمۇرىي تەرتىپ ئارقىلىق ھەل قىلىش، يەنى مەمۇرىي ئورگاندىن تۆلەم تەلەپ قىلىش. بۇنى مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋالغا ئايرىش مۇمكىن. بىرىنچى، پەقەت تۆلەم تۆلەشنىلا تەلەپ قىلىش. مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلار تۆلەم تەلەپ قىلغاندا، ئالدى بىلەن مەمۇرىي ئورگاندىن تەلەپ قىلىشى كېرەك، مەمۇرىي ئورگاننىڭ بىر تەرەپ قىلىشىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ سوتقا ئەرز قىلىشقا بولمايدۇ، چۈنكى مەمۇرىي ئورگان ھەم كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتنى قوللانغۇچى ھەم مەمۇرىي تۆلەم مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغۇچى، دېمەك، تۆلەم تەلىپى ئالدى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەمۇرىي تۆلەم مەسىلىسىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ھەل بولۇپ، زىيان ئورنىنىڭ بالدۇرراق تولدۇرۇلۇشىغا پايدىلىق. ئىككىنچى، مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلىش ھەم تۆلەم تەلەپ قىلىش. مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىققۇچى ئورگان كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەت ئۈستىدىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، مەزكۇر مەمۇرىي ھەرىكەت تۈپەيلىدىن پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ياكى باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنىيھوقۇق- مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىنغان ھەمدە بۇنىڭدىن زىيانلىق ئاقىۋەت كېلىپ چىققان بولسا، بۇ ئىشقا مەسئۇلىيىتى بولغان مەمۇرىي ئورگانغا قانۇن بويىچە تۆلەم تۆلەش بۇيرۇقى چۈشۈرسە بولىدۇ.

2) ئەدلىيە تەرتىپى ئارقىلىق ھەل قىلىش يەنى سوت ئارقىلىق تۆلەم مەقسىتىگە يېتىش. بۇنىمۇ مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋالغا ئايرىشقا بولىدۇ. بىرىنچى، مەمۇرىي ئورگانغا تۆلەم ئىلتىماسى سۇنغاندىن كېيىن. ئەگەر شۇ مەمۇرىي ئورگاننىڭ بىر تەرەپ قىلىش قارارىغا قايىل بولمىسا، قانۇن بويىچە سوتقا مەمۇرىي تۆلەم دەۋاسى قىلسا بولىدۇ. سوت كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكەتنىڭ قانۇنلۇق بولغان - بولمىغانلىقى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن تۆلەم مەسىلىسىگە قارىتا كېسىم قىلىدۇ. ئىككىنچى، زىيانغان ئۇچرىغۇچى سوتقا مەمۇرىي دەۋا قىلىش بىلەن بىرگە مەمۇرىي تۆلەم ئەرزى سۇنسا بولىدۇ، سوت مەمۇرىي دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ۋاقتىدا بۇ ئەرزنى قانۇن بويىچە ھەل قىلىدۇ.

# تەكقىس خۇلاسىسىنىڭ ئەدلىيە ئىشلىرىدا قوللىنىلىشى توغرىسىدا

ھەسەنجان تۇردى

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، تەكقىس خۇلاسىسىنىڭ جىنايى ئىشلارنى تەھقىقلەش، سوت قىلىش ۋە سوت مۇنازىرىسىدىكى ئالاھىدە رولى بەزى ئەمەلىي مەسىلىلەر ئارقىلىق بايان قىلىنىدۇ.

تەكقىس خۇلاسە — لوگىكىدىكى بىر خىل مۇھىم خۇلاسە شەكلى بولۇپ، بۇ خىل خۇلاسە ئىككى شەرتلىك ھۆكۈم ۋە ئىككى تارماقلىق بىر تاللانما ھۆكۈمنىڭ ئاساس بولۇشىدىن تۈزۈلىدۇ. بۇ خىل خۇلاسە شەكلى ئەدلىيە خىزمىتىدە، بولۇپمۇ مۇنازىرىدە كەڭ قوللىنىلىدۇ. مۇنازىرە قىلغۇچى بىر تەرەپ ئىككى خىل ئېھتىماللىققا ئىگە بولغان چوڭ ئاساسنى ئوتتۇرىغا قويسا، قارشى تەرەپ بۇنىڭدىن بىر خىل ئېھتىماللىقنى تەستىقلاپ ياكى ئىنكار قىلىپ، قارشى تەرەپنى مۇشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، تەڭلىكتە قالدۇرالايدىغان بولغاچقا، بۇنداق ئەھۋال تەكقىس خۇلاسە دەپ ئاتالغان.

## 1. تەكقىس خۇلاسىسىنىڭ جىنايى ئىشلارنى تەھقىقلەشتە قوللىنىلىشى

تەكقىس خۇلاسە جىنايى ئىشلارنى تەھقىقلەش جەريانىدا، بەزى ئەھۋاللارنى چىقىرىپ تاشلاپ، تەھقىقلەش دائىرىسىنى تارايتىپ، دېلونى تېز سۈرئەتتە پاش قىلىشتا كۆپ قوللىنىلىدۇ.

تۆۋەندىكى ئەنزە مەسىلىگە قارايلى: 1990 - يىلى 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى كەچتە، مەلۇم شەھەردە ئولتۇرۇشلۇق يەككە تىجارەتچى A نىڭ ئۆيىدىكى نەق پۇل سېلىنغان ئىشكاپنىڭ قۇلۇپى قايرىپ ئېچىلىپ، 3000 يۈەندىن ئارتۇق نەق پۇل ئوغرىلاپ كېتىلگەن. تەھقىقلىگۈچى خادىملار نەق مەيداننى تەكشۈرۈش ئارقىلىق قۇلۇپنى قايرىپ ئاچقان چاغدىكى كۈچەش يۆنىلىشى ۋە بۇزغۇنچىلىق ئىزلىرىدىن جىنايەتچىنىڭ قۇلۇپنى قايرىپ ئېچىشتا پۇختا تېخنىكىسى بار بىر سولخاي ئادەم ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىدۇ. نەق مەيداندا بىرلا ئادەمنىڭ ئاياق ئىزى بولغاچقا، تەھقىقلىگۈچى خادىملار جىنايەتچى ئۆزى يالغۇز جىنايەت سادىر قىلغان دەپ پەرەز قىلىدۇ ھەمدە ئاياق ئىزىدىن جىنايەتچىنىڭ بويىنىڭ ئېگىزلىكىنىڭ 1.74 س م ئىكەنلىكىنى خۇلاسىلاپ بىلىدۇ. ئۇلار يەنە A بىلەن بىر كوچىدا ئولتۇرۇشلۇق B ۋە C نىڭ ئوغرىلىق قىلغانلىقىنى، B ۋە C نىڭ A بىلەن زىددىيىتى بارلىقىنى، B نىڭ باشقىلارغا A نى بىر ئۆچىدا قويايلى دېگەنلىكىنى تەكشۈرۈپ ئىگىلەيدۇ. A، B ياكى C نىڭ ئۆزىنىڭ پۇلىنى ئوغرىلىغانلىقىدىن گۇمانلىنىدۇ. B نى تەكشۈرگەندە، دەل سولخاي بولسىمۇ، لېكىن بويىنىڭ ئېگىزلىكى ئاران 1.62 س م بولۇپ، پەرەز قىلغان 1.74 س م دىن كۆپ پەرقلىنىدىغانلىقى ئېنىقلىنىدۇ. C نىڭ ئېگىزلىكى 1.73 س م بولۇپ، پەرەز قىلغان جىنايەتچىنىڭ بويىنىڭ

ئېگىزلىكىگە ماس كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ سولخاي ئەمەس بولۇپ چىقىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، تەھقىقلىگۈچى خادىملار B بىلەن C نىڭ ئەنزە سادىر قىلىش ئېھتىماللىقىنى چىقىرىپ تاشلايدۇ. ئالدىن كېيىن گۇمانلىق ئوبيېكتىلارنى قايتىدىن بەلگىلەپ، ئاخىرىدا ئەنزىنى پاش قىلىدۇ. تەھقىقلىگۈچىلەر نەق مەيداننى تەكشۈرۈپ ئېگىللىگەن ئەھۋاللارغا ئاساسەن، تۆۋەندىكى تەخمىن خۇلاسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

ئەگەر B ياكى C بۇ ئەنزىنى سادىر قىلغۇچىلار بولسا، ئۇ ھالدا ئۇلارنىڭ بويىنىڭ ئېگىزلىكى 1.74 س م بولۇشى كېرەك؛ ئەگەر B ياكى C بۇ ئەنزىنى سادىر قىلغۇچى بولسا، ئۇ ھالدا ئۇلار سولخاي بولۇشى كېرەك.

B ۋە C نىڭ بويىنىڭ ئېگىزلىكى يا 1.74 س م ئەمەس، يا سولخاي ئەمەس، شۇڭا، B ۋە C بۇ ئەنزىنى سادىر قىلغۇچىلار ئەمەس.

يەنە ئالايلۇق، مەلۇم جىنايى ئىشلار رازۋېت خادىمى بىر قاتىللىق دېلوسىنى رازۋېت قىلىپ پاش قىلغان. نەق مەيداننى تەكشۈرگەندە، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئۆيىدىكى قىممەت باھالىق نەرسىلەرنىڭ قوزغالمىغانلىقى، يوتۇپ كەتمىگەنلىكى بايقىلىدۇ ھەمدە ئەھۋال ئىگىلىگەندە، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ باشقىلار بىلەن كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان چوڭقۇر زىددىيىتىنىڭ يوقلۇقى مەلۇم بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاداۋەت بىلەن ئۆلتۈرۈش، بايلىقىنى دەپ ئۆلتۈرۈشنىڭ ئېھتىماللىقى چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ تەھقىقلەش دائىرىسى تارايتىلىدۇ. ئۇنىڭ كونكرېت تەپەككۇر جەريانىنى تۆۋەندىكى تەخمىن خۇلاسە ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولىدۇ:

ئەگەر بايلىقىنى دەپ ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇ ھالدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئۆيىدىكى قىممەت باھالىق نەرسىلەر يوقالغان بولۇشى كېرەك؛ ئەگەر ئاداۋەت بىلەن ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇ ھالدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ باشقىلار بىلەن كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان چوڭقۇر زىددىيىتى بولۇشى كېرەك. ھازىر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئۆيىدىكى قىممەت باھالىق نەرسىلەرنىڭ يوتۇپ كەتمىگەنلىكى ياكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ باشقىلار بىلەن كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان چوڭقۇر زىددىيىتىنىڭ يوقلۇقى مەلۇم بولدى، شۇڭا، بۇ قاتىللىق دېلوسى بايلىقىنى دەپ ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسى، ياكى ئاداۋەت بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسى ئەمەس.

مەلۇم بىر جىنايى ئىشلار ئەنزىسىنى تەھقىقلىگۈچىلەر تۈزلىگەن توپلىغان دەلىل - ئىسپات ۋە ئىگىللىگەن ئەھۋاللارغا ئاساسەن، A، B، C، D قاتارلىقلارنى گۇمانلىق ئوبيېكت قىلىدۇ. ئەگەر يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق مەلۇم A نىڭ دېلو سادىر قىلىش ۋاقتىنىڭ يوقلۇقى ياكى مەلۇم B نىڭ قاتىللىق قىلغان نەق مەيدانغا بارمىغانلىقى بىلىنسە، ئۇ ھالدا A ياكى B نىڭ دېلو سادىر قىلىش ئېھتىماللىقىنى چىقىرىپ تاشلاشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ كونكرېت تەپەككۇر جەريانىنىمۇ بىر تەخمىن خۇلاسە قىلىپ ئىپادىلەشكە بولىدۇ:

ئەگەر مەلۇم A ئەنزە سادىر قىلغۇچى بولسا، ئۇ ھالدا مەلۇم A نىڭ ئەنزە سادىر قىلىش ۋاقتى بولۇشى كېرەك؛ ئەگەر مەلۇم B ئەنزە سادىر قىلغۇچى بولسا، ئۇ ھالدا ئۇ ئەنزە سادىر بولغان نەق مەيدانغا بارغان بولۇشى كېرەك؛ ھازىر تەكشۈرۈش ئارقىلىق مەلۇم A نىڭ ئەنزە سادىر قىلغان ۋاقتىنىڭ يوقلۇقى، ياكى مەلۇم B نىڭ ئەنزە سادىر بولغان نەق مەيدانغا بارمىغانلىقى مەلۇم بولدى، شۇڭا، مەلۇم A ئەنزە سادىر قىلغۇچى ئەمەس، ياكى مەلۇم B ئەنزە سادىر قىلغۇچى ئەمەس.

## 2. تەخمىن خۇلاسىنىڭ سوت قىلىشتا قوللىنىلىشى

سوت قىلغۇچىلار مۇناسىۋەتلىك قانۇنلارنى تەتبىقلاپ جىنايەتچىلەرگە جازا ھۆكۈم قىلىشى لازىم. ئەمما جىنايەتچىلەر كۆپ ھاللاردا ئۆزىنىڭ جىنايى قىلمىشىنى ئۆزلۈكىدىن ئېيتىپ تاپشۇرۇشنى خالىمايدۇ. شۇڭا سوت قىلغۇچىلار مۇناسىۋەتلىك قانۇنلارنى توغرا تەتبىقلاپ،

ئىگىلىگەن دەلىل - ئىسپاتلار ئارقىلىق جىنايەتچىلەرگە ھەر جەھەتتىن ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى جىنايىتىنى تونۇپ، ئۆزىنىڭ جىنايى قىلمىشىنى تاپشۇرۇش، ياكى شېرىكلىرىنىڭ جىنايىتىنى پاش قىلىشقا مەجبۇر قىلىشى لازىم. بۇ جەرياندا تۆرلۈك لوگىكىلىق خۇلاسىلەرنى كۆپلەپ قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ھالبۇكى، تەكشۈرۈش خۇلاسە جايىدا قوللىنىلسا، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

مەلۇم بىر جىنايى ئىشلار دېلوسىنى سوت قىلغۇچى جاۋابكارنىڭ جىنايى پاكىتلىرىنى ئىگىلەپ بولۇپ، دەلىل - ئىسپاتلىرى تولۇق دەپ قارىغان بولسا، جاۋابكار ئىقرار قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن، جاۋابكارغا قانۇن بويىچە جازا ھۆكۈم قىلسا بولىدۇ. ئەگەر جاۋابكار تەلەي سىناپ، ئۆزىنىڭ جىنايى قىلمىشىنى تاپشۇرۇشتىن باش تارتسا، سوت قىلغۇچى تەكشۈرۈش خۇلاسىسىنى قوللىنىپ، جاۋابكارغا قائىدىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ جىنايى قىلمىشىنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلسا بولىدۇ. بۇنى كونكرېت مۇنداق ئىپادىلەشكە بولىدۇ:

قانۇننىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن:

ئەگەر سەن ئىقرار قىلساڭ، ساڭا جازا ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ؛ ئەگەر سەن ئىنقرار قىلمىساڭ، ساڭا يەنىلا جازا ھۆكۈم قىلىشقا بولۇۋېرىدۇ؛ سەن يا ئىقرار قىلىسەن، يا ئىقرار قىلمايسەن، قىسقىسى، ساڭا جازا ھۆكۈم قىلىشقا بولۇۋېرىدۇ. ئەگەر سەن كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىشقا ئېرىشمەكچى بولساڭ، ئۆزەڭنىڭ جىنايى قىلمىشىڭنى ئەينەن تاپشۇرۇشۇڭ كېرەك؛ ئەگەر سەن كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىشقا ئېرىشمەكچى بولساڭ، شېرىكلىرىڭنىڭ جىنايىتىنى پاش قىلىشىڭ كېرەك؛ سەن يا ئۆزەڭنىڭ جىنايىتىنى ئەينەن تاپشۇرمايسەن، يا شېرىكلىرىڭنىڭ جىنايىتىنى پاش قىلمايسەن؛ شۇڭا، سەن كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىشقا ئېرىشەلمەيسەن.

جاۋابكار سوت قىلغۇچىلارنىڭ تەكشۈرۈش خۇلاسىسىغا دۇچكەلگەندە گاڭگىراپ قالىدۇ، پايدا زىيىنىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندىن كېيىن، كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، قارارىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزىنىڭ جىنايىتىنى ئەينەن تاپشۇرىدۇ ياكى شېرىكلىرىنىڭ جىنايىتىنى پاش قىلىدۇ. ئەنزىنى سوت قىلىش پائالىيىتىدە، سوت قىلغۇچىلار ئۆزلىرى ئىگىلىگەن دەلىل - ئىسپات ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن، سورىغان سوئاللىرىدا تەكشۈرۈش خۇلاسىنى يوشۇرىدۇ ياكى تەكشۈرۈش خۇلاسىنى بىۋاسىتە قوللىنىپ، يولسىز تاكاللاشقان دەۋالاشقۇچىلارنى مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ نامۇۋاپىق تەلىپىدىن ۋاز كېچىشكە ياكى ئۆزلىرىنىڭ يالغان سۆزلىرىدىن يېنىپ، راست گەپ قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

بىز شېكسپىرنىڭ «ۋېنتسىيە سودىگىرى» دېگەن داڭلىق دراممىسىدىكى مۇنداق بىر ۋەقەلىكنى كۆرۈپ ئۆتەيلى. درامىدا ياش ئايال سوتچىنى رەھىمسىز جازانىخور سودىگەر شالوكنى ئۇستىلىق بىلەن مەغلۇپ قىلىدۇ. بۇنىڭدا ئۇ تەكشۈرۈش خۇلاسىدىن ئىبارەت بۇ كۈچلۈك قورالدىن پايدىلانغان.

ئانتونىئو جازانىخور شالوكتىن 3 ئايلىق مۇددەت بىلەن 3000 يۈەن نەق پۇل قەرز ئالىدۇ. توختامدا، ئۆسۈم ئېلىنمايدۇ، ئەگەر مۇددىتىنى توشۇپ قايتۇرالمىسا، ئانتونىئونىڭ كۆكرىكىدىن بىر قاداق گۆشنى كېسىۋېلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. شالوكنىڭ مەقسىتى ئانتونىئونى ئۆلۈم گىرۋىكىگە ئىتتىرىۋېتىپ، ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش ئىدى. 3 ئايلىق مۇددەت توشقاندا، ئانتونىئو قەرزنى قايتۇرالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن شالوك سوتقا ئەرز قىلىدۇ. سوتتا شالوك بىر قاداق گۆشنى كېسىۋالىمەن، پۇل قايتۇرسىمۇ ئالمايمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋالىدۇ. گۆشنى كېسىۋېلىنغاندىن كېيىن، ئانتونىئونىڭ قانسىراپ ئۆلۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ياش سوتچى شالوكقا

دوختۇر چاقىرىپ كەل، دەيدۇ. شالۇك: «ياق، قەرز توختامىدا بۇ ماددا يوق» دەپ چىڭ تۇرۇۋالىدۇ. ياش سوتچى شالوكنىڭ «قەرز توختامىدا بۇ ماددا يوق» دېگەن سۆزىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «شالۇك سىنىڭ ئانتونىئونىڭ بىر قاداق گۆشىنى كېسىۋېلىشىڭغا رۇخسەت قىلىنىدۇ، شەرت شۇكى، بىر تېمىممۇ قان چىقارمايسەن، كۆپ كېسىۋالساڭمۇ بولمايدۇ، ئاز كېسىپ قويساڭمۇ بولمايدۇ، دەل بىر قاداق كېسىۋالسەن، ئۇنداق قىلمايدىكەنسەن، خۇن تۆلەيسەن، مال - مۈلكۈڭنىڭ ھەممىسى مۇسادىرە قىلىنىدۇ.» بۇنىڭ بىلەن شالۇك ئىنتايىن قورقۇنچلۇق بىر تەڭقىس خۇلاسىگە دۇچ كەلگەنىدى:

ئەگەر سەن گۆشنى كېسىپ قان تېمىتساڭ، ئۇ ھالدا مال - مۈلكۈڭ مۇسادىرە قىلىنىدۇ؛ ئەگەر سەن كۆپ كېسىۋالساڭ ياكى ئاز كېسىپ قويساڭ، ئۇ ھالدا خۇن تۆلەيسەن ھەم مال - مۈلكۈڭ مۇسادىرە قىلىنىدۇ؛ سەن يا گۆشنى كېسىپ قان تېمىتىسەن، يا كۆپ، يا ئاز كېسىپ قويىسەن؛ شۇڭا، يا مال - مۈلكۈڭ مۇسادىرە قىلىنىدۇ، يا خۇن تۆلەيسەن، بۇ مۇنداق دېگەنلىك باراۋەر ئىدى: «ئەگەر سەن — شالۇك گۆشنى كېسىۋېلىشتا چىڭ تۇرساڭ، خۇن تۆلەيسەن ھەم مال - مۈلكۈڭ مۇسادىرە قىلىنىدۇ». بۇنىڭدا شالۇكنىڭ مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىدا شەك يوق ئىدى. بۇنداق قورقۇنچلۇق ھۆكۈمگە دۇچ كەلگەن شالۇك: «پۇلنىڭ دىرىنىلا قايتۇرۇپ بەرسۇن، مەن كېتىپ قالاي» دەپ يالۋۇرىدۇ. ئەمما ياش سوتچى: «توختامدا بۇ ماددىنىڭ يوق» لىقىنى ھەمدە شالۇكنىڭ بۇرۇنلا بۇنى رەت قىلغانلىقىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ سۆزىنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ شالۇك گۆشنى كېسىۋالالمايدۇ، دىرىنىمۇ ئالالمايدۇ. بۇ يەردە شالۇك يەنە بىر تەڭقىس خۇلاسىگە دۇچ كەلگەنىدى:

ئەگەر سەن گۆشنى كېسىۋېلىشتا چىڭ تۇرساڭ، ھەم خۇن تۆلەيسەن، ھەم مال - مۈلكۈڭ مۇسادىرە قىلىنىدۇ.

ئەگەر سەن دىرىنى ئالىمەن دېسەڭ، قانۇندا بۇ ماددا يوق ھەم سەن بۇنى بۇرۇنلا رەت قىلغان.

سەن ياكى گۆشنى كېسىۋېلىشتا چىڭ تۇرىسەن ياكى دىرىنى ئېلىشتىن ۋاز كېچىسەن.

شۇڭا، سەن بەربىر خۇن تۆلەيسەن ھەم مال - مۈلكۈڭ مۇسادىرە قىلىنىدۇ، ھەم دىرىنى ئالالمايسەن. شۇنداق قىلىپ شالۇك ھەم گۆشنى كېسىۋالالمايدۇ، ھەم پۇلنىڭ دىرىنىمۇ ئېلىپ كېتەلمەيدۇ. شالۇك پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولۇپ، ئۈمىدسىزلەنگەن ئەھۋالدا غىپپىلا قىلىپ تىكىۋەتمەكچى بولىدۇ. لېكىن ياش سوتچى يەنە قانۇننىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرى بويىچە لوگىكىلىق خۇلاسىدىن پايدىلىنىپ، شالۇك «مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان قاتىللىق جىنايىتى» ئۆتكۈزگەن دەپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ. دېمەك شالۇك مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىشتەك شەرمەندە ئاقىۋەتكە قالىدۇ. بۇ يەردە سوتچىنىڭ لوگىكىلىق خۇلاسىسى بولۇپمۇ تەڭقىس خۇلاسىسى سوراق قىلىش جەريانىدا مۇھىم رول ئوينىغان.

### 3. تەڭقىس خۇلاسىنىڭ سوت مۇنازىرىسىدە قوللىنىلىشى

سوت مۇنازىرىسىدە، ئەرز قىلغۇچى تەرەپ بىلەن مۇنازىرە قىلغۇچى تەرەپ رەقىبىنىڭ كۆز قارىشىغا رەددىيە بېرىش ياكى تارشى تەرەپنىڭ يالغان سۆزلىرىنى ئېچىپ تاشلاپ، مۇنازىرىدە ئۈستۈنلۈك قازىنىش مەقسىتىدە تەڭقىس خۇلاسىنى قوللىنىدۇ.

بۇ جەھەتتە مۇنداق بىر ئەنزىنى مىسال كەلتۈرەيلى: A، B ئىككەيلەننىڭ ئاداۋىتى بار، بىر كۈنى ئۇلار بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالىدۇ. A B نىڭ تەييارلىقسىز تۇرغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئالدىن تەييارلاپ قويغان پىچىقى بىلەن B نىڭ كۆكرىكىگە كۈچەپ بىر پىچاق تىقىدۇ، B يارىلانغاندىن كېيىن، جېنىنىڭ بېرىچە قاچىدۇ ھەم قۇتقۇزۇڭلار دەپ توۋلايدۇ. A يەنە قوغلاپ بېرىپ B نىڭ دۈمبىسىگە كۈچەپ ئىككى پىچاق تىقىدۇ. بۇنىڭدىن بىرى يۈرىكىگە كىرىپ

كەتكەچكە B ئۆلىدۇ. ئەيىبلەشنامىدە «جاۋابكار A قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتىنى ئۆتكۈزگەن» دەپ بېكىتىلگەن. جاۋابكارنىڭ ئاقلىغۇچىسى A قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتىنى شەكىللەندۈرمىگەن، قەستەن زەخىملەندۈرۈش جىنايىتىنى شەكىللەندۈرگەن دەپ قارايدۇ. ئەيىبلىگۈچى ئاقلىغۇچىنىڭ كۆز قارىشىغا رەددىيە بېرىپ، مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ:

ئەگەر جاۋابكارنىڭ قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش غەرىزى بولمىسا، ئۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ كۆكرىكىگە كۆچەپ بىر پىچاق تىقمايدۇ؛ ئەگەر جاۋابكارنىڭ قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش غەرىزى بولمىسا، ئۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى يارىلىنىپ قاچقاندىن كېيىن، يەنە قوغلاپ بېرىپ ئەجەللىك يېرىگە ئارقا - ئارقىدىن ئىككى پىچاق تىقمايدۇ؛ ئەمەلىيەتتە جاۋابكار زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ كۆكرىكىگە كۆچەپ بىر پىچاق سالغان ھەمدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى قاچقاندىن كېيىن يەنە قوغلاپ بېرىپ ئۇنىڭ ئەجەللىك يېرىگە ئارقا - ئارقىدىن ئىككى پىچاق سالغان؛ شۇڭا، جاۋابكارنىڭ قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش غەرىزى بار ھەمدە ئادەم ئۆلتۈرۈش قىلمىشىنى سادىر قىلغان، شۇڭا جاۋابكار قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ يەردە ئەيىبلىگۈچى تەڭقىس خۇلاسىدىن پايدىلىنىپ، ئاقلىغۇچىنىڭ قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش غەرىزى يوق دېگەن كۆز قارىشىغا رەددىيە بەرگەن ھەم ئەيىبلەشنامىدە جاۋابكار A قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتىنى ئۆتكۈزگەن دەپ بېكىتىلگەنلىكىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىغان.

يۇقىرىدىكى بەزى ئەنزە مىساللىرىنىڭ تەھلىل قىلىنىشىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەيلى جىنايى ئىشلارنى تەھقىقلەشتە بولسۇن ياكى سوت قىلىشتا بولسۇن ياكى سوت مۇنازىرىسىدە بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە تەڭقىس خۇلاسە ئۆزىنىڭ غايەت زور كۈچ - قۇدرىتىنى نامايان قىلىدۇ، بولۇپمۇ سوت مۇنازىرىسىدە تەڭقىس خۇلاسىنى ماھىرلىق بىلەن قوللانغان كىشى رەقىبىنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، ئۆزىنى پايدىلىق ئورۇنغا ئىگە قىلالايدۇ.

مۇنازىرە جەريانىدا، مۇنازىرە قىلغۇچى ئىككى تەرەپ تەڭقىس خۇلاسىنى قوللىنىشى مۇمكىن. بولۇپمۇ بەزى نەيرەڭۋازلار دائىم تەڭقىس خۇلاسىدىن پايدىلىنىپ نەيرەڭۋازلىق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خاتا بىر تەڭقىس خۇلاسىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

تەڭقىس خۇلاسىنى توغرا قوللىنىپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئىككى نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك. بىرى، ئاساس بولغان شەرتلىك ھۆكۈم بىلەن تاللانما ھۆكۈم ھەقىقىي بولۇشى كېرەك. يەنە بىرى، خۇلاسە شەكلى توغرا بولۇشى كېرەك، يەنى شەرتلىك خۇلاسە بىلەن تاللانما خۇلاسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك قائىدىلىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلىنىشى كېرەك. پەقەت تەڭقىس خۇلاسىدىكى ئاساس بولغۇچى ھۆكۈمنىڭ ھەقىقىيلىقىغا ھەم خۇلاسە شەكلىنىڭ توغرىلىقىغا كاپالەتلىك قىلغاندىلا، ئاندىن تەڭقىس خۇلاسىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغىلى بولىدۇ. ئەگەر مۇنازىرىدە قارشى تەرەپنىڭ خاتا تەڭقىس خۇلاسىنى قوللانغانلىقى بايقالسا، ئاساس بولغان ھۆكۈمنىڭ ساختا بولغانلىقى ياكى خۇلاسە شەكلىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتىن رەددىيە بەرگىلى بولىدۇ، شۇنداقلا ئەكسى بىر تەڭقىس خۇلاسە ھاسىل قىلىپ رەددىيە بەرگىلىمۇ بولىدۇ.

مەسىلەن، بەزىلەر: «ئادۋوكاتلارنىڭ ئاقلاش ئېلىپ بېرىپ، سوت پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشى ئارتۇق ئىش» دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاساسى مۇنداق:

ئەگەر سوت دېلونى ئادىل ئىشلىسە، ئۇ ھالدا سوتقىلا ئەرز قىلىنسا بولىدۇ، ئادۋوكاتلارنىڭ ئاقلاش ئېلىپ بېرىپ، سوت پائالىيىتىگە

قاتنىشىشى ئارتۇق ئىش؛ ئەگەر سوت دېلونى ئادىل ئىشلىمىسە، ئۇ ھالدا ئادۋوكاتلارنىڭ ئاقلاش پىكرى سوت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئادۋوكاتلارنىڭ ئاقلاش ئېلىپ بېرىپ سوت پائالىيىتىگە قاتنىشىشى يەنىلا ئارتۇق ئىش؛ سوت ياكى دېلونى ئادىل ئىشلەيدۇ، ياكى ئادىل ئىشلىمەيدۇ، شۇڭا، ئادۋوكاتلارنىڭ ئاقلاش ئېلىپ بېرىپ سوت پائالىيىتىگە قاتنىشىشى ئارتۇق ئىش.

بۇ تەتقىس خۇلاسە خاتا، چۈنكى ئۇنىڭ شەرتلىك ئاساسىي ساختا، شەرت بۆلۈكى بىلەن نەتىجە بۆلۈكى ئوتتۇرىسىدا يېتەرلىك شەرتكە ئاساسلانغان شەرتلىك باغلىنىش يوق. بۇ تەتقىس خۇلاسىگە قارىتا بىز بىر ئەكسى تەتقىس خۇلاسە ھاسىل قىلىپ رەددىيە بەرسەك بولىدۇ:

ئەگەر سوت دېلونى ئادىل ئىشلىسە، ئۇ ھالدا ئادۋوكات سوتقا ھەمكارلىشىپ، پاكىتنى ئېنىقلاپ، ئەنزە بېجىرىش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرسە بولىدۇ، ئەگەر سوت دېلونى ئادىل ئىشلىمىسە، ئادۋوكاتنىڭ ئاقلاش ئېلىپ بېرىپ سوت پائالىيىتىگە قاتنىشىشى ناھايىتى زۆرۈر؛ سوت ياكى دېلونى ئادىل ئىشلەيدۇ، ياكى ئادىل ئىشلىمەيدۇ؛ قىسقىسى، ئادۋوكاتنىڭ ئاقلاش ئېلىپ بېرىپ، سوت پائالىيىتىگە قاتنىشىشى ناھايىتى زۆرۈر.

ئەگەر تەتقىس خۇلاسىدە خۇلاسە قائىدىلىرىگە خىلاپلىق قىلىنغان بولسا، خۇلاسە شەكلىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر مەلۇم كىشى ئىقتىسادىي جەھەتتە جىنايەت ئۆتكۈزسە، ئۇ ھالدا ئۇ قانۇن جازاسىغا تارتىلىدۇ؛ ئەگەر مەلۇم كىشى سىياسىي جەھەتتە جىنايەت ئۆتكۈزسە، ئۇمۇ قانۇن جازاسىغا تارتىلىدۇ؛ مەلۇم كىشى ياكى ئىقتىسادىي جەھەتتە جىنايەت ئۆتكۈزمىگەن ياكى سىياسىي جەھەتتە جىنايەت ئۆتكۈزمىگەن؛ شۇڭا، ئۇ قانۇن جازاسىغا تارتىلمايدۇ.

بۇ تەتقىس خۇلاسىنىڭ شەكلى خاتا بولۇپ، ئۇنىڭدا خۇلاسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك قائىدىلىرىگە خىلاپلىق قىلىنغان، يەنى «شەرت بۆلۈكى ئەستىقلانسا، نەتىجە بۆلۈكىنىمۇ ئەستىقلاشقا بولىدۇ، لېكىن شەرت بۆلۈكى ئىنكار قىلىنسا، نەتىجە بۆلۈكىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ» دېگەن قائىدىگە خىلاپ. شۇڭا بۇ تەتقىس خۇلاسىنىڭ تاللانما ئاساسىدا شەرتلىك ئاساسىنىڭ شەرت بۆلۈكىنى ئىنكار قىلىش، يەكۈنىدە ئۇنىڭ نەتىجە بۆلۈكىنى ئىنكار قىلىش خاتا.

دېمەك، بىز يۇقىرىقىلاردىن تەتقىس خۇلاسىنىڭ ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ خىل خۇلاسە شەكلىنى پۇختا ئىگىلىۋېلىش ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

# بالدۇر نىكاھلىنىشقا سەۋەب بولىدىغان ئامىللار ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى

ھەمرا مۇھەممەت

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، ئېلىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ساقلىنىۋاتقان بالدۇر نىكاھلىنىش ھادىسىلىرىنىڭ سەۋەبلىرى، زىيىنى ۋە بۇ ھادىسىلەرنى تۈگىتىشنىڭ تەدبىرلىرى قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ.

(1)

بالدۇر نىكاھلىنىش، قانۇن جەھەتتىن ئېيتقاندا، نىكاھلانغۇچى ئىككى تەرەپنىڭ ياكى بىر تەرەپنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن نىكاھلىنىش يېشىغا يەتمەي تۇرۇپ ئەر خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرۈشتەك قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنى كۆرسىتىدۇ.

دۆلىتىمىزنىڭ نىكاھ قانۇنىنىڭ 5 - ماددىسىدا: «نىكاھلىنىش يېشى ئوغۇللارنىڭ 22 ياش، قىزلارنىڭ 20 ياشتىن تۆۋەن بولماسلىقى شەرت» دەپ بەلگىلەنگەن. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنىنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمىسى» دە «نىكاھلىنىش يېشى ئوغۇللارنىڭ 20 ياشتىن، قىزلارنىڭ 18 ياشتىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك» دەپ كۆرسىتىلگەن. بىراق، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئېلىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بالدۇر نىكاھلىنىش ھادىسىسى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. بۇنى تۆۋەندىكى سانلىق مەلۇماتلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ: 1990 - يىلى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان 4 - قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندا، 1990 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئەمەلىي نىكاھلانغانلار تەخمىنەن 12 مىليون 150 مىڭ جۈپكە يەتكەن، شۇ يىلى خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىغا بېرىپ نىكاھلىنىش رەسمىيىتىنى بېجىرگەنلەر 9 مىليون 500 مىڭ بولۇپ، ئەمەلىي نىكاھلانغانلارنىڭ 2.78 پرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. شۇ يىلى بالدۇر نىكاھلىنىۋالغانلار 1 مىليون 598 مىڭ جۈپكە يېتىپ، ئەمەلىي نىكاھلانغانلارنىڭ 13.15 پرسەنتىنى ئىگىلىگەن.

ھەرقايسى جايلارنىڭ بالدۇر نىكاھلىنىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بالدۇر نىكاھلىنىش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، 1990 - يىلى 32.8 پرسەنتكە يەتكەن، بۇ نىسبەت مەملىكەت بويىچە شۇ يىلقى بالدۇر نىكاھلىنىشنىڭ ئوتتۇرىچە نىسبىتىدىن 13.15 پرسەنتتىن 19.65 پرسەنتكىچە يۇقىرى بولغان. يۇقىرىقى سانلىق

مەلۇماتلاردىن مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ بالدۇر نىكاھلىنىش نىسبىتىدە زور پەرق بارلىقىنى، ئاپتونوم رايونىمىزدا بالدۇر نىكاھلىنىش قىلمىشى ئەڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بالدۇر نىكاھلىنىش قانۇندا بەلگىلەنگەن نىكاھلىنىش يېشى بىلەن قارىمۇ قارشى بولۇپ، ئۇ نىكاھ مۇناسىۋىتى ئورنىتىلغاندا، ئىككى تەرەپ ياكى بىر تەرەپنىڭ يېشى قانۇندا بەلگىلەنگەن نىكاھلىنىش يېشىغا يەتمىگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. بالدۇر نىكاھلىنىش خاراكتېر جەھەتتىن قانۇنغا خىلاپ بولۇپ، ئۇ مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. يەنى مەزمۇن جەھەتتە ئۇ قانۇندا بەلگىلەنگەن نىكاھلىنىش يېشى بىلەن قارىمۇ قارشى، شەكىل جەھەتتە بولسا نىكاھلىنىش تەرتىپىگە خىلاپ.

(2)

بالدۇر نىكاھلىنىش ھادىسىلىرىنىڭ جەمئىيىتىمىزدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە ئەۋج ئېلىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدىغان ئامىللار ھەر خىل بولۇپ، ئۇنى تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتكە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1) فېئوداللىق نىكاھ ـ ئائىلە مۇناسىۋىتىنىڭ تەسىرى. بۇ خىل مۇناسىۋەت بالدۇر نىكاھلىنىشقا بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك تۈرتكە بولۇش ۋە قىزىقتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن، نىكاھلىنىش شەخسنىڭ ياكى ئائىلىنىڭ خۇسۇسىي ئىشى؛ بالدۇر نىكاھلىنىپ بالدۇر پەرزەنت كۆرسە، بالدۇر روناق تاپىدۇ دېگەنگە ئوخشاش ھەر خىل كۆز قاراشلار تۈپەيلىدىن بالدۇر نىكاھلىنىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ۋە بالدۇر نىكاھلىنىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. بۇ خىل قاراشلار ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان نىكاھ قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە زىت. لېكىن، ئۇ جەمئىيەتتە مەلۇم ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل قاراشلارنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆزگەرتىپ كېتىش تۆگەتكىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، بۇرژۇئا نىكاھ ئەخلاقىنى ئاساس قىلىدىغان نىكاھ ـ ئائىلە مۇناسىۋىتىنىڭ تەسىرىمۇ خېلى زور.

2) ماددىي تۇرمۇش شارائىتى جەھەتتىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىق بالدۇر نىكاھلىنىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مۇئەييەن ئىقتىسادىي شارائىت، شۇ شارائىتتا ياشىغان كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجى ۋە مەنپەئىتىنى بەلگىلەيدۇ ۋە ئۇنى چەكلىمىگە ئۇچرىتىدۇ. بالدۇر نىكاھلىنىۋېلىش ھادىسىلىرىنىڭ ئاساسەن نامرات رايونلاردا كۆپ بولۇشى نىكاھ مۇناسىۋىتىنىڭ ئىجتىمائىي، ماددىي تۇرمۇش شارائىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىكىك مۇھىت، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى نامراتلىق، مەدەنىيەت جەھەتتىكى قالاقلىق كىشىلەرنى ئىختىيارىي ھالدا جۈرە تاللاش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلىپ، ئاسانلا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ، بۇرۇنقىلارنىڭ نىكاھ ئىشلىرىنى ئۆرنەك قىلىدىغان قىلىپ قويىدۇ. بۇمۇ بالدۇر نىكاھلىنىشقا بەلگىلىك تۈرتكە بولىدۇ.

3) نىكاھ قانۇنىنىڭ تازا مۇكەممەل بولمىغانلىقى، نىكاھ ئىشلىرىنىڭ قاتتىق باشقۇرۇلمىغانلىقى بالدۇر نىكاھلىنىشقا پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ. نىكاھ قانۇنى ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنى ئىجرا قىلىش جەھەتتە بەزى يوچۇقلارنىڭ ساقلانغانلىقى بالدۇر نىكاھلىنىش ھادىسىلىرىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىگە پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن. مەسىلەن، مەملىكەت بويىچە نىكاھلىنىش يېشىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئاقما نوپۇس بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇلار ئارىسىدا بالدۇر نىكاھلىنىۋېلىش ھادىسىلىرى ئېغىر. لېكىن بۇ خىل ھالەت ھازىرغىچە ئۈنۈملۈك كونترول قىلىنمىدى، يېزىلاردا نىكاھ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش چاتاق تۈزۈلمىدى. بۇمۇ يېزىلاردا بالدۇر نىكاھلىنىۋېلىش ھادىسىلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە پۇرسەت يارىتىپ بەردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە نىكاھ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىمىز تازا مۇكەممەللەشمىگەن. بەزى نىكاھ ئىشلىرىنى

باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ ھوقۇق - مەجبۇرىيىتى ئېنىق بولمىغان. بۇ ئورۇنلارنى نازارەت قىلىش ئەمەلىيلەشمىگەن. نوپۇس تىزىملاش ئورۇنلىرىنىڭ نوپۇزى تىكلەنمىگەن. بۇ ئورۇنلاردىكى بەزى خىزمەتچى خادىملارنىڭ سۈپىتى تۆۋەن. بۇ ئورۇنلاردا نىكاھ رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بېرىپلا، نىكاھ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا، نازارەت قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىك، جەمئىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، نىكاھ قانۇنى توغرىسىدا تەشۋىق تەربىيە ئېلىپ بارماسلىق، نىكاھلىنىش يېشى توغرىسىدىكى ئىسپاتنامىنى ئەستايىدىل تەكشۈرمەسلىك قاتارلىق مەسىلىلەر مەۋجۇت بولۇپ، بۇمۇ بالدۇر نىكاھلىنىۋېلىش قىلمىشىغا يوچۇق ھازىرلاپ بەرگەن.

3

بالدۇر نىكاھلىنىشنىڭ زىيىنى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، بالدۇر نىكاھلىنىۋېلىشنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا ئەگىشىپ يۈز بېرىدىغان قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلار جەمئىيەتكە پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە جەمئىيەتتە تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئالايلۇق، بالدۇر نىكاھلىنىش كىشىلەرنىڭ سوتسىيالىستىك نىكاھ - ئائىلە قارىشىغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلاردا نىكاھلىنىش جەھەتتىكى ئەركىنلىشىش خاھىشىنى كۈچەيتىدۇ. فېئودالىزم ۋە بۇرژۇئازىيىنىڭ نىكاھ - ئائىلە قارىشىنىڭ جانلىنىشى ۋە بازار تېپىشىغا پۇرسەت ھازىرلايدۇ. نۇرغۇن ياشلارنى ئۆزلىرىگە پايدىسىز بولغان مۇھىتقا ئىتتىرىپ، ئۇلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشىنى ئەگرى - توقايلىققا باشلايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە زىيانلىق. بالدۇر نىكاھلىنىش، بالدۇر پەرزەنتلىك بولۇش نوپۇسنىڭ تېز كۆپىيىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ ۋە نوپۇسنىڭ سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، نوپۇسنى تىزگىنلەش سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

4

ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تۈرلۈك مۇرەككەپ مەسىلىلەر بالدۇر نىكاھلىنىش قىلمىشىنى تۈپتىن تۈگىتىشنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىكلىكى ۋە قىيىن بولۇشىنى بەلگىلىگەن. بۇ قىلمىشنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەش ۋە تەل - تۆكۈس تۈگىتىش ئۈچۈن يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پۇقرالارنىڭ جۈملىدىن دېھقانلارنىڭ ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرگەندىن باشقا مۇھىم تۆۋەندىكى بىر قاتار خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ.

1) نىكاھ قانۇنىنى تەشۋىق قىلىش، ئىجرا قىلىشنى كۈچەيتىش. بۇ ھەقتىكى بەلگىلىمىلەرنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە نىكاھ قانۇنىنى، بۇ ھەقتىكى بەلگىلىمىلەرنى قەتئىي ئىجرا قىلىش لازىم. نىكاھ قانۇنى ۋە بۇ ھەقتىكى بەلگىلىمىلەر توغرىسىدىكى تەشۋىق - تەربىيىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق كەڭ ئاممىنىڭ نىكاھ قانۇنى توغرىسىدىكى ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، نىكاھ قانۇنى ۋە بۇ ھەقتىكى بەلگىلىمىلەرنى ئىجرا قىلىشنى ئاممىنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك. كەڭ ئاممىغا بالدۇر نىكاھلىنىشنىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىش ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇتۇش بىلەن بىللە، ئەمەلىي خىزمەتلەردە كونكرېت ئەھۋالنى كونكرېت ھەل قىلىش لازىم. مەسىلەن، بالدۇر نىكاھلانغۇچىلار يېشىنى يالغان مەلۇم قىلىش ئارقىلىق نىكاھ خېتى ئېلىۋالغان بولسا، ئۇلارغا قاتتىق تەنقىد ۋە تەربىيە بەرگەندىن باشقا، نىكاھنى تىزىملاش ئورگانلىرى ئۇلارنىڭ نىكاھ خېتىنى قايتۇرۇۋېلىشى ياكى ئۇلارنىڭ نىكاھ خېتىنى ئىناۋەتسىز دەپ ئېلان قىلىشى لازىم.

نىكاھ قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىلىرىنى تولۇق

چۈشەنمەسلىك ياكى ئەنئەنىۋى ئادەت كۈچىنىڭ تەسىرى بىلەن بالدۇر نىكاھلىنىپ قالغانلار بولسا، نىكاھنى تىزىملاش ئورۇنلىرى ئۇلاردىن ۋاقتىنچە ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈشنى تەلەپ قىلىش، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ يېشى قانۇندا بەلگىلەنگەن نىكاھلىنىش يېشىغا يەتكەندە ئاندىن ئۇلارغا نىكاھلىنىش رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرىش لازىم.

2) نىكاھ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى نازارەتنى كۈچەيتىش لازىم. ئالدى بىلەن نىكاھنى تىزىملاش ئورۇنلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش، ئۇلارنىڭ نوپۇزىنى تىكلەش، نىكاھنى تىزىملاش ئورۇنلىرىدىكى خادىملارنىڭ سىياسىي، كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۇلارنىڭ ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئۆزلىرىدىكى نىكاھنى تىزىملاش ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ ئۇلارنىڭ شتات، مالىيە ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىشى، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى نازارەت قىلىپ تۇرۇشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك نىكاھنى تىزىملاش ئورگانلىرى ئۆز خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىشى، ئاز ساندىكى خادىملار ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان نىكاھ خىزمىتى ئىشلىرىدا «ئارقا ئىشىكتىن مېڭىش»، «پارا ئېلىش» تەك قىلمىشلارنى ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلىشى، بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان خادىملارنى تەقدىرلىشى ۋە مۇكاپاتلىشى لازىم.

3) تۈرلۈك ئىقتىسادىي ۋە مەمۇرىي ۋاستىلەر ئارقىلىق بالدۇر نىكاھلانغۇچىلارنىڭ ماددىي مەنپەئىتىگە چەك قويۇش لازىم. بەزى جايلارنىڭ تەجرىبىلىرىگە ئاساسلانغاندا، بالدۇر نىكاھلانغۇچىلارغا تۆۋەندىكىدەك ئىقتىسادىي، مەمۇرىي ۋاستىلەرنى قوللىنىشقا بولىدۇ:

(1) ئىقتىسادىي جەھەتتە جەرىمانە قويۇش يەنى بالدۇر نىكاھلانغۇچىلارنىڭ قىلمىشىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ، بىر قېتىملىق ياكى ئۇزۇن مۇددەتلىك جەرىمانە قويۇش؛ (2) بالدۇر نىكاھلىنىشنى تىزگىنلەش ۋە تۇغۇتنى نوپۇس باشقۇرۇش خىزمىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بالدۇر نىكاھلانغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى نوپۇسقا ئالماسلىق؛ (3) يېزىلاردا بالدۇر نىكاھلانغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە مەسئۇلىيەت ئېتىزى، تۇرالغۇ جاي ئورنى بەرمەسلىك؛ (4) بالدۇر نىكاھلانغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولۇش سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلاش؛ (5) بۇ خىزمەتنى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بالدۇر نىكاھلانغۇچىلارغا پەرزەنت كۆرۈش سان كۆرسەتكۈچى بەرمەسلىك، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە پىلاندىن سىرت تۇغۇلغان پەرزەنت قاتارىدا مۇئامىلە قىلىش؛ (6) بالدۇر نىكاھلانغۇچىلارنىڭ كان - كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلارنى ھۆددىگە ئېلىش سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلاش؛ (7) بالدۇر نىكاھلانغۇچىلارنى پارتىيە - ئىتتىپاق تەشكىلىگە قوبۇل قىلماسلىق، ئۇلارنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرمەسلىك، يېزا نوپۇسدىكىلەرنى شەھەر نوپۇسىغا ئالماسلىق لازىم ۋە باشقىلار.

مېنىڭچە، ھەرقايسى جايلار ۋە ئورۇنلار يۇقىرىقى تەجرىبىلەردىن ئۆزلىرىگە مۇۋاپىق كېلىدىغانلىرىنى تاللاپ ياكى ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ئۇنى ھۆججەت قاتارىدا تارقىتىشى، نىكاھ قانۇنى توغرىسىدىكى تەشۋىق - تەربىيىنى كۈچەيتىشى، ھەمدە نىكاھ قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، بالدۇر نىكاھلىنىۋېلىش قىلمىشىنى تىزگىنلىگىلى ۋە تۈگەتكىلى بولىدۇ.

# ئۇيغۇرلاردىكى ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا

ئەھمەد سۇلايمان

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، ئۇيغۇرلاردىكى ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنىڭ تارىخىي مەنبەسى نۇرغۇن ئىلمىي پاكىتلار ئاساسىدا قىسقىچە بايان قىلىندۇ.

1

ئۇيغۇرلار ئاسىيادىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلار تارىختىن بۇيان ئۆزىگە خاس مىللىي مەدەنىيەت يارىتىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ رەڭگا رەڭ مەدەنىيەت غەزىنىسىنى بېيىتىش، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش ۋە ئىلگىرى سۈرۈشتە زور تۆھپىلەرنى قوشقان مىللەتتۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق مىللىي مەدەنىيەت تارىخىدا، خوتۇن - قىزلارنىڭ ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتى ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۈردى ۋە راۋاجلاندۇردى. ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە ئېستېتىك كۆزقاراشلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈشتىلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك شەكىللىنىش جەريانىنى ئېنىقلاشتىمۇ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلاردىكى بۇ خىل ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنىڭ مەنبەسى، راۋاجى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئېستېتىك كۆزقارىشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا تېخى مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغىنى يوق. بىراق تارىخىي يازما مەنبەلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلارغا ئاساسلىنىپ، ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىدىكى ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنىڭ يىراق قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزدىن تارتىپ ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مىللىي ئەنئەنىلىرىمىزنىڭ ۋە تارىختىن بۇيانقى ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا شەكىللەنگەن ئېستېتىك ھېس، چۈشەنچىلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ تەبىئەت جىسىملىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ جېنى بار دەپ قارايدىغان ئانىمىزملىق دىنىي ئېتىقادچىلىقى ئاساسىدا كېلىپ چىققان ئادەت ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىن.

2

نۆۋەتتە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىملار جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى يازما مەنبەلەر ۋە ھەرقايسى جايلاردىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى قەدىمدە جۇڭگونىڭ شىمالى ۋە غەربىي

شىمالىدا ياشىغان خەلقلەردىن شيا، شياڭ، جوۋ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى گۈيپاڭلار (يەنە بىر ئاتالغۇسى دىلار — ئۇلار ھونلارنىڭ ئەجدادى)؛ خەن، ۋېي سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى دىڭ لىڭلار؛ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى قانقىللار (ئېگىز ھارۋىلىقلار)؛ سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى تېلىلار ۋە خۇيخېلار ① بىلەن شۇنىڭدەك تارىم ئويمانلىقى بويلىرىدا، تەڭرى تاغ، ئالتاي تېغى ئېتەكلىرىدە ياشىغان ساك، توخرى، ھون، دىڭ لىڭ، ئوغۇز، چاڭ قاتارلىق قەۋملەر بىلەن باغلاپ تەتقىق قىلىشنى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىلمىي قاراش دەپ ھېسابلاشماقتا. بۇ ھەقتە بىرمۇنچە ئەسەرلەرمۇ ئېلان قىلىندى. ②

3

خەنزۇچە كلاسسىك ئەسەرلەردىن، «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»، «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» ۋە «كونا بەش دەۋر تارىخى. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە بىردەك «ئۇيغۇرلار ھونلارنىڭ ئەۋلادى» دېيىلگەن. ھازىرقى زامان ئالىملىرىمۇ بۇ پىكىرنى قۇۋۋەتلەپ كەلمەكتە. گەرچە بىز «تارىخىي خاتىرىلەر. ھون تەزكىرىسى» ۋە «خەننامە. ھون تەزكىرىسى» قاتارلىق ماتېرىياللاردا ھونلارنىڭ ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنىڭ بولغان - بولمىغانلىقىغا دائىر بىۋاستە ماتېرىياللارنى تېخى ئۇچراتمىغان بولساقمۇ، بىراق ھونلارغا سۇناسىۋەتلىك باشقا ئەسەرلەر، تەزكىرە ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلاردىن ھونلارنىڭ ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنىڭ بولغانلىقىغا ئائىت بەزى ماتېرىياللارنى ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن، «خەننامە» دىكى «لى گۇاڭ — سۇجيە نىنىڭ تەرجىمىھالى» قىسمىدا ھونلارغا ئەسىرگە چۈشكەن، ئەسلى خەن سۇلالىسى قوماندانلىرىدىن بولغان لى لىڭ بىلەن ۋېيلۈيلەرنىڭ ھونچە ياسىنىۋېلىپ، خەن سۇلالىسىدىن ھون قاغانلىقىغا ئەلچى بولۇپ كەلگەن ئەلچىلەرنى كۈتۈۋالغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن: «لى لىڭ بىلەن ۋېيلۈيلەر كالاگۆشى ۋەھاراق بىلەن خەن ئەلچىلىرىنى كۈتۈۋېلىشتى، لى لىڭ بىلەن ۋېيلۈيلەر ھەر ئىككىلىسى ھونچە كىيىنىپ، چېچىنى تۈرۈۋالغان ئىدى». ③ سۇنجى ئەپەندى «چېچىنى تۈرۈۋېلىش» دېگەننى مۇلاھىزە قىلىپ «چېچىنى تۈرۈۋالماق دېگەنلىك چېچىنى ئارقىسىغا ساڭگىلىتىۋېلىشقا قارىتىپ ئېيتىلغان بولۇپ، مەنىسى چېچىنى دۈمبىسىگە ساڭگىلىتىۋېلىش دېگەنلىكتۇر» ④ دەيدۇ. ھونشۇناس لىن گەن ئەپەندى بۇ ھەقتە توختىلىپ: «چېچىنى ساڭگىلىتىۋېلىش دېگەنلىك چېچىنى قويۇۋېتىش (ئۇزۇن ئۆستۈرۈش) دېگەنلىك» ⑤ دەيدۇ. دېمەك، بىز «خەننامە» دىكى يۇقىرىقى خاتىرىلەر ئاساسىدا ھونلاردا ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنىڭ بولغانلىقىنى ئېنىق پەرەز قىلالايمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن بۇيان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىش جەريانىدا مەلۇم بولغان ھونلارغا دائىر يادىكارلىقلاردىن قارىغاندىمۇ، ھونلارنىڭ ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنىڭ بولغانلىقى ئىسپاتلىنىپ چىقتى.

1924 — 1925 - يىللىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگى پ. ك. كوزلوۋ موڭغۇلىيىدىكى سېلىنگا دەرياسى بويىدىكى نويان تېغى باغرىدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى I ئەسىردىن مىلادى I ئەسىرگىچە بولغان دەۋردىكى ھونلار قەۋرىستانلىقىنى تېپىپ قېزىش ئېلىپ بارغان. بۇ ھەقتىكى ماتېرىيالدا «بىر قەۋرىدىن 17 تال ئۆرۈمە چاچ، يەنە بىر قەۋرىدىن چوڭ بىر ئۆرۈمە چاچ تېپىلدى. بۇ ئۆرۈمە چاچنىڭ يۇقىرى قىسمىغا قىزىل يىپ باغلانغان بولۇپ، ئاياللارنىڭ ئۆرۈمە چېچىغا بەكمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ» ⑥ دېيىلگەن. مانا بۇ قەدىمكى ھونلارنىڭ يەر ئاستىدىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ماددىي ئىسپاتلىرى بولۇپ، ھونلارنىڭ ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش ئىكەنلىكىنى جۇشەندۇرۇپ بېرىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ليۇباۋەن دېگەن كىشى يازغان «مۇھاكىمە

ۋە بايان. ئادالەتلىك نەمۇنىگە ئىزاھ» («论语正义宪向章注») دېگەن ئەسەردە «تاغ روڭلىرى (شيەنروڭ) ئۆرۈمە چاچ قوياتتى» دېيىلگەن. بۇ يەردە زىكرى قىلىنىۋاتقان «تاغ روڭلىرى» ھەققىدە «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇن تەزكىرىسى» دە: «ھۇنلار تاڭ، يۇ زامانلىرىدىن ئىلگىرى «تاغ روڭلىرى» دەپ ئاتىلاتتى»⑦ دەپ ئىزاھلانغان. تارىخچىلارغا مەلۇمكى «تاڭ، يۇ» دېگەنلەر بۇنىڭدىن تەخمىنەن 4 ـ 5 مىڭ يىللار ئىلگىرى جۇڭگو ئىپتىدائىي جەمئىيىتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە ئۆتكەن قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئاقساقاللىرى ئىدى. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتى ناھايىتى يىراق ئىپتىدائىي دەۋرلەردىلا مەۋجۇت ئىدى.

تارىخىي ماتېرىياللاردا يەنە تۈركلەردىمۇ ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنىڭ بولغانلىقى توغرىسىدا خاتىرىلەر بار. «شىمال تارىخى. تۈركلەر تەزكىرىسى» دە «ئۇلاردا (تۈركلەرنى دېمەكچى) چېچىنى پېشىگىچە چۈشۈرۈۋېلىش ئادىتى بار ئىدى» دېيىلگەن. «يېڭى تاڭنامە. تەيزوڭنىڭ خانزادىلىرى تەزكىرىسى» دە: «چاڭشيەن بېگى چىڭ چيەن تۈركچىنى راۋان سۆزلىيەلەيتتى، تۈركچە كىيىنىپ يۈرەتتى، ئۇنىڭ چىرايىمۇ تۈركلەرنىڭ چىراي ـ شەكلىگە ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئۇلار (تۈركلەر) قوي تېرىسىدىن كىيىم كىيگەن، ئۆرۈمە چاچ قويغان بەش ئادەمنى بىرلەشتۈرۈپ بىر گۇرۇپپا دەپ ئاتايتتى» ⑧ دېيىلگەن. تۈرك بالباللىرى (تاش ھەيكەللىرى) مەڭگۈ تاش يازما يادىكارلىقلىرى بىلەن بىرلىشىپ تۈرك مەدەنىيىتى ۋە تارىخىنى كۆپ تەرەپلىمە تەتقىق قىلىشنىڭ بىرىنچى قول ماتېرىيالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تارىخىي ماتېرىياللاردىكى تۈركلەرنىڭ ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر جەريانىدا تېپىلغان بالباللاردىمۇ ئۇچرايدۇ. ئارخېئولوگلىرىمىزنىڭ جاپالىق ئىلمىي ئەمگەكلىرى نەتىجىسىدە ھازىرغىچە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىن ئازبولمىغان تۈرك بالباللىرى تېپىلدى. بۇ بالباللارنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىن تېپىلغانلىرىدىمۇ ⑨ ۋە رايونىمىز تەۋەسىدىن تېپىلغانلىرىدىمۇ ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچلىقلىرى ئاز ئەمەس. بۇ بالباللار ئارىسىدا موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدىكى ئاتچېلىق پىرمىسىدىن تېپىلغان بالبال تۈركلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى تەكشۈرۈشىمىزدە تولىمۇ گەۋدىلىك بولۇپ، بۇ بالبالنىڭ بېشىغا كەيدۈرۈلگەن بۆكنىڭ ئاستىدىن ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچلىرى چىقىپ تۇرىدۇ. ئۆرۈمە چاچلىرى ئىنچىكە بولۇپ، تاپىنىغا چۈشۈپ تۇرىدۇ. ⑩مانا بۇلارمۇ قەدىمكى تۈركلەردە ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنىڭ ھۇنلارغا ئوخشاش ئىكەنلىكىنى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئۆرپ ـ ئادەت ـ مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئورتاقلىق بارلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنى بىز يەنە «جۇنامە» 50 ـ جىلد «تۈركلەر تەزكىرىسى» دىكى «تۈركلەر ھۇنلارنىڭ باشقا بىر ئۇرۇقى ئىدى» دېيىلگەن خاتىرە بىلەن بىرلەشتۈرۈپ مۇلاھىزە قىلساق تېخىمۇ ئېنىق خۇلاسىگە كېلەلەيمىز.

خەنزۇچە كلاسسىك يازما ھۆججەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر ـ ئورخۇن خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلاردىمۇ ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادەتلىرى بولغان. «كونا تاڭنامە» 199 ـ جىلد «تېلىلار تەزكىرىسى» دە: «ئۇيغۇرلار ئۆرۈمە چاچ قوياتتى» دېيىلگەن. ⑪ «ۋېي نامە» 103 ـ جىلد «ئېگىز ھارۋىلىقلار (قانقىللار) تەزكىرىسى» دىكى خاتىرىلەردىمۇ ئېگىز ھارۋىلىقلارنىڭ ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنىڭ بولغانلىقى ھەققىدە يېزىلغان. «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئۇيغۇر شۇناس لىيۇ يىتاڭ ئەپەندى بۇ ھەقتە توختىلىپ «......بۇنىڭدىن قارىغاندا ئۇيغۇرلاردا (回纥) ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتى بولغان» ⑫دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئېنىقكى، يۇقىرىقى يازما ھۆججەتلەردىكى خاتىرىلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار ئۇيغۇرلاردىلا ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنىڭ

بارلىقىنى بىلدۈرۈپ قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى بولغان ھون، تۈرك قاتارلىق خەلقلەردىمۇ ئۆرۈمە چاچ قويۇش، ئۆرپ-ئادەت، مىللىي مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە زور ئورتاقلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ھازىرقى زامان ئالىملىرىمىزدىن تۈركشۇناس ماچاڭشۇ ئەپەندى «دى، دىڭلىڭ ۋە تېلى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى (تۈرك دېگەن مىللەت نامىنىڭ خەنزۇچە يېزىقتىكى ھەر خىل ئاتىلىشى» دېگەن بولسا، ئۇيغۇرشۇناس دۇەن لىيەنچىن ئەپەندى «شياڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ھونلار (گۇيپاڭلار)، خەن، ۋېي سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى دىڭلىڭلار، 16 دۆلەت، جەنۇبىي شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى ئېگىز ھارۋىلىقلار (قاڭقىللار)، سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى تېلىلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر خەلقنىڭ ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى ھەر خىل ئاتىلىشىدۇر» ⑬ دېگەن ئىلمىي خۇلاسىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

موڭغۇل دالاسى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا ياشىغان ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ قەدىم زاماندىن تارتىپ ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتى بولغانلىقى يازما مەنبەلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار ئارقىلىق ئىسپاتلانغىنىغا ئوخشاش، تارىم ئويمانلىقى ۋە تەڭرى تاغ ئېتەكلىرىدە ياشىغان ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدىمۇ قەدىمدىن تارتىپ ئوخشاشلا ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادەتلىرىنىڭ بولغانلىقى مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك ئىلمىي تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدە ئىسپاتلانماقتا. 1979-يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى لوپنۇر رايونىدىكى كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدىن قەدىمكى قەۋرىستانلىق گۇمۇگۇ قەۋرىستانلىقىنى قېزىپ، يۇرتىمىزنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيىتىگە دائىر قىممەتلىك مول ماتېرىياللارنى تېپىپ چىقتى. ئالاھىدە بولغىنى شۇكى، بۇ قەۋرىستانلىقتىن بۈنىڭدىن 4000 — 6000 يىللار بۇرۇن دەپنە قىلىنغان ئايال جەسەت بىلەن بىللە كۆمۈلگەن بەش تال ياغاچ قونچاق، بىر تال تاش قونچاق تېپىلدى. «بۇ قونچاقلارنىڭ باشلىرىغا ئۇچلۇق قالپاقلار كەيدۈرۈلگەن، چاچلىرى قىسقا ئۆرۈمەچاچ بولۇپ، مۈرىلىرىگە چۈشۈپ تۇرىدۇ». ⑭ 1976-، 1977-يىللىرى يەنە ئارخېئولوگلىرىمىز تەرىپىدىن ئۈرۈمچىنىڭ نەنشەن كان رايونىدىكى ئالغۇي جىلغىسىدىن قېزىۋېلىنغان قەدىمكى قەۋرىلەردىن تېپىلغان «بەزى جەسەتلەرنىڭ چېچى ئۇزۇن ئۆرۈلگەن، بەزىلىرىنىڭ چېچىغا تور شەكىللىك قاپ (چاچلىق) تارتىپ قويۇلغان». ⑮ ئارخېئولوگلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ قەۋرىلەردىن تېپىلغان «ئالتۇندىن ياسالغان ئالاھىدە قىممەتلىك بۇيۇملارنىڭ بەزىلىرى ئىچكى موڭغۇلىيىدىكى قەدىمكى ھون ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ قەۋرىلىرىدىن تېپىلغان ئالتۇن بۇيۇملارغا ئوخشىشىپ كېتىدىكەن.» ⑯ 1985-يىلى ئارخېئولوگلىرىمىز يەنە چەرچەن ناھىيىسىنىڭ زاغۇنلۇق يېزىسىدىن قېزىۋالغان قەدىمكى قەۋرىستانلىقتىنمۇ يۇقىرىدا مەلۇم بولغان ئۆرپ-ئادەت ئەنئەنىسىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئەھۋاللارنى تېپىپ چىقتى. زاغۇنلۇقتىن تېپىلغان بۇ قەدىمكى قەۋرىستانلىقتىكى ئىككىنچى نومۇرلۇق قەۋرىگە ($M_2$) تۆت جەسەت دەپنە قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى ئەر، قالغانلىرى ئايال ئىكەن. مۇشۇ ئەرنىڭ جەسىتى بىلەن بىر ئايالنىڭ جەسىتى ئۆز ئەينى ساقلانغان بولۇپ، تەبىئىي مۇمىياغا ئايلانغان. ئەرجەسەتنىڭ چاچ-ساقاللىرى قوڭغۇر رەڭدە بولۇپ، يېرىم ئاقارغان، چاچ ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈلگەن، ئۇزۇنلۇقى 3.
0 مېتىر، چاچنىڭ ئۇچى تەرىپىدىن 15 .0 مېتىر ئارىلىقىغا قىزىل يۇڭ يىپ قوشۇپ ئۆرۈلگەن، چاچنىڭ توملۇقى 5 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئايال جەسەتنىڭ چېچى ئاقىرىپ كەتكەن بولۇپ، تۆت تال قىلىپ ئۆرۈلگەن⑰. ئارخېئولوگلار زاغۇنلۇقتىكى بۇ قەدىمكى قەۋرىستانلىقتىن تېپىلغان يادىكارلىقلارنى تەتقىق قىلىپ، «ئۇنىڭ كۆنچى

دەرياسى ساھىلىدىن تېپىلغان مەدەنىيەتنىڭ داۋامى ئىكەنلىكىنى» مۇئەييەنلەشتۈرگەن. قومۇلدىن تېپىلغان ۋە دەۋرى بۇنىڭدىن 3200 يىل بۇرۇن دەپ بېكىتىلگەن قارادۆۋە قەۋرىستانلىقىدىكى ئەھۋاللار تېخىمۇ ئالاھىدە بولۇپ، ئۇنىڭدىن تېپىلغان ئاخىرەتلىك بويۇملار كۆنچى دەرياسى ساھىلىدىن تېپىلغان قەدىمكى قەۋرىستانلىقتىكى ئەھۋاللارغا ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ بۇ قەۋرىستانلىقتىن چىققان «جەسەتلەر ناھايىتى بىجىرىم ساقلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى يوغان ۋە چوڭقۇر، بۇرنى قاڭشارلىق، چاچلىرى ساغۇچ، بۇدۇر، بەزى ئايال جەسەتلەرنىڭ بەلگىچە چۈشۈدىغان ئۆرۈمە چاچلىرى بولغان».⑱ دېمەك، بۇ ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قەدىمكى ھون، تۈرك، ئۇيغۇر (回纥) لاردىكى ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنىڭ قەدىمدە تارىم ۋە تەڭرى تاغ ئېتەكلىرىدە ياشىغان ئەجدادلىرىمىز بىلەن ئاساسەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنىلا ئەكس ئەتتۈرۈپ قالماستىن، يەنە ئۇلارنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە ئېتنىكداشلىق قاتارلىق جەھەتلىرىدىمۇ ئورتاقلىقىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

4

يۇقىرىدىكى تارىخىي يازما ھۆججەت ۋە ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ھازىرقى ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىدىكى ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتى ئۇلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى بولغان گۇيپاڭ - ھون دەۋرلىرىدىن تارتىپ يەنى بۇنىڭدىن 4000 - 5000 يىللار بۇرۇنقى ئىپتىدائىي دەۋرلەردىن تاكى ھازىرغىچە ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ھەم ئېتنىك مەنبىيىمىزنى تەشكىل قىلغۇچى ئەجدادلىرىمىزغا ئورتاق بولغان مىللىي ئەنئەنە ئىكەنلىكى ئېنىق. بىراق بۇ خىل ئەنئەنە ۋە ئادەتنىڭ قانداق مەيدانغا كەلگەنلىكى ياكى قانداق دىنىي ئېتىقات تۈسىنى ئالغانلىقى، ئۇنىڭ قانداق ھادىسىنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن كېلىپ چىققانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى يازما ھۆججەتلەردىن ياكى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن ئىزدەپ تېپىش تەس. گەرچە بۇ ھەقتە جۇڭگونىڭ كلاسسىك ماتېرىياللىرىدا ھېچقانداق خاتىرىلەر بېرىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن نۆۋەتتىكى مىللىي تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئېستېتىك ئالەم قارىشى ھەققىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرىدىن بۇ نۇقتىنى يورۇتۇپ بېرىش مۇمكىن. ئابلىمىت روزىنىڭ «ئۇيغۇر تەسۋىرى سەنئەت خەرىتىلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا» دېگەن ئىلمىي ماقالىسىدىكى «باغۇ - بوستان» ، «دەرەخ قىز» ناملىق تارماق ماۋزۇلاردا: «ئۇيغۇرلار شامان دىنىغا ئېتىقات قىلغان مەزگىللەردە دەل - دەرەخلەر قەدىرلىك ھېسابلىناتتى. بۇنىڭ تارىخىي ئاساسى شۇكى، ئىپتىدائىي دەۋرلەردە دەل - دەرەخلەر ئىنسانىيەت ئۈچۈن يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن قوغدىنىشنىڭ ھامىسى ۋە تۇرار جايى بولۇپ خىزمەت قىلغاندىن باشقا، مېۋىلىك دەرەخلەر ئۇلارغا ئوزۇقلۇق بەرگۈچى سىرلىق شەپقەتچى بولۇپ تۇيۇلغان. «ئوغۇزنامە» داستانىدىمۇ ئوغۇزخاننىڭ ئىككى خوتۇنى بولۇپ، بىرى كۆكتىن چۈشكەن نۇردىن تۆرەلگەن. ئىككىنچىسى كۆل ئوتتۇرىسىدا ئۆسكەن دەرەخ كاۋىكىدىن چىققان دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ يارىلىشى توغرىسىدىكى ئەپسانە مانا شۇ «دەرەخ قىزغا مۇناسىۋەتلىك بولغان. بۇنىڭدىن باشقا، ئىپتىدائىي تۇتېم ئېتىقادى ۋە ئانىمىزم ئېتىقادىنىڭ تەسىرىمۇ چوڭقۇر بولغان. شۇڭا ئۇيغۇرلاردا بەش ياشتىن يۇقىرى قىزلاردا چاچلىرىنى سۆگەت تاللىرىغا ئوخشىتىپ 6، 12، 24، ھەتتا 48 تال قىلىپ ئۆرۈش ئادەتلىرى پەيدا بولغان. بۇ ئۆزىنى «دەرەخ قىز» غا ئوخشاتقانلىقىنىڭ سىمۋولى ھېسابلىنىدۇ» ⑲ دەپ يېزىلغان. خەلقىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ھەم تۇرمۇشىدا تاكى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئانىمىزملىق كۆز قاراشلار ۋە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرلەردىكى ئانىمىزملىق ئېتىقادى ئاساسىدىكى تەبىئەتكە

چوقۇنۇشتىن كېلىپ چىققان ھەمدە مۇئەييەن دىنىي چۈشەنچىلەر بىلەن باغلانغان ھالدا خەلقنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىغا سىڭىپ كىرىپ، خەلق ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگەن ۋە بەزى يازما مەنبەلەر ئارقىلىق مەلۇم بولغان ئەپسانىلەر، رىۋايەتلەرنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىمىزنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرلەردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېستېتىك ئالەم قارىشى نەتىجىسىدە بالىققا كەلگەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقالايمىز.

مەلۇمكى، ھېكايە شەكلىنى ئالغان ھەر خىل ئەپسانىلەر ھەرقايسى دەۋرلەردىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي قىسىملىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا ئىجتىمائىي ھايات بىلەن باغلىق بولغان ۋەقە - ھادىسىلەر خىيالىي شەكىلدە ھېكايە قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەپسانىلەر ئىجتىمائىي ھايات، مەدەنىيەت، ئۆرپ - ئادەت، دۇنيا قاراش ۋە روھىي كەچۈرمىشلەر قاتارلىق تارىخىي ھادىسىلەردىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، «ئەپسانە بىر خىل بەدىئىي شەكىل بولۇپ، ئۇ تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئەۋج ئالغان ئىپتىدائىي دەۋردىكى ئىنسانلارنىڭ كوللېكتىپ تونۇشىدىن پەيدا بولغان.» ⑳ ئىنسانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان، سەزگۈ ئەزالىرى بىۋاسىتە ھېس قىلغان تەبىئەت ھادىسىلىرى تەبىئەت ئېتىقادچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇنىسى ئېنىقكى، ئىنسانلار بارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرىگە ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىگە نىسبەتەن تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك بولغان كۈن، ئاي، يۇلتۇز، يەر (تۇپراق)، تاغ، دەريا، ئوت، دەل - دەرەخ، گۈل - گىيا قاتارلىق بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك ئۇچرايدىغان تەبىئەت ھادىسىلىرىگە ئېتىقاد قىلغان. مانا بۇلار تەبىئەت ئېتىقادچىلىقىنىڭ ئوبيېكتلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئىپتىدائىي دەۋرلەردە دەل - دەرەخلەر ئىنسانلار ئۈچۈن يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن قوغدىنىشنىڭ ھامىيسى، تۇرار جاي قىلىپ پاناھلىنىدىغان ماكان ۋە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ياسايدىغان ماتېرىيال، ئوزۇق - تۈلۈك ئالىدىغان سىرلىق شەپقەتچى بولۇپ تۇيۇلغاچقا، تەبىئەت ئېتىقادچىلىقىنىڭ ئوبيېكتلىرى ئىچىدە گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرغان.

«ئادەم دەرەختىن تۇغۇلىدۇ» دەيدىغان قاراش قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى قارىشىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇلار ئەينى دەۋرلەردە ئەر - ئاياللارنىڭ قوشۇلۇشى ۋە بالىلارنىڭ تۇغۇلۇشى توغرىسىدىكى سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىپ يېتەلمىگەچكە، «دەل - دەرەخلەرمۇ ئادەملەرگە ئوخشاش ھاياتىي كۈچكە ئىگە» دەپ قاراپ، ئادەمنىڭ تۇغۇلۇشىنى دەل - دەرەخلەرگە باغلاپ، ئۇنى ئىلاھىي ئانىلارغا ئوخشاتقان. بۇ خىل قاراشنىڭ ئىزنالىرىنى خەلق ئەپسانە - رىۋايەتلىرىدىن ۋە خەلقىمىز تۇرمۇشىدا ساقلىنىپ قالغان بەزى ئادەتلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئەپسانە - رىۋايەت شەكلىدە دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى «ئوغۇزنامە» دە «ئوغۇزخاننىڭ كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆسكەن بىر تۈپ دەرەخنىڭ كاۋىكىدا ئولتۇرغان ئىنتايىن ساھىپجامال، كۆزى ئاسماندەك كۆك، چېچى ئېقىن سۇدەك، چىشى ئۈنچىدەك، كىشىلەر ئۇنى كۆرسە، ئاھ، ئاھ جانىنى ئالىدىكەن» دېگۈدەك گۈزەل بىر قىزنى ئۆز نىكاھىغا ئالغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ. ㉑ ھازىر تۇرمۇشىمىزدا، چىرايلىق، چاچلىق، بولۇپمۇ ئۇزۇن چاچلىق قىزلار سۇمبۇلچاچ، بوستانچاچ ...... دەپ تەرىپلىنىدۇ. ئوغۇزخان نىكاھىغا ئالغان دەرەخ كاۋىكىدىكى قىزمۇ كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دەرەخ كاۋىكىدىن چىققانلىقى ئۈچۈن سۇمبۇلچاچلىق ئاي پەرى قىز بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى دەرەخ سۇدا ئۆسىدۇ. سۇ پاكلىقنىڭ سىمۋولى، شۇنداقلا ھاياتلىقنىڭ بۇلىقى، سۇ بويىدىكى دەرەخنىڭ تاللىرى خۇددى تال - تال چاچلاردەك ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. شۇڭا دەرەخلەر تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى دەۋرلىرىدە ئىلاھىي ئانىلارنىڭ سىمۋولى (يەنى تۇغۇلۇش،

تۈرلىنىشىنىڭ ئانىسى) بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاياللار گۈزەللىكىنىڭ ئېستېتىك مەنبەسى ۋە گۈزەللەرنىڭ سىمۋولى بولۇشىمۇ تەبىئىي. دېمەك، ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىدىكى ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنى قەدىمكى ئەجدادلار تۇرمۇشىدىكى دەرەخكە چوقۇنىدىغان ئانىمىزملىق ئېتىقادىي ئالەم قارىشى ئاساسىدىكى ئېستېتىك ئاڭ نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن دەپ ھۆكۈم قىلىش ئەقىلگە مۇۋاپىق.

قەدىمكى دەۋرلەردە ئەجدادلىرىمىزنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەن ھەر خىل ئەسەرلەردىمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ كېلىپ چىقىشىنى مۇقەددەس دەرەخلەرگە باغلاپ رىۋايەت قىلىشقان. مەسىلەن، XIII ئەسىردە ئۆتكەن ئاتاغلىق پارس تارىخچىسى جۇۋەينى ئۆزىنىڭ «تارىخىي جاھانكۇشاي» ناملىق ئىلمىي ئەسىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئىككى تۈپ دەرەخكە باغلاپ ھېكايە قىلىدۇ. ㉒ مەشھۇر تارىخچى رەشىدىدىن «ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ مەشھۇر خانى بۆكۈخاننى دەرەختىن تۇغۇلغان دەپ قارىشىدۇ» دەپ يازغان. ئىتالىيىلىك ساياھەتچى ماركوپولومۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ بالدۇرقى خانى دەرەختىن تۇغۇلغان دېگەن رىۋايەتنى خاتىرىلەپ ئۆتكەن. «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» دېگەن ئەسەردىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ دەرەختىن تۇغۇلغانلىقى توغرىسىدىكى بىر رىۋايەت خاتىرىلەنگەن. «ئىدىقۇت خانلىقى تۆھپە مەڭگۈ تېشى» دىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى دەرەخكە باغلاپ رىۋايەت قىلىنىدۇ. ㉓

يازما ماتېرىياللاردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ دەرەخ ئېتىقادچىلىقىغا دائىر مەلۇماتلارنى ھازىر خەلقىمىز ئىچىدىنمۇ ئىزدەپ تېپىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، خەلقىمىز ھويلا - ئارام، ئۆي - جاي سالغاندا ئالدى بىلەن جىرىم تىكىپ، ئورمان بىنا قىلىدۇ، باغ بەرپا قىلىدۇ. كۆكلەپ تۇرغان دەرەخلەرگە كىر - قات يېيىشنى يامان بولىدىغان ئىش دەپ قارايدۇ. دەرەخلەرنى سۇندۇرۇش، شاخلىرىنى قايرىپ ئۇشتۇشنى يامان كۆرىدۇ.

ئادىراسمان، ئارچا ياغاچلىرىدا ئىسرىق سېلىپ كېسەللەرگە شىپالىق تىلەيدۇ. كېسەلگە شىپالىق تىلەش ئۈچۈن ئىتىلىدىغان «ئەرۋاھ ئىشى» چوڭ دەرەخلەرنىڭ تۈۋلىرىگە قويۇپ قويۇلىدۇ. بالا يۈزى كۆرۈش ئارزۇسى بار ئاياللار مېۋىلىك دەرەخنىڭ شېخىغا لاتا باغلاپ ئۇنىڭدىن پەرزەنت تىلەيدىغان ئادەت مەۋجۇت. ھازىرمۇ مەھمۇد قەشقىرىنىڭ مازىرىغا تاۋاپقا بارغان بەزى ئاياللار ئالدى بىلەن «ھاي - ھاي تېرەك» كە تاۋاپ قىلىپ دەرەخ شاخلىرىغا ھەرخىل لاتا بوقۇچلىرىنى ئېسىپ قويۇشىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار قېرى يالغۇز دەرەخنى كەسمەيدۇ. ھەتتا قېرى دەرەخنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە ئات - ئۇلاقلىرىدىن چۈشۈپ شۇ دەرەخكە بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈپ ئۆتىدۇ. ساۋاب بولىدۇ دەپ ھويلا ياكى ئىشىك ئالدىلىرىغا ئۈژمە دەرىخى تىكىدۇ. ئېرىق - ئۆستەڭ بويلىرىغا مەنزىرىسى گۈزەل بولسۇن دەپ سۆگەت قاتارلىق تاللىق دەرەخلەرنى تىكىپ قويىدۇ. ئۆسمۈر قىزلار سۆگەت تاللىرىدىن يالغان ئۆرۈمە چاچلارنى ياساپ ئۆزلىرىگە چاچ قىلىپ ئېسىشۋېلىپ ئوينايدۇ. مانا بۇلار ئەجدادلىرىمىزدىكى دەرەخ ئېتىقادچىلىقىنىڭ خەلقىمىز ئىچىدىكى ئىزنالىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەجدادلىرىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقادى، ئالەم قارىشى، ئېستېتىك ئاڭلىرى سىڭگەن.

شۇڭا بىز ئۇيغۇرلاردىكى ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنىڭ ئانىمىزملىق دەۋرلەردە ئىلاھىي ئانىلار ۋە گۈزەل قىزلارنىڭ سىمۋولى بولغان دەرەخلەرنىڭ تاللىرىغا تەقلىد قىلىش ياكى ئۇنىڭغا چوقۇنۇش ئاساسىدا كېلىپ چىققانلىقىنى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا ئىزچىل داۋاملىشىپ، بۈگۈنكى پارلاق مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئېسىل بىر نامايەندىسى بولۇپ قالغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىمىز.

---

ئىزاھلار:

① دۇەن ليەنچىن: «دىڭلىڭلار، قانقىللار ۋە تېلىلار»، 1 - باب، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى

1988 - يىل خەنزۇچە نەشرى.
② «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخي»، 1 - باب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.
③ بەنگۇ: «خەننامە»، 54 - جىلد، «لى گۇاڭ، سۇجيەننىڭ تەرجىمىھالى» (ئۇيغۇرچە) 352 - بەت.
④ «ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىللىق 6 - سانىدىكى سۇنجى ئەپەندىنىڭ ماقالىسى.
⑤ لىن گەن: «هون تارىخى»، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1979 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 157 - بەت.
⑥ ماچاڭشۇ: «شىمالىي دىلار ۋە هونلار»، (خەنزۇچە) 71 - بەت.
⑦ سىماچەن: «تارىخىي خاتىرىلەر»، 110 - جىلد «هونلار تەزكىرىسى» (ئۇيغۇرچە) 391 - بەت.
⑧ ئۇۋياڭ شيۇ: «يېڭى تاڭنامە» 80 - جىلد، «چاڭ شيەن بىڭى چىڭ شيەننىڭ تەرجىمىھالى» (خەنزۇچە).
⑨ ۋ. س. سولوخيېۋ: «تاجىكىستاننىڭ جەنۇبىدىن يېڭى تېپىلغان تۈرك تاش هەيكىلى (بالبال)»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت، يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىللىق 1 - سانى.
⑩ ۋاڭ مىڭجى: «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى بالباللىرى توغرىسىدا قىسقىچە بايان»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىللىق 3 - سانى، 199 - بەت.
⑪⑫ ليۇ يىتاڭ «ئۇيغۇرلار هەققىدە تەتقىقات»، (خەنزۇچە) 213 - بەت.
⑬ ماچاڭشۇ: «تۈركلەر ۋەتۈرك خانلىقى»، (خەنزۇچە) 3 - بەت. دۆەن ليەنچىن: «دىڭلىڭلار، قانقىللار ۋەتېلىلار»، (خەنزۇچە) 553 - بەت.
⑭ۋاڭ بىڭخۇا: «كۆنچى دەرياسى بويىدىكى قەدىمكى قەۋرىستانلىقنىڭ (گۇمۇگۇ قەۋرىستانلىقى) قېزىۋېلىنىشى ۋە دەسلەپكى تەتقىقات»، ش. ئۇ. ئا. ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى «تۈنجى نۆۋەتلىك ئىلمىي مۇهاكىمە يىغىنى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، (خەنزۇچە) 332 - بەت.
⑮.⑯.⑱ ئابدۇقەييۇم خوجا: «يۇرتىمىزنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئارخېئولوگىيىسىدىن ئومۇمىي بايان»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىللىق 2 - سانى.
⑰ ئەخمەت رىشىت، دولقۇن قەمبىرى: «تارىم ئارخېئولوگىيىسىدىكى بىر قېتىملىق زور تېپىلىش»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1986 - يىللىق 1 - سانى، 5 - بەت.
⑲ ئابلىمىت روزى: «يەنە ئۇيغۇر تەسۋىرى سەنئىتىنىڭ مەزمۇنى ۋەئالاهىدىلىكى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ سىفەن داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1987 - يىللىق 2 - سانى. 58 - ، 59 - بەتلەر.
⑳ ئابدۇكېرىم راخمان: «يىپەك يۇرتىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 4 - بەت.
㉑ «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى «ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 44 - بەت.
㉒ جۇۋەينى: «تارىخىي جاهانكۇشاي»، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 1 - كىتاب، 62 - 64 - بەتلەر.
㉓شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ30يىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 458 - بەت.

# ئوغۇز داستانىدا تىلغا ئېلىنغان «قىيئات» توغرىسىدا

تۇرسۇن ھوشۇر

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، ئوغۇز داستانىدا تىلغا ئېلىنغان «قىيئات» دېگەن ھايۋاننىڭ ئەپسانىۋى ھايۋان ئەمەس، بەلكى قەدىمكى رېئال دۇنيادا بار بولغان ھايۋان ئىكەنلىكى ئىلمىي ئىسپاتلار بىلەن بايان قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخقا ۋە شانلىق مەدەنىيەتكە ئىگە مىللەت. ئۇيغۇرلار ئۇزاق زامانلاردىن بۇيانقى ئىجتىمائىي ھاياتىدا، ياشاش مۇھىتىنىڭ يەنى جۇغراپىيىلىك ئورنى، دىنىي ئېتىقادى، باشقا مىللەت - قەبىلىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى جەھەتتىكى ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، شۇ دەۋر ئىجتىمائىي ھاياتىنى (تۇرمۇشىنى) ئەكس ئەتتۈرىدىغان مول مەزمۇنلۇق مەدەنىيەت مىراسلىرىنى يارىتىپ كەلدى. «ئوغۇز داستانى» ئەنە شۇ مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. «ئوغۇز داستانى» ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان، قەھرىمانلارغا ئوقۇلغان تارىخىي داستان. بۇ داستاننىڭ بىر نەچچە خىل ۋارىيانتى بار بولۇپ، بىرى، نەزمى ۋە نەسرى شەكىل ئارىلاش قوللىنىلغان، توتېمچىلىق، قىسمەن شامانىزم دەۋرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ۋارىيانتى.① يەنە بىرى، ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئى تەراكىمە» ناملىق كىتابىدا ۋە XIV ئەسىردە ئۆتكەن پېرسىيىلىك تارىخشۇناس رەشىددىن فەزلۇللاھنىڭ «جامىئۇل تەۋارىخ» ناملىق كىتابىدا ئۇچرايدىغان، پۈتۈنلەي ئىسلامىي تۈس ئالغان ۋارىيانتىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ داستاننىڭ پۈتۈنلەي نەزمى شەكىلدە يېزىلغان، ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىشقا باشلىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان يەنە بىر نۇسخىسىمۇ بار.②

ئوغۇز داستانىنىڭ ھازىرچە بىزگە مەلۇم بولغان نۇسخىلىرى ئىچىدە، تۇرپاندىن تېپىلغان، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان بىر قەدەر قەدىمىي نۇسخىسى بولۇپ، يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، ئۇنىڭدا توتېمچىلىق ئاساس قىلىنغاندىن باشقا، يەنە ئوغۇز داستانىنىڭ باشقا ۋارىيانتلىرىدا كۆرۈلمەيدىغان، تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك بولغان نۇقتىلار بار. ئەنە شۇ نۇقتىلارنىڭ بىرى تاق مۈڭگۈزلۈك ۋەھشىي ھايۋان «قىيئات» تىن ئىبارەت.

ھازىرچە «ئوغۇز داستانى» ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتتا «قىيئات» ھەققىدە بىرلىككە كەلگەن قاراش يوق. بەزىلەر بۇ ھەقتە توختىلىپ: «قىيئات - ئەپسانىۋى ھايۋان بولۇپ، بەزى ماتېرىياللاردا ئۇنى بىر مۈڭگۈزلۈك، تەلەتى

① گېلىڭ شىمىلىڭ، تۇرسۇن ئايۇپلار نەشرگە تەييارلىغان «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە» گە قارالسۇن.
② «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1993 - يىللىق 1 - سانىغا قارالسۇن.

قورقۇنۇچلۇق ۋەھشى ھايۋان دەپ ئىزاھلايدۇ»[1] دېسە، يەنە بەزىلەر «تاق مۈڭگۈزلۈك ھايۋان ...، بۇ سۆزنىڭ چىڭگىزخان ئۇرۇقى بولغان قىئات قەبىلىسىنىڭ نامى بىلەن مۇناسىۋىتى بارمۇ - يوق؟»[2] دەيدۇ.

بۇ يەردىكى ئەڭ ئاساسلىق مەسىلە «قىئات» دېيىلگەن تاق مۈڭگۈزلۈك ھايۋاننىڭ رېئال دۇنيادا بولغان - بولمىغانلىقى مەسىلىسىدۇر. بۇ ھەقتە ئوغۇز داستانىدىكى «قىئات» بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۆلەكتە مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇ، يىگىت بولدى، بۇ چاغدا، بۇ يەردە بىر چوڭ ئورمان بار ئىدى، ئۇنىڭدا كۆپ دەريا - ئېقىنلار بار ئىدى. بۇ يەردە ياۋايى ھايۋانلار كۆپ ئىدى، قۇشلار ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى. بۇ ئورمان ئىچىدە چوڭ بىر قىئات بار ئىدى، ئۇ مال - چارۋا ۋە خەلقنىڭ جېنىغا زامىن بولغان ئىنتايىن ۋەھشىي بىر ھايۋان ئىدى، ئۇ ئەل - جامائەتكە زور جەۋرى - جاپا كەلتۈرگەن ئىدى. ئوغۇز خاقان بىر باتۇر ئادەم ئىدى. ئۇ بۇ قىئاتنى ئوۋلىماقچى بولدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئوۋغا چىقتى. نەيزە، ئوق، يا ۋە قىلىچ، قالقان ئېلىپ ئاتلاندى. بىر بۇغا ئوۋلىدى، ئۇ، بۇ بۇغىنى تالنىڭ چىۋىقى بىلەن دەرەخكە باغلاپ قويۇپ كەتتى. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا كەلگىنىدە، كۆردىكى، قىئات بۇغىنى ئېلىپ كېتىپتۇ. ئۇ يەنە بىر ئېيىق ئوۋلاپ، ئۇنى ئالتۇن بەلۋىغى بىلەن دەرەخكە باغلاپ قويۇپ كەتتى. ئىككىنچى كۈنى تاڭ ئاتقاندا كەلگىنىدە، كۆردىكى، قىئات ئېيىقنى ئېلىپ كېتىپتۇ. ئۇ (ھېلىقى) دەرەخنىڭ تۈۋىدە تۇرغىنىدا، قىئات كېلىپ بېشىنى ئوغۇزنىڭ قالقىنىغا ئۇردى. ئوغۇز نەيزىسىنى قىئاتنىڭ بېشىغا ئۇردى، ئۇنى ئۆلتۈردى، قىلىچ بىلەن بېشىنى كەستى. ئۇنى ئېلىپ كەتتى، ئۇ يەنە كەلگىنىدە كۆردىكى، بىر شۇڭقار قىئاتنىڭ ئىچ باغرىنى يەپ تۇرغان، ئۇ شۇڭقارنى ئوقيا بىلەن ئۆلتۈردى، ئۇنىڭ بېشىنى كەستى، ئاندىن كېيىن ئۇ ئېيتتىكى: «قاراڭ، مانا بۇ شۇڭقارنىڭ تۇرقى» (بىر شۇڭقارنىڭ رەسىمى سىزىلغان).

قىئات بۇغا يىدى، ئېيىق يىدى، ئۇ گەرچە تۆمۈردەك قاتتىق بولسىمۇ، نەيزەم ئاخىر ئۇنى ئۆلتۈردى، شۇڭقار قىئاتنى يىدى، ئۇ گەرچە شامالدەك تېز بولسىمۇ، ئوقيايىم ئاخىرى ئۇنى ئۆلتۈردى. مانا بۇ قىئاتنىڭ تۇرقى (قىئاتنىڭ رەسىمى سىزىلغان).[3] يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن بۆلەكتىن، گەرچە «قىئات» ئىنتايىن ۋەھشىي ھايۋان بولسىمۇ، ئوغۇزنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرگەنلىكىدىن ئىبارەت باتۇرلۇقىنى، شۇڭقار ئىنتايىن تېز ئۇچىدىغان قۇش بولسىمۇ، ئوغۇزنىڭ ئۇنى ئاتالىغانلىقىدىن ئىبارەت مەرگەنلىكىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوغۇزنىڭ زامانىسىدا بۇغا، ئېيىق قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ ۋە شۇڭقاردىن ئىبارەت قۇشنىڭمۇ بارلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ. بۇغا، ئېيىق ۋە شۇڭقار بىزگە ئەڭ تونۇش بولغان ھايۋان ۋە قۇشلاردىن ئىبارەت. ئەندى، قىئات دېيىلگەن تاق مۈڭگۈزلۈك ھايۋانغا كەلسەك، ئۇ ۋەھشىي ھايۋان، ئەپسانىۋى ھايۋان دېيىلگەن. قىئات بىلەن بىرگە تىلغا ئېلىنغان ھايۋان ۋە قۇشلارنىڭ ئەپسانىۋى بولماستىن، ھازىرقى رېئال دۇنيادا مەۋجۇت بولۇشى قىئاتنىڭ ئەپسانىۋى ھايۋان ئىكەنلىكىدە گۇمان قوزغايدۇ، بىز تۆۋەندە تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇچرىغان تاق مۈڭگۈزلۈك ھايۋانغا مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارنى كۆرۈپ باقايلى.

«سىخەي» نىڭ «麒麟 - چىلىن» ماددىسىدا «چىلىن قەدىمكى زامان ئەپسانىلىرىدىكى بىر ھايۋاننىڭ نامى. ئۇنىڭ شەكلى بۇغىغا ئوخشايدۇ. مۈڭگۈزى بىر، پۈتۈن بەدىنى قاسراق بىلەن قاپلانغان. قۇيرۇقى كالىنىڭكىگە ئوخشايدۇ. كۆپىنچە بەخت - سائادەتنىڭ سىمۋولى قىلىنىدۇ»[4] دەپ ئىزاھلانغان. «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» نىڭ جاندارلار قىسمىدا، ئۇيغۇرچە «قات»[5] خەنزۇچە «چىلىن» دېيىلىدىغان بىر ھايۋان نامى ئۇچرايدۇ. «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» سېلىشتۇرما سۆزلۈك بولغاچقا، ئۇيغۇرچە «قات»، خەنزۇچە «چىلىن» دېيىلىدىغان ھايۋاننىڭ شەكلىنىڭ قانداقلىقىغا بىر نەرسە دېيىش تەس. ئەگەر «سىخەي» دىكى «چىلىن»

---

① «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» 140 - بەت.
② «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە» 65 - بەت.
③ «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە» 41 - 43 - بەتلەر.
④ خەنزۇچە ئۈچ توملۇق «سىخەي» 3 - توم، 4729 - بەت.
⑤ «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» 39 - بەت. مىللەتلەر نەشرىياتى. 1984 - يىل.

بىلەن «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» دىكى «چىلىن» پەقەت بىرلا خىل ھايۋاننىڭ نامىنى بىلدۈرسە، ئۇ ھالدا «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى»دە تىلغا ئېلىنغان ھايۋانمۇ شەكلى بۇغىغا ئوخشايدىغان تاق مۈڭگۈزلۈك ھايۋان بولغان بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا، ئوغۇز داستانىدا تىلغا ئېلىنغان «قىئات» بىلەن «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» دە تىلغا ئېلىنغان «قات» نى ئوخشاش دەپ قاراشقا بولىدۇ. بىراق، ئوغۇز داستانىدا تىلغا ئېلىنغان «قىئات» ئىنتايىن ۋەھشىي دەپ سۈرەتلەنگەن، «سىخەي» دىكى «چىلىن - قات» نىڭ خاراكتېرى بىرىلمەي «كۆپىنچە بەخت - سائادەتنىڭ سىمۋولى قىلىنىدۇ» دېيىلگەن.

بىز ھازىرچە بۇ ھايۋانلارنىڭ خاراكتېرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ پەقەت شەكلىگىلا قارىساق، ئوغۇز داستانىدا «قىئات بۇغا يىدى، ئېيىق يىدى، ئۇ گەرچە تۆمۈردەك قاتتىق بولسىمۇ، نەيزەم ئۇنى ئۆلتۈردى» دېگەن سۆپەت سۆزى بار. بۇنى «سىخەي» نىڭ «چىلىن» مادددىسىدىكى «پۈتۈن بەدىنى قاسراق بىلەن قاپلانغان» دېگەن سۆپەت سۆزى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىساق، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئوغۇز داستانىدىكى قىئاتنىڭ رەسىمى بىلەن سىخەيدە سۈرەتلەنگەن شەكلى بۇغىغا ئوخشايدىغان، مۈڭگۈزى بىر بولغان چىلىن - قاتنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، بۇلار بىر - بىرىگە ئاساسەن ئوخشايدۇ.

«خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە مۇنداق بىر مەلۇمات بار: «بەلۇجىستاننىڭ ھاۋاسى ئىسسىق، يەر شەكلى تەكشى بولۇپ، دەل - دەرەخلىرى، چارۋا مەھسۇلاتلىرى، دانلىق زىرائەتلىرى، مېۋە - چېۋە، كۆكتاتلىرى، يېمەك - ئىچمەك، ئۆي - ئىمارەتلىرى، بازارلىرى، پۇل ۋە ھەربىي قورال - ياراقلىرى، ئالتۇن - كۈمۈش، مەرۋايىتلىرى كەشمىرنىڭكىگە ئوخشايدۇ. لېكىن بۇلاردىن باشقا يەنە تاۋبا، شىر، كەركىدانلار بار.①بۇ مەلۇمات ئىچىدىكى «تاۋبا» شۇ كىتابنىڭ ئۆزىدە: «تاۋبا ( 桃拔 ) ئەپسانىۋى ھايۋان نامى، بۇغىسىمان، قۇيرىقى ئۇزۇن بولۇپ، بىر مۈڭگۈزلۈكى تەخرى بۇغا، ئىككى مۈڭگۈزلۈكى خەيرى بۇغا دېيىلىدۇ»③ دەپ ئىزاھلانغان. بىراق، ئەجەپلىنەرلىك يېرى شۇكى، تاۋبا ئەپسانىۋى ھايۋان دېيىلگەن. تاۋبا بىلەن بىرگە نامى تىلغا ئېلىنغان شىر، كەركىدانلار بولسا، ھازىرمۇ مەۋجۇت ھايۋانلاردۇر، بۇنىڭدا سۈرەتلەنگەن بۇغىسىمان، قۇيرۇقى ئۇزۇن، بىر مۈڭگۈزلۈك تاۋبانى ئوغۇز داستانىدىكى قىئاتنىڭ رەسىمى بىلەن سېلىشتۇرغىنىمىزدا خېلى ئوخشاشلىقنىڭ بارلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

بۇلاردىن باشقا، ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىدا «بۇلان» دېگەن ئىسىمنى ئىزاھلاپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇلان قىپچاق ئەللىرىدە ياشايدىغان بىر خىل يوغان ۋەھشىي ھايۋان. كىشىلەر ئۇنى ئوۋلايدۇ. ئۇنىڭ بېشىدا ئىچى كاۋاك، ئاغزى ئاسمانغا قاراپ تۇرىدىغان بىر مۈڭگۈزى بولىدۇ. ئۇنىڭغا قار ۋە يامغۇر سۈيى يىغىلىپ قالىدۇ. چىشىسى چۆكسە ئەركىكى، ئەركىكى چۆكسە چىشىسى ئۇنىڭدىن سۇ ئىچىدۇ.»③

بىز بۇ مەلۇماتتىكى ئەھۋال بىلەن ئوغۇز داستانىدىكى «ئورمان ئىچىدە چوڭ بىر قىئات بار ئىدى، ئۇ مال - چارۋا ۋە خەلقنىڭ جېنىغا زامىن بولغان ئىنتايىن ۋەھشىي بىر ھايۋان ئىدى…» دېگەن قىسمىنى ۋە ئوغۇز داستانىنىڭ ئەسلى نۇسخىسىدىكى قىئاتنىڭ رەسىمىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگىنىمىزدە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى بولان بىلەن ئوغۇز داستانىدىكى قىئاتنىڭ ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. بىزگە تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى، ئالىم مەھمۇت قەشقەرى «بۇلان» نى ئەپسانىۋى ھايۋان دېمىگەن، ئەكسىچە، بۇ ھايۋاننىڭ ياشايدىغان ئورنى، شەكلى، تەبىئىتى قاتارلىقلارنى ئىنتايىن ئوچۇق سۈرەتلەپ بەرگەن.

بىز يۇقىرىدىكى تارىخىي مەلۇماتلاردىن «قىئات» دېيىلىدىغان ھايۋاننىڭ ئەپسانىۋى ھايۋان ياكى ئەپسانىۋى ھايۋان ئەمەسلىكى مەسىلىسىگە بىر قەدەر ئېنىق جاۋاب تاپالايمىز. يەنى «قىئات» دېيىلىدىغان تاق مۈڭگۈزلۈك، شەكلى بۇغىغا ئوخشاپ كېتىدىغان، قۇيرۇقى ئۇزۇن، يوغان، ۋەھشىي ھايۋان قەدىمكى زاماندا رېئال دۇنيادا بولغان. ئۇزاق زامانلارنىڭ ئۆتۈشى جەريانىدا ھەر خىل تەبىئىي ۋە غەيرىي تەبىئىي ئاپەتلەر، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى قاتارلىق ئامىللار تۈپەيلىدىن نەسلى قۇرۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

① ②«خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى I»، «خەننامە» 12 - توم، 3889 - بەت.
③ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم، 539 - بەت.

# ئىدىقۇت ئۇيغۇر مائارىپى توغرىسىدا

چىمەن نەجمىدىن

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى مائارىپى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىدۇ.

قەدىمكى زامان تارىخ ماتېرىياللىرى ۋە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلاردا ئىسپاتلىنىشىچە، تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئەڭ قىدىمكى يەرلىك خەلق قاڭقىللار، ئېگىز هارۋىلىقلار، هون، ياۋچى، تۈرك، چاڭ قاتارلىق ئۇرۇق - قەبىلىلەردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، قاڭقىللار (ئۇلار دەسلەپتە «كۇشالار» ‹姑师 گۇشى›، كېيىن «قاڭقىلار» ‹车师 چېشى، دەپ خەنزۇچە تەلەپپۇز قىلىنغان) بۇ جاينىڭ ئەسلى ئاھالىسى بولۇپ هېسابلىنىدۇ، كېيىنكى كۈنلەردە بۇلار ئوغۇز ( 乌古斯 )، ۋۇخۇ ( 乌护 )، ۋۇخې ( 乌纥 ) دېگەنناملار بىلەن ئاتالغان. ①

مىلادىدىن بۇرۇنقى I ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە I ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قاڭقىللار هۆكۈمرانلىقىدىكى قەبىلە ئىتتىپاقى ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ، بىر قىسمى ئورخۇن ۋادىلىرىدا دىڭلىڭ ( 丁零 ) قەبىلىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلغان؛ يەنە بىر قىسمى ئەسلىدىكى هۆكۈمران ئۇرۇق «قاڭقىل» (ئوغۇز) نامىنى ساقلاپ قېلىپ، قاڭقىل قەبىلە ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلغان. ②

قاڭقىللار يىپەك يولىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇ جاي ئۇزاق ۋاقىت خەن سۇلالىسى بىلەن هونلار توقۇنۇشۇپ كەلگەن مەركىزىي جاي ئىدى. بۇ يەردە ئۇزاق ۋاقىت ئۇرۇش بولۇپ تۇرغاچقا، مىلادى 60 - يىلى بىر پۈتۈن قاڭقىل خانلىقى ئالدى قاڭقىل خانلىقى ۋە ئارقا قاڭقىل خانلىقىغا بۆلۈنۈپ كەتكەن. ئارقا قاڭقىل خانلىقى مىلادى 60 - يىلدىن مىلادى275 - يىللارغىچە (ياكى 460 - يىللارغىچە) هۆكۈم سۈرگەن، ئۇنىڭ پايتەختى قاغان بۇت شەهىرى ئىدى. ئالدى قاڭقىل خانلىقى مىلادى 60 - يىلدىن مىلادى 460 - يىلغىچە هۆكۈم سۈرگەن، ئۇنىڭ پايتەختى يارغول شەهىرى ئىدى، مىلادى 460 - يىلى ئاۋارلار باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئالدى قاڭقىل خانلىقىنى يوقىتىپ، قوجو خانلىقىنى قۇرغان، بۇ خانلىق ئىككى ئەسىر هۆكۈم سۈرگەن مىلادى 480 - يىللارغا كەلگەندە، قوجو خانلىقى ئېگىز هارۋىلىقلار خانلىقىغاقارىغان. مىلادى583 - يىلى قوجو خانلىقى غەربىي تۈركلەرگە قارىغان. مىلادى 640 - يىلى تاڭ سۇلالىسى قوجودا غەربىي ئايماق مەهكىمىسىنى تەسىس قىلغان.

مىلادى 792 - يىلدىن باشلاپ قوجوغا تىبەتلەر بىر مەزگىل هۆكۈمرانلىق قىلغان. 840- يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قىرغىزلار تەرىپىدىن تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، «866 -

يىلى موڭغول يايلىقىدىكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بىر قىسىم ئاھالىلىرى بۇ جايغا كېلىپ كۆل تېكىنىنىڭ باشچىلىقىدا تىبەتلەرنى قوغلاپ چىقىرىپ، بەشبالىق ۋە تۇرپاندا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان» .③

بۇ دەۋرلەردە ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ مائارىپى تەدرىجىي شەكىللەنگەن ۋە سىستېمىلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن. بىز بۇنى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى مائارىپ ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى مائارىپ دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ بايان قىلىمىز.

## 1. ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى مائارىپى

تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئىنسانلار ئىنسانلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات قانۇنىيىتى ئاساسىدا ئۆزلىرىنىڭ ئىپتىدائىي مائارىپىنى شەكىللەندۈرگەن. تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئۇرۇقلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆرپ - ئادىتى، قائىدە - يوسۇنلىرى، ئەخلاق - پەزىلىتى ھەم ئىشلەپچىقىرىش بىلىملىرى شەكىللەنگەن.

ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە، ھەرقانداق ئۇرۇق ئەزاسىنىڭ ئۆز ئۇرۇقىدىن ئايرىلىپ ياشىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇرۇق ئەزالىرى ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى، ئۇرۇقنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ھەم ئومۇمىي قائىدىلىرىگە قاتتىق بويسۇناتتى. ئۇرۇقنىڭ نىكاھقا ئائىت بەلگىلىمىلىرى، تەڭ تەقسىماتقا مۇناسىۋەتلىك پرىنسىپلىرى ۋە بەلگىلىمىلىرى، قانداشلىقنى ئاساس قىلغان ئۆچمەنلىك ياكى ئىناقلىق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھەربىر ئۇرۇق ئەزاسى قەتئىي ئىتائەت قىلىشقا تېگىشلىك ئومۇمىي قائىدە ئىدى. بۇ خىل قائىدەۋە پرىنسىپلار ئۇرۇقلارنىڭ ياش - ئۆسمۈرلەرگە بېرىدىغان ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. چوڭلار ھېكايە ئېيتىش، ئەجدادلىرىنىڭ قەھرىمانلىقلىرىنى سۆزلەش ئارقىلىق بالىلارنىڭ ئەخلاقىي سەزگۈسىنى ئۇيغىتاتتى، بۇلار ئىپتىدائىي مائارىپنىڭ بىخى ئىدى.

ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، ئىپتىدائىي يېزىق بارلىققا كەلدى. ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، قاڭقىل ئۇيغۇرلىرىغا مەنسۇپ بولغان ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي يېزىق ئىزلىرى قاڭقىللارنىڭ ئۇرۇمچى ئۆلانبايدىكى قەبرىستانلىق خارابىسىدىن (2200 يىل ئىلگىرىكى) تېپىلغان. بۇ قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان ساپال بۇيۇملارغا ئاستى - ئۈستى ئۈچ بۇرجەك شەكىللىك رەسىم، يىلان باغرى رەسىم، رومبا شەكىللىك رەسىملەر سىزىلغان. بۇلارنى يېزىقنىڭ ئېنىق بەلگىسى دېيىشكە بولمىسىمۇ، لېكىن ئەڭ دەسلەپكى يېزىقنىڭ بىخى دېيىشكە بولىدۇ. تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، تۇرپان ئۇيغۇرلىرى تارىختا، ئاساسلىقى، تۈرك - رونىك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، مانى يېزىقى ۋە براخمان يېزىقىدىن ئىبارەت تۆت خىل يېزىقنى قوللانغان.

تۇرپان رايونى مىلادىدىن ئىلگىرى غەرب - شەرق قاتنىشىنىڭ تۈگۈنى، شۇنداقلا يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى ئىدى. بۇ يەر ھەر خىل دىنلارنىڭ ئەركىن تارقىلىشى، ھەر خىل مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى، ئولتۇراقلىشىشى، يەنە كۆچۈشى، ھەر خىل يېڭى مەدەنىيەت ۋە يېڭى ئېقىملارنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىشىدا مۇھىم بازا ئىدى. شۇڭا كېيىنكى ئالىملار بۇ يەرنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ «يەر ئاستى مۇزېيى» دەپ ئاتاشقان. پەقەتلا ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان يازما ماتېرىياللارنىڭ سانىغا قارىغاندا، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ. يالغۇز قاراغوجا خارابىسىدىنلا 2700 پارچىدىن ئارتۇق يازما ماتېرىياللار تېپىلغان. بۇ ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، بۇ رايوننىڭ قوللۇق تۈزۈم دەۋرىدىكى مائارىپى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان بولۇپ، مائارىپنىڭ مەزمۇنى مول، مەكتەپلەرنىڭ تۈرى كۆپ خىل ئىدى.

(1) ئوردا مەكتەپلىرى. قەدىمكى تۇرپان رايونىنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى خېلىلا تەرەققىي قىلغان، بىلىملىك، ئىقتىدارلىق كىشىلەر قەدىرلەنگەن ھەمدە دۆلەتنى باشقۇرۇشقا قاتناشتۇرۇلغان. شۇڭا ئوردىدا مەخسۇس ئەمەلدارلارنى تەربىيىلەش ئورۇنلىرى قۇرۇلغان. بۇ يەردە تەربىيىلىنىپ لاياقەتلىك بولغانلار ھەرقايسى ھوقۇقلۇق ئورۇنلارنىڭ ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلەنگەن.

(2) ئىبادەتخانا مەكتەپلىرى. تۇرپان رايونى ھەر خىل دىنلارنىڭ ھەرقايسى جايلارغا تارقىلىشىدىكى ۋاستىلىك ئورۇنلارنىڭ بىرى بولغاچقا، ئىبادەتخانا مەكتەپلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى يۇقىرى بولغان. ئىبادەتخانىلاردا نۇرغۇن كىتابلار ساقلىناتتى، مۇدەررىس ۋە تالىپلار مۇتالىئە قىلىشاتتى. مۇشۇ دەۋردە ساقلىنىپ قالغان نىستورى دىنى ئەقىدىسى مەزمۇن قىلىنغان ئەسەرلەردىن «ئىۋانگىلىيوم» ، «سانت گىئورگىنىڭ شېھىت بولۇش خاتىرىسى» ؛ مانى دىنىغا ئالاقىدار ئەسەرلەردىن «ئىككى يىلتىزنوم» ، «مانى دىنى مۇرتلىرىنىڭ تۇۋانامىسى» ، «ئىرق پۈتۈك» ؛ زارائاسترا (ئاتەشپەرەسلىك) ئەقىدىسىگە ئائىت ئەسەرلەردىن «ئەۋلىيا قەسىدىلىرى» قاتارلىقلار بار. ساقلانغان تارىخىي ئەسەرلەر ئىچىدە «ئوغۇزنامە» تىپىك ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(3) دىنىدىن خالىي مەكتەپلەر. ئەينى ۋاقىتتا ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا بىلىملىكلەر بەك قەدىرلىنەتتى، شۇڭا تەربىيىلىگۈچىلەر «ئېلتەبىر» (eftebir) دەپ ھۆرمەتلىنەتتى. يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ئىچىدىلا ئەمەس، ئوتتۇرا، تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر ئىچىدىمۇ بالىلىرىنى مەكتەپكە بېرىپ تەربىيىلەش كەيپىياتى ئەۋج ئالغانىدى.

مەكتەپتە ساۋات چىقىرىش — خەت يېزىش، ئوقۇش ئاساسلىق ئوقۇتۇش مەزمۇنى بولۇپ، خەت يېزىش، ھەر خىل قول يازمىلارنى كۆچۈرۈش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئىدى (تېپىلغان قىزىلمىلار ئىچىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەشق دەپتەرلىرىمۇ بار) . ھېسابلاش ئىلمى، مۇنەججىملىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بىلىملىرى ئىدى. چۈنكى دېھقانچىلىق، سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرى (دۇنياغا مەشھۇر كارىز قۇرۇلۇشى)، ئىبادەتخانىلارنى لايىھەلەش - ياساش، پادىشاھلارنىڭ قەبرىلىرىنى ياساش (مەشھۇر ئاستانە قەبرىستانلىقىنى ياساش) ، جەسەتلەرنى قۇرۇق ساقلاش تېخنىكىلىرىدا بۇ پەنلەر بولمىسا بولمايتتى.

جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالە دەۋرىدىن كېيىن (مىلادى 490 - يىلدىن 640 - يىلغىچە) ، ئىچكى رايونلاردىكى خەنزۇلار بىلەن بولغان ئالاقىنىڭ قويۇقلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى مەدەنىي - مائارىپقا خەنزۇ مەدەنىيىتى بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن، بولۇپمۇ قوجو خانلىقىنىڭ كۆي جەمەتىدىكى قاڭقىللارنىڭ كۆپ قىسمى خەنزۇ مەدەنىيىتىنى كۆپلەپ قوبۇل قىلغان. بۇ دەۋردە خەنزۇ ئەدەبىياتىنى قوشۇمچە ئۆگىنىش بىر خىل ھەۋەسكە ئايلانغان. ئەينى ۋاقىتتىكى مەكتەپلەردە خەنزۇچە ئەسەرلەردىن «مۇھاكىمە ۋە بايان» (论语) ، «ماۋچاڭ - ماۋخۇڭنەزمىلىرى» (毛诗) ، «ۋاپانامە» (孝经) قاتارلىقلار يەرلىك تىلدا ئوقۇلۇپ ئوقۇتۇش مەزمۇنى تېخىمۇ بېيىتىلغانىدى.④

## 2. ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى مائارىپى

مىلادى 840 - يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئۇ جايدىكى بىر بۆلەك ئۇيغۇرلار جەنۇبقا كۆچۈپ قاڭقىل ئۇيغۇرلىرى بىلەن بىرلىكتە مەشھۇر ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى، ئۇلار كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدىن مۇقىم ئولتۇراقلاشقان، شەھەر، يېزىنى ئاساس قىلغان دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە كۆچتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىرگە، ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلدى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ جېنى بولغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر مائارىپى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يېڭى تارىخىي

دەۋرگە قەدەم قويدى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي جەرياندا بىرقانچە خىل دىنىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە بۇددا دىنىنىڭ تەسىرى ئىنتايىن زور بولغاچقا، ئەينى ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى قويۇق بۇددا دىنى تۈسىنى ئالغانىدى. بۇددا دىنىنىڭ ماخايانا مەزھىپىگە تەۋە بولغان ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى XII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە (يەنى خانلىق يىمىرىلگەنگە قەدەر) بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن. شۇڭا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە بۇددا دىنىغا كۆپرەك تايانغان، بۇددا دىنى جەمئىيەتتە مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ، ھەرقايسى ساھەلەرگە كەڭ - كۆلەمدە سىڭىپ كىرىپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ سىياسىيسى، ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى، مائارىپى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇددا دىنى مائارىپى مۇشۇ دەۋردىكى مائارىپنىڭ مەركىزىي ھالقىسى بولۇپ قالغان. بۇددا دىنىنىڭ «ھەممە كىشى نىرۋاناغا يېتەلەيدۇ» دېگەن تەلىماتى جەمئىيەتتە زور تەسىر قوزغىغان. شۇ سەۋەبتىن، جاي - جايلاردا كەڭ كۆلەمدە بۇددا ئىبادەتخانىلىرى. مىڭ ئۆي، بۇتخانىلار سېلىنىپ، دىنىي پائالىيەتلەر ۋە تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىنىڭ مەركىزى قىلىنغان. بۇ ئىبادەتخانا، مىڭ ئۆيلەردە بۇت ھەيكەللىرى ناھايىتى ھەيۋەتلىك ياسالغان، شەيخ - تالىپلار ناھايىتى كۆپ بولغان. بۇ دەۋرگە مەنسۇپ بولغان بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدىن سىڭگىم ئىبادەتخانىسى، ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى ۋە يارغۇل قەدىمىي شەھىرى قاتارلىق جايلاردىكى ئىبادەتخانا خارابىلىرى ھازىرمۇ بار. سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندې ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا ئەلچىلىككە كەلگەندە، ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ بۇددا ئىبادەتخانىسى مۇنداق تەسۋىرلىگەن: «بۇ يەردە ئەللىكتىن ئارتۇق بۇددا ئىبادەتخانىلىرى رايونى بولۇپ «گادىنچۇر نومى» (大藏经)، «تاڭ كۇيلىرى» (唐韵)، «سۆزلەر جەۋھىرى» (玉篇)، «سۇترا سۇۋادا» (经音) قاتارلىق كىتابلار ساقلىنىدىكەن، كىشىلەر بۇ يەردە توپ - توپ بولۇپ ئىبادەت قىلىشىدىكەن». ⑤ لى جىڭۋېي تەرجىمە قىلغان «تۇرپان ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ئىجتىمائىي ئىگىلىك توغرىسىدىكى تاللانما» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان) دېگەن كىتابتا: تۇرپان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا ئىبادەتخانا aryadan (ئارىيادان)، دىنىي خادىملار bas̆ insilawant (باشىن سىلاۋانت)، پاكى buyac̆urbsilawanti (بايانچۇر بىسلاۋانتى)، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرغۇچىلار saz — inulur (ساز - ئەنۇلۇر) دەپ ئاتىلاتتى دېيىلگەن. بۇ ماتېرىياللاردا يەنە saz — un (ساز - ئۇن) سۆزى بولۇپ، بۇ دىنىي رايون مەنىسىنى بىلدۈرەتتى، بۇ ۋاڭ يەندې تىلغا ئالغان دىنىي رايون دېگەننىڭ مەنىسى بىلەن ئوخشاش. بۇ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىبادەتخانىلىرىنىڭ بىر تۇتاش مۇكەممەل قۇرۇلما ھالىتىدە بىر رايوننى شەكىللەندۈرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىدا ئىبادەتخانىلارنىڭ قۇرۇلۇشى ئۆلچەملىك بولۇپ، ناھايىتى ھەيۋەتلىك تۈس ئالغان. مەسىلەن، يارغۇل قەدىمىي شەھىرىدىكى بۇددا ئىبادەتخانىسى شۇ شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ ئادەتتىكى قۇرۇلۇشلارغا تەبىئىي ھالدا ئوخشىمايدۇ. 8 — 9 مېتىر ئېگىزلىكتىكى سوقما تاملاردىن چەنزە تۈشۈكلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئىبادەتخانىلار تەربىيىلەنگۈچىلەرنىڭ بىلىم ئېلىش مەركىزىگە ئايلانغان. ئىبادەتخانىلاردا ئۇلار نوملار ئۈنلۈك قىرائەت قىلىشاتتى. ئۇلار يەنە ئېتېكاپتا ئولتۇرۇش، بۇددا يۈلىنىپ ئولتۇرۇش، دۇئا - تىلاۋەت قىلىش، سەجدە قىلىش قاتارلىق ئىبادەت قىلىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باراتتى. ئەمما بۇلار ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى نوقۇل دىنىي پائالىيەت بولماستىن، ۋاستىلىك بىلىم ئېلىش پائالىيىتى ئىدى.

ئىبادەتخانا مائارىپىدا مۇنتىزىم ئوقۇتۇشنى مەزمۇن قىلغان ۋە بىرلىككە كەلگەن تۈزۈم شەكىللەنمىگەن بولۇپ، بۇددا نوملىرى ئاساسلىق دەرس قىلىناتتى. چۈنكى ئۇ چاغدا بۇددا نوملىرى بارلىق بىلىمنىڭ مەنبەسى دەپ قارىلاتتى. شۇڭا شېيخلار بۇددا نوملىرىنىڭ پەلسەپىۋى قائىدىلىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۆز بىلىمىنى چوڭقۇرلاشتۇراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، لوگىكىلارمۇ ئوقۇتۇش مەزمۇنىغا كىرگۈزۈلگەنىدى. ئۇستازلار تالىپلارغا ھەر خىل پەنلەرنى ئۆگىتىشتە، مۇرەككەپ بولغان سانسكرىت تىلى بىلەن سۆزلىمەي، بەلكى ئاددىي يەرلىك تىلدا سۆزلەيتتى. ئوقۇتۇشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ئۇستازلار سۆزلەش، تالىپلار يادلاش ئۇسۇلى قوللىنىلغان بولسا، دەرسنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇرلاشقاندا مۇنازىرىلىشىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، ئوقۇتۇش ئىخچىمۇ جانلاندۇرۇلاتتى. ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى بېيىتىش، دەرسلىكنى تولۇقلاش ئۈچۈن، بۇددا نوملىرى كۆپلەپ تەرجىمە قىلىنغان. شىنجاڭ بۇددا مائارىپىنىڭ پېشۋاسى دەپ ئاتالغان پورتىدىن ( 佛图登 ) (مىلادى232—340 - يىل) مىلادى 310 - يىللاردا (غەربىي جىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە)، تۇرپاندىن لوياڭغا بېرىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، ئۇ ئۇزۇن يىللار مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، 319 - يىلى ئىبادەتخانا مەكتەپلىرىنى تەسىس قىلغان، ھەر يىلى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن مىڭلىغان ئوقۇغۇچىلار لوياڭغا توپلىنىپ ئۇنىڭ دەرسىنى ئاڭلىغان. ئۇ نۇرغۇن بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىپ دەرسلىك مەزمۇنىنى بېيىتقان، بىر تۈركۈم بۇددا ئۆلىمالىرىنى يېتىشتۈرگەن.

سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاتاقلىق بۇددا مائارىپچىسى بولۇپ، ئۇ تەرجىمە قىلغان «ئالتۇن يارۇغ» ئەينى زاماندىكى بۇددا ئەسەرلىرى ئىچىدە ئەڭ مۇقەددەس دەستۇر ھېسابلىناتتى. ئۇ يەنە «شۈەن زاڭنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن كىتابنىمۇ تەرجىمە قىلغان، ئۇ ئانا تىلدىن باشقا، يەنە ئەنەتكەك - سانسكرت تىلى، خەنزۇ تىلى، توخرى تىلى، تاڭغۇت تىلى، تىبەت تىلى قاتارلىق تىللارنىمۇ پىششىق بىلەتتى. بۇ دەۋردە ئۆتكەن ئاتاقلىق مائارىپچى ۋە تىلشۇناسلاردىن ئاپرىنچۇر تېكىن، كۆلتارقان، كىكى ئاسىخ تۇتۇڭ، چىسۇيا تۇتۇڭ، قالىم كەيشى، بۇيان قاياقال، كۇنچۇك، ئىدۇق - قۇت، سىلىغ تېكىن، كىكى قۇرسا، چۇچۇ قاتارلىقلار ئۆتكەن. ئۇلار نۇرغۇن بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلغان. مەسىلەن:

①« 俱舍论 » «ئابىدارما كوشاۋاردى»
«Abihidharmakoxa»

②« 妙法莲花经 » «سادىدارما پۇندارىكا سۇترا»
«Kuan xi— in pusar»

③« 华严经 »
«بۇددا ۋاتام ساك ماخاۋايپۇلىيا سۇترا»
«lin hua qəqək üzəki itigə yarati iatli»

④« 阿弥陀经 » «ئامىتابا سۇترا»
«Abitakisutra»

⑤« 阿含经 » «ئاگاما سۇترا».
«Āgamas»

⑥« 弥勒会见经 » «مائىتري سىمىت»
«Maitirsimt»

بۇددا دىنى ئەقىدىسىدە، بىرەر نومنى كۆچۈرۈش ياكى تەرجىمە قىلىش، يا بولمىسا بىرەر سۇترانى ئوقۇپ تاماملاش بىر خىل «بۇيانلىغ» يەنى ساۋابلىق ئىش ھېسابلىناتتى، بۇ، بۇددا مائارىپىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن تۈرتكىلىك

رول ئوينىغان. بۇ مەزگىلدە، بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىغا قارىتا كەڭ كۆلەملىك تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىش بۇددا مائارىپىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى ئىدى. مىللىي بايراملاردا ۋە يېڭى ئاينىڭ 15 - كۈنى (قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ يىلنامىسى) ئەر - ئاياللار توپ - توپ بولۇپ ئىبادەتخانىلارغا بېرىپ توۋا قىلىش، دۇئا تىلاۋەت قىلىش، ھېكايە ئېيتىشىش، سۈرەتكە قاراپ تەپسىر قىلىش، دراما ئەسەرلىرىنى سۆزلەش، دىنىي ئەقىدىلەر ئۈستىدە بەس - مۇنازىرە قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىناتتى، ⑥ بۇ خىل دىنىي پائالىيەتلەر نوقۇل ئىبادەتخانا پائالىيىتى بولماستىن، بەلكى ئۇ ساستاياس (sastayas 经论) تەلىماتىنى پىششىق بىلىدىغانلارنىڭ جانلىق، ئوبرازلىق تىل بىلەن قىلغان بايانلىرى بولغاچقا، ئاممىغا كەڭ كۆلەمدە تەلىم - تەربىيە بېرىش رولىنى ئوينايتتى.

قىسقىسى، بۇددا دىنى مائارىپى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن، ئۇنىڭدىكى مەرتىۋىسىگە قارىماي ھەممە كىشىنى تەلىم - تەربىيە ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش، كەلگۈسى دۇنيادىكى بەخت - سائادەتتىن بەھرىمەن قىلىش ھەققىدىكى تەشەببۇسلار ھەرقايسى تەبىقىدىكىلەرنىڭ ئارزۇسىغا ماس كەلگەن. دېمەك، تۆۋەن تەبىقىدىكى ئەمگەكچىلەرنى مەلۇم دەرىجىدە ئېتىبارغا ئېلىپ تەلىم تەربىيە ئوبيېكتلىرىنى كېڭەيتىش شۇ ۋاقىتتىكى مائارىپنىڭ مەلۇم ئىلغارلىق تەرىپى ھېسابلىنىدۇ.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بۇددا دىنى مائارىپى لياۋ، سۇڭ، جىڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدە يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلىنىپ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن. كېيىنچە موڭغۇل ئىستىلاسى تەسىرى، شۇنداقلا ئىسلام دىنىنىڭ سىڭىپ كىرىشى نەتىجىسىدە، بۇ رايوندىكى بۇددا دىنى مائارىپى تەدرىجىي ئاجىزلاپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئىسلام ئىدېئولوگىيىسى مائارىپى ئىگىلىدى.

---

**ئىزاھلار:**

① سۇبىخەي: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى قاڭقىللار، ئوغۇزلار، ئېگىز هارۋىلىقلارنىڭ مۇناسىۋىتى»، «قەشقەر سىفەن شۆيۈەنى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 90 - يىل 10 - سان (خەنزۇچە).

②ئەنۋەر بايتۇر: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ نەشرى، 464-465 - بەتلەر.

③ ياپونىيىلىك ئابىي تالېئو ئەپەندى يازغان «غەربىي ئۇيغۇر خانلىقى ئۈستىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ خەنزۇچە نەشرى.

④ «شىمالىي سۇلالە تارىخى»، 97 -جىلد، «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 18 - بەت.

⑤ «سۇڭ نامە»، «ئىدىقۇت تەزكىرىسى»، 14112 - بەت.

⑥ (Maitrisimit» A. Gabain») قالدۇقلىرى فوتوسۈرەت نوسخىسى)، 1957 - يىل نەشرى، 29 - بەت.

# لۇغەت ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا

## — ئۇيغۇرلاردا لۇغەتچىلىك

رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، لۇغەتنىڭ ئالاھىدىلىكى، تۈرلىرى، لۇغەت تۈزۈش پرىنسىپلىرى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ لۇغەتچىلىك ئەنئەنىسى، جۈملىدىن لۇغەتنىڭ ئىنسانلار مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىدىكى رولى قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ.

لۇغەت ئەرەبچە سۆز بولۇپ، مەنىسى بىر مىللەتنىڭ سۆزلىشىدىغان تىلى، تىلنى تەشكىل قىلغۇچى سۆزلەرنىڭ يىغىندىسى، بىر تىلدىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ياكى بىر قىسمىنى ئېلىپبە تەرتىپىگە سېلىپ ئەينى تىل ياكى باشقا بىر تىل بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان كىتاب دېگەندىن ئىبارەت. دېمەك، بىر تىلدىكى لېكسىكىلىق بايلىقلارنى توپلاپ، ئۇلارنى ئېلىپبە تەرتىپىگە سېلىپ، مەلۇم مەقسەت ئۈچۈن مەلۇم ئۇسۇلدا تۈزۈلىدىغان كىتاب لۇغەت دېيىلىدۇ.

ئىلىم - پەن كۈن ساناپ راۋاجلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، كىشىلەرنىڭ ئىلىم - پەنگە بولغان تەشنالىقىمۇ ئېشىپ بارماقتا. ھەرقانداق بىر ئادەم ۋاقىت ۋە زېھنىي كۈچىنىڭ چەكلىمىسى بىلەن، ئىلىم - پەننىڭ ئازلا بىر قىسمىنى ئىگىلىيەلەيدۇ. لۇغەتلەردە بولسا باي بىلىم توپلانغان بولۇپ، كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئۆزىگە كېرەكلىك تۈرلۈك بىلىملەرگە ئىگە بولالايدۇ. شۇڭا لۇغەت كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش، ئۆگىنىش ۋە خىزمىتىدە كەم بولسا بولمايدىغان قورال ۋە پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، لۇغەتنى بىلىمگە تەشنالارنىڭ ئۇستازى ۋە مەسلىھەتچىسى دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا دۇنيادا لۇغەتچىلىك ئىشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ، بولۇپمۇ ئىلىم - پەن ئىگىلەش، تىل ئۆگىنىش ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئېھتىياجى تۈرلۈك لۇغەتلەرگە بولغان تەلەپنى ئاشۇرماقتا.

لۇغەت — بىر مىللەتنىڭ ئىلىم - پەن تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئەينەك. لۇغەت ئىلىم - پەن ساھەسىدە مۇھىم قۇرۇلۇشلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇكەممەل بىر لۇغەتنىڭ بارلىققا كېلىشى شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا زور ۋەقە بولۇپ سانىلىدۇ.

لۇغەتنىڭ قايسى بىر تۈرى بولسۇن، ئۇ مەلۇم بىر مەقسەت ۋە ئەمەلىي ئېھتىياج ئۈچۈن تۈزۈلىدۇ. مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى تۈزۈشتە تۆۋەندىكى ئىككى مەقسەتنى ئاساس قىلغان: بىرىنچى، پۈتكۈل تۈركىي

قەبىلىلەر تىلىدىكى سۆزلەرنى توپلاپ، ئۇلارنى سىستېمىغا سېلىش ئارقىلىق شۇ تىللارنى مەلۇم بىر يېزىق نورمىسىغا كەلتۈرۈش؛ تىل ساھەسىدىكى مەۋجۇت مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش. ئىككىنچى، تۈركىي تىللارنىڭ لېكسىكىلىق بايلىقىنى، گرامماتىكا، فونېتىكا ۋە سېمانتىكا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق تۈركىي تىللارنىڭ «مۇقەددەس» ئەرەب تىلىدىن قېلىشمايدىغان تىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش.

كىشىلەرنىڭ تەلەپلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ھەر خىل تىپتىكى لۇغەتلەر تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن، ئوخشىمىغان تىللارنىڭ سېلىشتۇرما لۇغىتى، مەخسۇس بىلىملەر لۇغىتى، ھەر قايسى پەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەجمى بىر قەدەر زور ئېنسىكلوپېدىيىلىك لۇغەت ... دېگەندەك. ئېنسىكلوپېدىيىلىك لۇغەت ئىلىم - پەننىڭ ھەممە ساھەسىدىكى ياكى ئايرىم ساھەسىدىكى بىلىملەرنى ئەتراپلىق بايان قىلىپ بېرىدىغان مۇكەممەل ئۇقۇشلۇق بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولىدۇ. شۇڭا كىشىلەر بۇ خىل لۇغەتنى «ئەتراپىدا تېمى يوق ئۇنىۋېرسىتېت» دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ ناھايىتى ئورۇنلۇق گەپ.

لۇغەت تۈزۈشتە ئىلمىيلىك مەسىلىسى ناھايىتى مۇھىم. ئىلمىيلىك — لۇغەتنىڭ ئۇزۇن زامانغىچە ئۆز قىممىتىنى يوقاتماي مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. بەزىلەر ئىلمىيلىك بىلەن لۇغەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختالغاندا، بۇ مۇناسىۋەتنى ئاقسىل ماددىسى بىلەن جانلىقلار مۇناسىۋىتىگە ئوخشىتىپ: ئاقسىل ماددىسى بولمىسا، جانلىقلار بولمايدۇ، ئىلمىيلىك بولمايدىكەن، لۇغەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، قىممىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ، دەيدۇ. بۇ ناھايىتى توغرا ئېيتىلغان سۆز.

لۇغەت كىشىلەرگە بىلىم بېرىدۇ، لېكىن قانداق ۋە قانچىلىك دەرىجىدە بىلىم بېرىش مەسىلىسى ناھايىتى مۇھىم. بىلىمنىڭ دائىرىسى ھەمدە ئۇنىڭ كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى ئوخشىمىغان تۈر ۋە ھەجىمدىكى لۇغەتلەردە ئوخشاش بولمايدۇ. لېكىن لۇغەتتە زۆرۈر بىلىم كەم بولسا بولمايدۇ. بۇ لۇغەتتىن كۈتۈلىدىغان تەلەپ.

لۇغەت ئىلمىي كۆز قاراشقا، ئىلمىي ئۇسۇلغا ۋە ئىلمىي ماتېرىيالغا ئىگە بولغان بولىدۇ. لۇغەتنىڭ ئىلمىيلىكى كۆز قاراشتا ئىپادىلىنىدۇ. ئىلمىيلىكنىڭ يادروسى بىلىمنىڭ توغرا بولۇشىدا. ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان، ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدىغان بىلىملا توغرا بىلىم بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن كۆز قاراش ۋە ئۇسۇلنىڭ توغرا بولۇشى، ماتېرىيالنىڭ توغرا بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

لۇغەتنىڭ ئىستىمالچانلىقى مەسىلىسىمۇ مۇھىم. ئىستىمالچانلىق — لۇغەتنىڭ سۈپىتىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەملەردىن بىرى. كىشىلەر بىر لۇغەتنى سېتىۋالغاندا، ئالدى بىلەن ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى كۆزدە تۇتىدۇ، لۇغەتنىڭ ئۆزىگە ياخشى «ئۇستاز» بولۇشىنى ئويلايدۇ. شۇڭا لۇغەتتە كىتابخانلارغا ئېھتىياجلىق بىلىم كەم بولماسلىقى، قىيىن مەسىلىلەر يېشىپ بېرىلگەن بولۇشى لازىم.

لۇغەتلەرنىڭ خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تۈرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، لۇغەتلەرنىڭ تۈرى كۆپىيىپ بارماقتا. لۇغەت مەزمۇنى ۋە تۈزۈلۈشىگە قاراپ چوڭ جەھەتتىن «ئېنسىكلوپېدىيىلىك لۇغەت»، «فىلولوگىيىلىك لۇغەت» (تىل لۇغىتى) دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. مەزمۇن ۋە تۈزۈلۈش پرىنسىپى ئوخشاش بولمىغانلىقى شۇنداقلا ئالدىغا قويغان مەقسىتى ۋە ئوبيېكتى ئوخشاش بولمىغانلىقى، بۇ لۇغەتلەر بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ئېيتايلى، ئېنسىكلوپېدىيىلىك لۇغەتلەردە كونكرېت شەيئى ۋە ھادىسە، يەر - جاي ناملىرى، تارىخىي ۋەقەلەر، تارىخىي شەخسلەر، خاس ئاتالغۇلار ۋە باشقىلار ئەتراپلىق بايان قىلىنىدۇ. فىلولوگىيىلىك

لۇغەتلەردە بولسا، سۆزلەرنىڭ ھەر خىل مەنىلىرى، مەنا پەرقلىرى ۋە مەنا ئۆزگىرىشلىرى؛ سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيىسى، دىئالېكتلىق خۇسۇسىيەتلەر، ئىملا نورمىلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلەر ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. قىسقىسى، ئېنسىكلوپېدىيىلىك لۇغەتلەر تېما جەھەتتىن ناھايىتى كەڭ ۋە خىلمۇ خىل بولۇش بىلەن فىلولوگىيىلىك لۇغەتلەردىن پەرقلىنىدۇ. ئېنسىكلوپېدىيىلىك لۇغەتلەر ماتېرىيالىنىڭ ھەجمىگە، بېرىلىدىغان ئىلمىي مەلۇماتنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشىغا، مەلۇم بىر ئىلىم ساھەسى بىلەن چەكلەنگەنلىكىگە قاراپ تۈرلۈك شەكىل ۋە خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن. شۇ سەۋەبلىك، ئېنسىكلوپېدىيىلىك لۇغەتلەر لۇغەتشۇناسلىقنىڭ بىۋاستە تەتقىقات ئوبيېكتى ئەمەس. لۇغەتشۇناسلىقنىڭ ئاساسلىي ئوبيېكتى، فىلولوگىيىلىك لۇغەتلەر. فىلولوگىيىلىك لۇغەتلەر بىر تىللىق، ئىككى تىللىق ۋە كۆپ تىللىق لۇغەت دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

بىر تىللىق لۇغەت بىرلا تىلنىڭ سۆز بايلىقى ئاساسىدا ئۆز مىللىتىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تۈزۈلىدۇ. ئېتىمولوگىيىلىك لۇغەت، تارىخ لۇغىتى، ئىزاھلىق لۇغەت، دىئالېكتلار لۇغىتى، مەنىداش سۆزلەر لۇغىتى، ئىملا لۇغىتى، چەتتىن كىرگەن سۆزلەر لۇغىتى، تۇراقلىق بىرىكمىلەر لۇغىتى، تەلەپپۇز لۇغىتى، كىشى ئىسىملىرى لۇغىتى، يەر - جاي ناملىرى لۇغىتى، قارىمۇ قارشى مەنىلىك سۆزلەر لۇغىتى، ئاتالغۇلار لۇغىتى دېگەندەك لۇغەتلەر بىر تىللىق لۇغەت جۈملىسىگە كىرىدۇ. تۆۋەندە بۇلاردىن بىر نەچچىسىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

1. ئېتىمولوگىيىلىك لۇغەت. بۇ خىل لۇغەت بىر سۆزنىڭ دەسلەپكى مەنىسى بىلەن شەكلىنى، شۇ سۆزنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىنى ھەمدە تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا بولغان مەنە ۋە شەكىل جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ خىل لۇغەتكە ئېتىمولوگىيىسى ئېنىقلانغان ياكى تەخمىنىي ئېنىقلانغان سۆزلەر كىرگۈزۈلىدۇ.

ئېتىمولوگىيىلىك لۇغەت مىللىي تىل تارىخىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئېتىمولوگىيىلىك لۇغەت بىر مىللەتنىڭ تىل تارىخىنى، مەدەنىيەت تارىخىنى، جەمئىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ خىل لۇغەت كۆپ ئىلمىي تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ، لۇغەتكە كىرگەن ھەربىر سۆزنىڭ ئىلمىي ئاساسقا ئىگە بولۇشى، تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن توغرا تەبىرلەنگەن بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇڭا ئېتىمولوگىيىلىك لۇغەتنى تۈزۈشتە، لېكسىكىلىق، سېمانتىكىلىق، فونېتىكىلىق - مورفولوگىيىلىك ئۇسۇللارغا ھەم تارىخىي ئېتنوگرافىيىلىك پاكىتلارغا مۇراجىئەت قىلىنىدۇ. مانا مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلى، ئېتىمولوگىيىلىك لۇغەتنى تۈزۈش ئىنتايىن مۇشكۈل ئەمگەك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىل لۇغەتنى تۈزۈش تىلشۇناسلىقتا ئارقىدا قالغان ساھە.

ئېتىمولوگىيىلىك لۇغەت تىلنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىغا ئاساسلىنىپ قالماستىن، يەنە بىر نەچچە تىل ماتېرىياللىرىنى سېلىشتۇرۇش ئاساسىدىمۇ تۈزۈلىدۇ. مانا مۇشۇنداق خۇسۇسىيەتلەرگە ئاساسەن، بۇ خىل لۇغەت «تارىخىي ئېتىمولوگىيىلىك لۇغەت»، «سېلىشتۇرما ئېتىمولوگىيىلىك لۇغەت» دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

ئېتىمولوگىيىلىك لۇغەتلەردە بىر سۆزدە مەنە ۋە شەكىل جەھەتتىن قانداق ئۆزگىرىش بولغانلىقى ئېنىق كۆرسىتىلىدۇ. مەسىلەن:

(1) ئەرۈك. بۇ سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا شاپتۇل، قارا ئۆرۈك، ئۆرۈكلەرنىڭ ئومۇمىي نامى ئىدى. بۇ مېۋىلەر سۈپەت سۆزلىرى ئارقىلىق بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈلەتتى. مەسىلەن، تۈلۈگ ئەرۈك (شاپتۇل). سارىغ ئەرۈك (ئۆرۈك)، قارا ئەرۈك (قارا ئۆرۈك) دېگەندەك. دېمەك، «ئەرۈك» دېگەن بۇ سۆز قەدىمدە كەڭ مەنىدە

قوللىنىلغان بولسا، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا مەنىسى تارىيىپ پەقەت بىرلا مېۋىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ قالغان.

(2) زور. بۇ سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «كۈچ، قۇۋۋەت» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرەتتى. هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا مۇشۇ «زور» سۆزى بىلەن «زورلۇق» (كۈچ ئىشلىتىش)، «زورلىماق» (مەجبۇرلىماق)، «زورۇقماق» (كۈچەنمەك)، «زورلۇق قىلماق» (كۈچ ئىشلەتمەك) دېگەندەك سۆزلەرنى ياساپ قوللانساقمۇ، لېكىن «زور» دېگەن سۆزنى پەقەت «چوڭ» دېگەن مەنىدىلا قوللىنىۋاتىمىز.

(3) ساغلىق. بۇ سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «سېغىلىدىغان هايۋان»لارنىڭ ئومۇمىي نامى ئىدى. هازىر بۇ سۆزنىڭ مەنىسى تارىيىپ پەقەت «قوينىڭ چىشىسى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئېتىمولوگىيىلىك لۇغەتنى تۈزۈش هەم ئىنچىكە هەم جاپالىق ئەمگەك بولغىنى ئۈچۈن، تۈركىي تىللار بويىچە هازىرغا قەدەر بىرەر ئېتىمولوگىيىلىك لۇغەت يارىتىلغان يوق. مۇشۇنداق لۇغەتنى ئىشلەش ئۇيغۇر تىلشۇناسلىرىنىڭ ئالدىدىكى مۇهىم ئىلمىي خىزمەتلەرنىڭ بىرىدۇر.

**2. تارىخ لۇغىتى.** بۇ خىل لۇغەت تىلنىڭ قەدىمكى يادىكارلىقلىرىدىكى سۆز - ئىبارىلەر ئاساسىدا تۈزۈلىدۇ. بۇ خىل لۇغەتنىڭ مەقسىتى: شۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرىشتىن، شۇ سۆزلەردە قانداق ئۆزگىرىشلەر بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

تارىخ لۇغىتىگە سۆزلەر ئېلىپبە تەرتىپى بىلەن ئەمەس، ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىكى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. سۆزلەر هازىرقى زامان تىلى بىلەن ئىزاهلىنىدۇ. بىر سۆزنىڭ ئىزاهى بەلكى بىرەر پارچە ئىلمىي ماقالە بىلەن تەڭ بولۇشى مۇمكىن. ئىزاهلانغان شۇ سۆز ئەڭ بالدۇر قايسى يادىكارلىقتا ئۇچرايدىغانلىقى، سۆز مەنىسىدە بولغان ئۆزگىرىش قايسى يادىكارلىقتا ئۇچرايدىغانلىقى؛ ئەگەر شۇ سۆز ئىستېمالدىن قالغان بولسا، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قايسى يادىكارلىقتا ئۇچرايدىغانلىقى، ... قاتارلىقلار ئېنىق تاپشۇرۇلىدۇ. بىر سۆزنىڭ شەكلى، ئوقۇلۇشى قاتارلىقلارنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىكى ئۆزگىرىشلىرى تارىخىي ماتېرىياللار ئاساسىدا شەرهلىنىدۇ.

تارىخ لۇغىتىنى ئىشلەش — كۆپ ئىلمىي كۈچ تەلەپ قىلىدىغان مۇرەككەپ ۋە ئىنچىكە ئەمگەك. شۇڭا بۇ خىل لۇغەت كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

(1) بارىق. هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئۆي - ۋاق» دېگەن جۈپ سۆزدىكى «ۋاق» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «بارق» شەكلىدە ئىدى. كېيىنچە بۇ سۆزدىكى «ب» تاۋۇشى «ۋ» تاۋۇشىغا ئالمىشىپ هەم «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىپ «ۋاق» شەكلىگە كەلگەن. بەزى تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، كۆكتۈرك دەۋرىدىلا «ئەۋ» (ئۆي) ۋە «بارق» سۆزلىرى ئۇچرايتتى. لېكىن «ئەۋ» بىلەن «بارق» بىر نەرسە ئەمەس ئىدى. «ئەۋ» سۆزى «چېدىر ئۆي»نى بىلدۈرسە، «بارق» سۆزى تاملىرى تاشتىن قوپۇرۇلغان ئاددىي ئۆينى بىلدۈرەتتى. بىلگە قاغان ئابىدىسىدىمۇ بۇ سۆز «ئەۋ بارق» شەكلىدە ئۇچرايدۇ. بۇ سۆز «قۇتات غۇبىلىك» ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئەينى شەكىل ۋە ئەينى مەنىدە ئۇچرايدۇ.

(2) بالىق. «قەلئە ۋە شەهەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بۇ سۆز كۆكتۈرك مەڭگۈ تاشلىرىدا كۆرۈلۈشكە باشلىغان قەدىمكى سۆز. سىڭقۇسەلى «ئالتۇن يارۇق»نى خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغاندا « 城 » دېگەن خەتنى باشتىن ئاياق «بالىق» دەپ تەرجىمە قىلغان. بۇ سۆز «ئوغۇزنامە»دە «بالۇق» شەكلىدە ئۇچرايدۇ.

(3) هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «سۇ» سۆزى ئەسلىدە «سۇب» شەكلىدە ئىدى. بۇ سۆز كۆكتۈرك مەڭگۈ تاشلىرىدا ئۇچرايدۇ. كېيىنچە «ب» تاۋۇشى «ۋ» تاۋۇشىغا ئالمىشىپ «سۇۋ» شەكلىگە كەلگەن. هازىر بىرمۇنچە تۈركىي

خەلقلەر «سۈۋ» شەكلىدە قوللانماقتا. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بولسا «سۇ» شەكلىدە قوللىنىلماقتا.

**3. ئىزاھلىق لۇغەت.** بىر تىللىق لۇغەتلەر ئىچىدە ئىستېمال قىممىتى ئەڭ يۇقىرى بولغىنى ئىزاھلىق لۇغەتتۇر. بۇ لۇغەتنىڭ ئۆز ئالدىغا قويغان مەقسىتى ئانا تىلدىكى سۆزلەرنى بىر - بىرلەپ ئىزاھلاپ، تىلدىن پايدىلانغۇچىلارنىڭ تىلدىن توغرا پايدىلىنىشىغا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت. ئىزاھلىق لۇغەت يالغۇز كىشىلەرنىڭ تىلدىن توغرا پايدىلىنىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىپلا قالماستىن، يەنە ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە ئۆلچەملەشتۈرۈش جەھەتتە زور رول ئوينايدۇ.

ئىزاھلىق لۇغەتنىڭ بىردىنبىر ۋەزىپىسى — ئىزاھلاش. شۇڭا ئىزاھنىڭ ئېنىق، توغرا، ئىخچام ۋە ئىلمىي بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇلار لۇغەتنىڭ سۈپىتىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ھالقا. ئىزاھنىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ، يەنە شۇ سۆزنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى مىسال بىلەن كۆرسىتىلىدۇ، مىسال قانچە ئىخچام بولسا شۇنچە ياخشى، مىسالنىڭ ئېلىنغان ئورنى كۆرسىتىلىدۇ. سۆز مەنىسىنى ئىزاھلاش كۆپ كۈچ تەلەپ قىلىدىغان ئىنچىكە ئەمگەك. شۇنىڭ ئۈچۈن لۇغەت تۈزگۈچى ئېتىمولوگىيە، سېمانتىكا، گراماتىكا قاتارلىق تىل ئىلىملىرىدىن ئوبدان خەۋەردار بولۇشى لازىم.

لۇغەتتە سۆز مەنىسىنى بەرگەندە، كۆچمە مەنە بىلەن كېڭەيگەن مەنە ئۆزىگە ئاساس بولغان مەنىدىن كېيىن بېرىلىدۇ. لۇغەتكە تۈپ سۆزلەر، ياسالما سۆزلەر، جۈپ سۆزلەر، بىرىككەن سۆزلەر، سۆز بىرىكمىلىرى، تۇراقلىق بىرىكمىلەردىن ئادەت سۆزلىرى، تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى، ئىدىئوملار، ماقال - تەمسىللەر كىرگۈزۈلىدۇ. بىر سۆزنىڭ قايسى سۆز تۈركۈمى ئىكەنلىكى، شۇ سۆزنىڭ قايسى تىلغا تەۋەلىكى، شۇ سۆزنىڭ قايسى ساھەگە خاسلىقى قىسقارتىلما سۆز بىلەن كۆرسىتىلىدۇ.

ئىزاھلىق لۇغەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىرى، تولۇق ئىزاھلىق لۇغەت بولۇپ، بۇنىڭغا بىر تىلنىڭ ھەممە لېكسىكىلىق بايلىقى كىرگۈزۈلگەن بولىدۇ. يەنە بىرى، ئەدەبىي تىلنىڭ سۆز بايلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش بىلەنلا چەكلىنىدۇ. مەسىلەن:

(1) ساداق — يا ئوقىنى سېلىپ بەلگە باغلىۋالىدىغان ياكى مۈرىگە ئېسىۋالىدىغان خالتا؛ ئوق خالتىسى.

(2) سۆگەل — بەدەندە، كۆپىنچە قول ياكى پۇتتا بولىدىغان قاتتىق يۇمىلاق ئۆسمە.

(3) تەبەسسۇم (ئەرەبچە) — يۈز، كۆز ۋە لەۋلەرنىڭ كۈلۈمسىرەش ھالىتى.

(4) تەمكىن (ئەرەبچە) — سالماق، ئېغىر-بېسىق.

(5) ئاينىماق — ئۆزگەرمەك؛ ھەرقانداق نەرسىنىڭ بىر ھالەتتىن باشقا بىر ھالەتكە كۆچۈشى.

**4. دىئالېكتلار لۇغىتى.** دىئالېكت ۋە شېۋە ئومۇمىي خەلق تىلىنىڭ تەركىبىي قىسمى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئايرىم خۇسۇسىيەتلىرى (فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق ۋە گراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەر) بىلەن ئورتاق ئەدەبىي تىلدىن پەرقلىنىدۇ. ئەدەبىي تىل مەلۇم بىر دىئالېكت ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ، لېكىن ئۇ نورمىغا چۈشۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ، دىئالېكت - شېۋىلەر ئەدەبىي تىلغا بويسۇنىدۇ. شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، ئەدەبىي تىل دىئالېكت - شېۋىلەرنى ھەرگىز چەتكە قاقمايدۇ، بەلكى ئۇلاردىن ھاياتىي كۈچكە ئىگە تەركىبلەرنى قوبۇل قىلىپ ئۆزىنى بېيىتىدۇ.

دىئالېكتلار لۇغىتى مەخسۇس ئەمەلىي تەكشۈرۈشلەردىن كېيىن تۈزۈلىدۇ. بۇ خىل لۇغەت پەقەت تىل تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچى خادىملار ئۈچۈن تۈزۈلىدۇ، دىئالېكتلار لۇغىتى ئىككى خىل تۈزۈلىدۇ. بىرى، ئۇنىۋېرسال شەكىلدە تۈزۈلىدىغىنى. بۇنىڭغا ھەممە دىئالېكت رايونلىرىدىن سۆز ئېلىنىدۇ. يەنە بىرى، ئايرىم

بىر دىئالېكت ئاساسىدا ياكى ئايرىم بىر دىئالېكت رايونىدىكى شېۋىلەر ئارىسىدا تۈزۈلىدىغىنى. بۇنىڭغا شۇ دىئالېكت رايونىدىكى سۆزلەر ياكى ئايرىم بىر يەرنىڭ شېۋىلىرى كىرگۈزۈلىدۇ.

قايسى خىلدىكى دىئالېكت لۇغىتى بولسۇن، ئۇنىڭغا كىرگەن سۆزلەر ھازىرقى زامان تىلى بىلەن چۈشەندۈرۈلىدۇ، بەزىلىرىگە مىسال كەلتۈرۈلىدۇ. لۇغەتكە كىرگەن سۆزلەر قايسى يەرنىڭ سۆزى ئىكەنلىكى تىرناق ئىچىدە قىسقارتىلما سۆز بىلەن (ت — تۇرپان دېگەندەك) كۆرسىتىلىدۇ. مەسىلەن:

(1) ئەلتەك (ت) — يېتىرقىمايدىغان.

(2) بارلىق (ت) — قول - ئىلكىدە بار، باي.

(3) بىدماق (ت) — كۆڭۈل غەشلىكى، كۆڭۈل بىئاراملىقى.

(4) تازا (ت) — چىقىم، خىراجەت.

(5) داردار (ت) — تالاش - تارتىش. م: بۇ ئىش نۇرغۇن داردار بىلەن ھەل بولدى.

(6) شەپشۈك (ت) — چىپىلغاق. م: شەپشۈك بالا.

(7) كۆرۈشمەك (ت) — ئۈنۈم بەرمەك، شىپا بولماق (دورا)

(8) گۆددەڭگە (ت) — ئوڭدىسىغا. م: گۆددەڭگىسىگە يىقىلىپ چۈشتى.

**5. مەنىداش سۆزلەر لۇغىتى.** مەنىداش سۆزلەر لۇغىتى بىر تىللىق لۇغەتلەرنىڭ مۇھىم بىر تۈرى. بۇ لۇغەت تىلنىڭ لېكسىكىلىق - سېمانتىكىلىق بايلىقىنى، مەنىۋى تۈس جەھەتتىكى پەرقلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ لۇغەت تىلدىن پايدىلانغۇچىلارنىڭ مەنىداش سۆزلەر گۇرۇپپىسىدىكى سۆزلەرنىڭ پەرقىنى بىلىپ ئىشلىتىشىگە ياردەم بېرىدۇ.

مەنىداش سۆز دېگەنلىك مەنىداش سۆزلەر گۇرۇپپىسىدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى ئوخشاش دېگەنلىك ئەمەس. ئۇ سۆزلەرنىڭ بىر - بىرىدىن ئازدۇر - كۆپتۇر ۋە ئىنچىكە مەنا پەرقى بولىدۇ. مەنىداش سۆزلەر لۇغىتىدە مانا مۇشۇنداق پەرقىنى كۆرسىتىپ بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئېيتايلى، «ھارماق» بىلەن «تالماق» سۆزلىرى بىر گۇرۇپپا مەنىداش سۆز بولۇپ، ھەر ئىككىسى بەدەننىڭ سېزىمىنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن ئىشلىتىلىش ئورنى ئوخشىمايدۇ. «ھارماق» سۆزى پۈتۈن بەدەننىڭ سېزىمىنى بىلدۈرسە، «تالماق» سۆزى بەدەننىڭ مەلۇم قىسمىنىڭ سېزىمىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە «قاپارماق، چاۋۇرماق» دېگەن سۆزلەرنى ئالساق، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى بەدەننىڭ مەلۇم يېرىدە قاپارتقۇ پەيدا بولغانلىقىنى بىلدۈرسىمۇ، ئەمما قاپارتقۇنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى ئوخشىمايدۇ. ئېيتايلى، «قاپارماق» سۆزى قاتتىق جىسىمنىڭ بەدەننىڭ مەلۇم بىر يېرىگە كۆرسەتكەن تەسىرى بىلەن پەيدا بولغان قاپارتقۇنى بىلدۈرسە، «چاۋۇرماق» سۆزى قىزىق سۇيۇق جىسىمنىڭ بەدەننىڭ مەلۇم بىر يېرىنى كۆيدۈرۈشى ئارقىسىدا پەيدا بولغان قاپارتقۇنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، مەنىداش سۆزلەرنىڭ مەنە جەھەتتىن بىر - بىرىدىن پەرقى مەنىداش سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭ - تارلىقى؛ بىلدۈرگەن مەنىلىرىنىڭ چوڭقۇر - تېيىزلىقى، قارىتىلغان ئوبيېكت جەھەتتە ۋە ئىپادىلەنگەن تۈس جەھەتتە كۆرۈلىدۇ.

مەنىداش سۆزلەر لۇغىتىدە يۇقىرىدەك ئىنچىكە پەرقلەر كۆرسىتىلگەندىلا، ئاندىن كىشىلەر تىلدىن توغرا پايدىلىنالايدۇ.

ئۇيغۇر تىلى بويىچە مەنىداش سۆزلەر لۇغىتى ھازىرغىچە ئىشلەنگىنى يوق. بۇنى ئىشلەش ئۇيغۇر تىلشۇناسلىرىنىڭ ئالدىدىكى يەنە بىر مۇھىم ۋەزىپىلەردىن بىرىدۇر.

**6. تۇراقلىق بىرىكمىلەر لۇغىتى.** تۇراقلىق بىرىكمىلەر لۇغىتى بىر تىللىق لۇغەتلەر ئىچىدە ئەڭ مۇھىملىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل لۇغەت بىر تىلغا خاس بولغان تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى، ئىدىئوم ۋە ماقال - تەمسىللەر ئاساسىدا تۈزۈلىدۇ. لۇغەتكە بىرىكمىلەر باش سۆز سۈپىتىدە ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ مەنىلىرى مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈلىدۇ.

شۇنداقلا مىسالنىڭ نەدىن ئېلىنغانلىقىنى كۆرسىتىلىدۇ. مەسىلەن:

(1) ئاغزىنى تاتلىق قىلماق. بۇ، ئىشقا ئاشمايدىغان قۇرۇق خىيال بىلەن ئۆزىنى خۇشال قىلغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

(2) بېشى باغلاقلىق. بۇ، چاي ئىچكۈزۈپ قويۇلغان قىزلار ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، سائادەتكە بىر يىلدىن بېرى ھەر كۈنى دېگۈدەك ئەلچىلەر كېلىدىكەن، موماي ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە بېشى باغلاقلىق، دەپ جاۋاب بېرىدىكەن («ئۆتكەن كۈنلەر»)

(3) شاختىن ساخقا قونماق. بۇ، بىر ئىشتىن ياكى بىر پىكىردىن ئاسانلا باشقا بىر ئىش ياكى پىكىرگە ئۆتۈۋېرىدىغان ئادەملەر ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن،

مەۋقەسى يوق، بېلى بوش، ئۇجمە كۆڭۈل كىشىنىڭ، شاختىن شاخقا قونغاچقا ساپاسى يوق ئىشىنىڭ. (گېزىتتىن)

تۇراقلىق بىرىكمىلەرنىڭ مەنداشلىرى بار بولسا، بۇنىڭ ئالدىنقىسى ئىزاھلىنىپ، كېيىنكىسىنىڭ ئىزاھى ئالدىنقىسى ئىزاھقا قالدۇرۇلىدۇ.

تۇراقلىق بىرىكمىلەر لۇغىتىنىڭ تۈزۈلۈشى ئىككى خىل بولۇشى مۇمكىن. بىرى، لۇغەت تەركىبىدىكى تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى، ئىدىئومىلار، ماقال - تەمسىللەردىن تەركىب تاپقان ئۇنىۋېرسال لۇغەت. يەنە بىرى، تۇراقلىق بىرىكمىلەرنىڭ مەلۇم تەركىبىي قىسمى ئاساسىدا تۈزۈلىدىغىنى.

تۇراقلىق بىرىكمىلەر لۇغىتى ئەگەر ئىككى تىللىق تۈزۈلىدىغان بولسا، ئۇلارنى ئىككىنچى تىلغا تەرجىمىسىنى قانداق بېرىش مەسىلىسىنى ئويدان ئويلىشىش لازىم. بۇلارنىڭ تەرجىمىسىنى بېرىشتە ئۇ تەرجىمە قىلىنىدىغان تىلنىڭ تەگدىشىنى بېرىش لازىم، ئەگەر تەگدىشى بولمىسا، مەزمۇنىنى تەرجىمە قىلىپ بېرىش لازىم. مەسىلەن:

(ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە)

باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە، قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە 家丑不可外扬

سادىن لاچىن تۇغۇلىدۇ 鸡窝里能飞出金凤凰

پاختىكى ئوتىدا ئۇچماق 得意洋洋

(خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە)

秉性难移

سۈت بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقار

挂羊头卖狗肉 قويرۇق كۆرسىتىپ ئۆپكە ساتماق

上午栽树,下午乘凉

ئۆچكىگە چىگىتنى بېرىپلا قۇيرۇقىنى سىلىماق يۇقىرىدا بىر تىللىق لۇغەتلەرنىڭ بىرنەچچە تۈرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتتۇق. ئەمدى ئىككى تىللىق لۇغەتكە كەلسەك، بۇ خىل لۇغەت «تەرجىمە لۇغىتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئىككى تىللىق لۇغەتلەر بىر تىلنى ئىككىنچى بىر تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشنى ئاساس قىلىدۇ. يەنى ئانا تىل بىرەر چەت تىلغا ياكى چەت تىل ئانا تىلغا تەرجىمە قىلىنىدۇ. مەسىلەن، «ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە لۇغەت» «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە لۇغەت» دېگەنلەرگە ئوخشاش. ئىككى تىللىق لۇغەت تىل ئۆگىنىش، تەرجىمە خىزمىتى ۋە ئىلىم - پەن ئىگىلەش جەھەتلەردە مۇھىم رولغا ئىگە. شۇنداقلا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىي ئالاقە ۋە خەلقئارادىكى مەدەنىي ئالاقىلارنى ئىلگىرى سۈرۈشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا بۇ خىل لۇغەتكە تەرجىمە قىلىنىشقا بولىدىغان (تېگىشلىك) بارلىق سۆز - ئىبارىلەر كىرگۈزۈلۈپ، ئۇلارنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى بىلەن كۆچمە مەنىسى ئىككىنچى بىر تىلغا توغرا، دەل بېرىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئىككى تىللىق لۇغەتنى تۈزۈش — ناھايىتى قىيىن بولغان ئىلمىي ئەمگەك. قىيىنچىلىق شۇ يەردىكى، بىر تىلغا خاس بولغان بىر سۆزنى ۋە ئۇنىڭ بارلىق مەنىلىرىنى ھەم بۇ مەنىلەرنىڭ جۈملىدىكى ئۆزگىرىشلىرىنى ئىككىنچى تىلغا تەرجىمىسىنى تولۇق بېرىش ئۈچۈن، لۇغەت تۈزگۈچىنىڭ ھەر ئىككى تىلنىڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىنى بىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. چۈنكى، بىر

تىلغا خاس بىر سۆزنىڭ مەنىسىنى ئىككىنچى بىر تىلغا تەرجىمە قىلغاندا، بىرلا سۆز بىلەن بېرىش تەلەپنى قاندۇرالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى تىللىق لۇغەتنى تۈزگەندە، تەرجىمە قىلىنغۇچى تىلدىكى ھەربىر سۆزنىڭ تولۇق مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان ئانا تىلدىكى بارلىق سۆزلەر مۇمكىن قەدەر كۆرسىتىلىشى زۆرۈر.

(خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە لۇغەت)

ئادەم چاقىرماق 叫人 叫(1) چاقىرماق

قوي مەرىمەك 羊叫 مەرىمەك

ئىت ھاۋشىماق 狗叫 ھاۋشىماق

خوراز چىللىماق 鸡叫 چىللىماق

قۇش سايرىماق 鸟叫 سايرىماق

كالا مۆرىمەك 牛叫 مۆرىمەك

ئات كىشنىمەك 马叫 كىشنىمەك

ئېشەك ھاڭرىماق 驴叫 ھاڭرىماق

تاماق بۇيرۇتماق 叫饭 بۇيرۇتماق

تۇغۇلغان كۈن 生日 生(2) تۇغماق

ئۆمۈر بويى 一生 ئۆمۈر

ئوت قالىماق 生火 قالىماق

خام گۆش 生肉 خام

يات ئادەم 生人 يات

ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلماق 招生 ئوقۇغۇچى

(ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە لۇغەت)

(1) پىلتە 捻子，火绳 پوجاڭزا پىلتىسى 爆竹捻子

لەغمەن پىلتىسى 剂子 拉面剂子

بىر پىلتە يىپ 把，桄 一把线

(2) چاقماق I 闪电 چاقماق چاقماق 闪电

چاقماق ئىشلەتمەك 打火机 使用打火机

I 方格 چاقماق رەخت 方格布

(3) چىت I 篱笆 چىت تام 篱笆墙

I 花布 چىت كۆڭلەك 花布裙子

كۆپ تىللىق لۇغەتلەر بىر تىللىق لۇغەت، ئىككى تىللىق لۇغەتلەرگە قارىغاندا ئۇقەدەر راۋاج تاپمىغان. شۇڭا بۇ خىل لۇغەتلەر كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ. بۇ خىل لۇغەتنىڭ كەمچىلىكى شۇ يەردىكى، بۇ خىل لۇغەتلەردە بىر سۆزنىڭ كۆپ مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىككىنچى تىلدىكى ھەممە سۆزلەرنى بېرىش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل لۇغەتلەرنى تۈزۈش ئىنتايىن قىيىن. بۇ خىل لۇغەتنى تۈزگۈچىلەر بىرقانچە خىل تىلنى پىششىق بىلىشى كېرەك.

## ئۇيغۇرلاردا لۇغەتچىلىك

ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا زور مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ياراتقان. ئەنە شۇ يادىكارلىقلارنىڭ بىرى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»، بۇ ئەسەر ئۆزىنىڭ ئىلمىي قىممىتى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا غايەت زور ئورۇن تۇتىدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ دۇنياغا كېلىشى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا يېڭى سەھىپە ئاچتى. بۇ ئەسەر دۇنياغا كېلىشتىن ئىلگىرى تۈركىي تىللار تىلشۇناسلىقىدا، بولۇپمۇ لۇغەتچىلىك ساھەسىدە بۇنىڭغا ئوخشاش ئەسەر يوق ئىدى، بۇ ئەسەر باشقا دۆلەتلەرنىڭ مۇشۇ خىلدىكى لۇغەتلىرىدىن تۆت - بەش يۈز يىل بۇرۇن تۈزۈلگەن. شۇڭا بۇ ئەسەر تۈركىي تىللار لۇغەتشۇناسلىقى تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

دۇنيانىڭ مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن بىرى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىلى توغرىسىدا تارىختا بىرىنچى بولۇپ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى تەكشۈرۈش - تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئالىم ئۆزىنىڭ بۇ ئىلمىي خىزمىتىنى ئاۋۋال ئەمەلىي تەكشۈرۈشتىن باشلىغان. ئاپتور ئۆز ئەسىرىدە ئەدەبىي تىلدىن باشقا ئوغۇز، قىپچاق، ئارغۇ ۋە باشقا تۈركىي قەبىلە خەلقلىرىنىڭ لېكسىكىسىنى تىل ماتېرىيالى سۈپىتىدە خاتىرىلىۋېلىپ تىزىپ قويماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى، مورفولوگىيىلىك ھالەتلىرىنىمۇ ئىلمىي يوسۇندا تەكشۈرگەن.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئەڭ قىممەتلىك

يېزىق شۇكى، ئاپتور بۇ ئەسەردە «خاقانىيە تىلى» نىڭ فونېتىكىلىق ۋە گراماتىكىلىق قانۇنىيەتلىرىنى ۋە لېكسىكىسىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر تىلىنىڭ فونېتىكا، گراماتىكا قائىدىلىرىنى ناھايىتى ئىخچام ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ تەسۋىرلەپ بەرگەن.

ياۋروپادا تۈركىي تىللار تەتقىقاتى كەڭ قانات يايغاندىن بۇيان، مۇجمەل بولۇپ كەلگەن نۇرغۇن مەسىلىلەر «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ تېپىلىشى بىلەن ئايدىڭلىشىپ كەتكەن. شۇۋاقىتقىچە كۆز قاراشلىرى مۇجمەل بولۇپ كەلگەن ئاتاغلىق تۈركولوگلارمۇ ئۆز چۈشەنچىلىرىنى روشەنلەشتۈرۈۋالغان.

سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ياۋروپادا XIX ئەسىردە باشلانغان بولسا، شەرقتە خېلى بۇرۇنلا باشلانغانىدى. XI ئەسىردىلا ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرى سېلىشتۇرما تەتقىقاتنى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرگەن. ئاپتور ئۆز ئەسىرىدە تۈركىي تىللارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرغاندىن سىرت، يەنە تۈركىي تىللار بىلەن ئەرەب تىلىنىمۇ سېلىشتۇرغان.

ئاپتور لۇغەتنى تۈزۈشتە تىل ماتېرىياللىرىنى توپلاشقا كىرىشكەندىن تارتىپ، ئۇلارنى رەتلەپ كىتاب ھالىغا كەلتۈرگەنگە قەدەر «خاقانىيە تىلى» دىن ئىبارەت ئەدەبىي تىل نورمىسىغا قاتتىق رىئايە قىلغان.

قىسقىسى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» XI ئەسىردە تۈركىي خەلقلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىل ۋە مەدەنىيىتى يۈكسەك دەرىجىدە راۋاج تاپقانلىقىنىڭ مەھسۇلى ۋە شاھىدى.

ئۇيغۇرلاردا لۇغەتچىلىك ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. يەنى ئىشەنچلىك مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ تارىخ IX ئەسىرگە بېرىپ تاقىلىدۇ. بۇنى تۆۋەندىكى بىرنەچچە پاكىت بىلەن ئىسپاتلاش مۇمكىن.

1959 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ ئارخېئولوگلىرى تۇرپان ناھىيىسى يالقۇنتاغ ئېتىكىدىكى سىڭگىم بۇددا خارابىلىقىدىن قەدىمكى خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە لۇغەتنىڭ ئۇن نەچچە پارچە كەمتۈك ۋارىقىنى تاپقان. لۇغەتنىڭ بۇ پارچىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا خەنزۇ تىلىنى تەتقىق قىلىشتا زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قازانغانلىقىنىڭ ماددىي ئىسپاتى. بۇ لۇغەت IX ئەسىردە تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇچىنى تەتقىق قىلىشتا بۇنىڭدىن مىڭ يىللار بۇرۇن مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىپلا قالماستىن، يەنە مىلادى XI ئەسىردە ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ئىسلام دىنى شارائىتىدا تۈزۈپ چىققان «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن بىرنەچچە ئەسىر بۇرۇن ئۇيغۇرلاردا بۇددا دىنى شارائىتىدا تۈزۈلگەن لۇغەتنىڭ بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت تىللىرى بىلەن خەنزۇ تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ قىسقىچە سېلىشتۇرما لۇغىتى — «خەنزۇ تىلى بىلەن باشقا تىللارنىڭ سېلىشتۇرما سۆزلۈكى. ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» ئىشلەنگەن. بۇ لۇغەتكە مىڭدىن ئارتۇق سۆز كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ سۆزلەر مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۇرپان ۋە قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ قوللانغان قەدىمكى يېزىق ۋە تىل خۇسۇسىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. لۇغەتتە مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۇرپان ۋە قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى تىلى فونېتىكىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى، گراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى، لېكسىكا جەھەتتىكى بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. لۇغەت يالغۇز مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلىنى ۋە شۇ چاغدىكى تۇرپان ۋە قۇمۇل شېۋىسىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئاساس بولۇپ قالماستىن، يەنە شۇ چاغدىكى خەنزۇ تىلىنىڭ فونېتىكىسىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈنمۇ مۇھىم پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بۇ لۇغەتنىڭ ئىلمىي قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى.

XVIII ئەسىردە چىڭ سۇلالىسى خانىنىڭ بۇيرۇقى ۋە

باش تەھرىرلىكىدە «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» (مانجۇچە، زاڭزۇچە، موڭغۇلچە، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە) تۈزۈلگەن. بۇ لۇغەت بېيجىڭ خان سارىيىدا ساقلانغان كونا قوليازما نۇسخىسى ئاساسەن مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن سۈرەتكە ئېلىش يولى بىلەن 1957 - يىل ئۈچ توم قىلىپ نەشر قىلىندى.

بۇ لۇغەت ئاساسەن مانجۇلارنىڭ باشقا مىللەتلەر تىلىنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن تۈزۈلگەن. ئۇن سەككىز مىڭ سۆزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ لۇغەت مەزمۇنغا باي بولۇپ، تارىخىي ۋە ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە. لۇغەتنىڭ ئۇيغۇرچە قىسمىدا لېكسىكىلىق ماتېرىياللارنىڭ بايلىقى، خىلمۇ خىللىقى، ئۇلارنىڭ سېمانتىكىلىق گۇرۇپپىلارغا دەل ۋە توغرا بۆلۈنۈشى، ئىملا نورمىسىنىڭ ئىزچىل ئىپادىلىنىشى — مانا بۇلار لۇغەتنىڭ ئۇيغۇرچە قىسمىنى تۈزۈشكە قاتناشقۇچىلارنىڭ تىلدىن ناھايىتى ئوبدان خەۋەردار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

لۇغەتتىكى باي لېكسىكىلىق ماتېرىياللار يالغۇز ئۇيغۇر تىلشۇناسلىرى ئۈچۈنلا ئەمەس، يەنە ئۇيغۇر تارىخچىلىرى، ئېتنوگرافلىرى ئۈچۈنمۇ ناھايىتى قىممەتلىك تارىخىي مەنبە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

چەت ئەللەردىمۇ ئۇيغۇر لۇغەتچىلىكىگە مۇناسىۋەتلىك ناھايىتى نۇرغۇن قىممەتلىك لۇغەتلەر ئىشلەندى. بۇلاردىن تۆۋەندە بىرنەچچە لۇغەتنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

تۈركىيىلىك جافەر ئوغلى «تۇرپان تېكىستلىرى» ئاساسىدا 7500 سۆزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆزلەر لۇغىتى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر لۇغەت ئىشلەپ چىققان. بۇ لۇغەتتە قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆزلەر تۈركىيە تۈركچىسى بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ لۇغەت قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆزلەرنىڭ مەنە ۋە شەكىل جەھەتتە قانداق ئۆزگىرىشلەر ياسىغانلىقىنى، شۇنداقلا سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى بىلىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. ئېيتايلى.

بۇ لۇغەتتە «ئال» دېگەن سۆزگە «ھىلە، مىكىر» دېگەن مەنە بېرىلگەن. بۇنىڭدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئالدا، ئالدامچى» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئەنە شۇ «ئال» سۆزى بىلەن ياسالغانلىقىنى كۆرىمىز. «ئاغ» دېگەن سۆزگە «ئىككى پۇت ئارىسىدىكى كەڭلىك» دېگەن مەنە بېرىلگەن. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇ سۆز «ئىشتاننىڭ ئېغى» دېگەن مەنىدە قوللىنىلسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككىسىنىڭ مەنىسى ئوتتۇرىسىدا بىر ئورتاقلىق ۋە باغلىنىش بارلىقىنى كۆرىمىز. «قىڭ» دېگەن سۆزگە «ئالبىغاي» دەپ مەنە بېرىلگەن. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «قىڭغىر» دېگەن سۆزنىڭ «قىڭ» دېگەن تومۇردىن ياسالغانلىقىنى كۆرمەكتىمىز. «قىز» دېگەن سۆزگە بىرقانچە مەنىلەردىن باشقا، يەنە «ئىسسىق، ھارارەت» دېگەن مەنىمۇ بېرىلگەن. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «قىزىق، قىزغىن، قىزىتماق» دېگەندەك سۆزلەرنىڭ «قىز» سۆزىدىن ياسالغانلىقىنى كۆرىمىز. دېمەك، بۇ لۇغەتنىڭ تىل تەتقىقاتى ئۈچۈن ئىلمىي قىممىتى خېلى زور.

ن. ئا. باسكاكوپ، د. م. ناسلوپ، بۇ. سۇنۋازا، ئا. شەمىيېۋا، م. كەبىرووۋ، ئەمىرنەجىپ قاتارلىق تىلشۇناسلار 30 - يىللاردىن 60 - يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا «ئۇيغۇرچە - رۇسچە»، «رۇسچە - ئۇيغۇرچە» لۇغەتلەردىن بىر مۇنچىسىنى ئىشلىدى. بۇ لۇغەتلەر تىل ئۆگىنىش، ئىلىم - پەن ئىگىلەش ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەھەتلەردە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغانىدى.

دۆلىتىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، مەتبەئەچىلىك نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنىڭ ئۇچقاندەك راۋاج تېپىشى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلەتتى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ بۇ تەرەققىيات سۈرئىتى لۇغەتچىلىك ساھەسىدە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، لۇغەتنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى بويىچە بىرنەچچە يۈز لۇغەت نەشر قىلىنىپ، جامائەتچىلىككە تەقدىم قىلىندى. ھازىر ھەرقايسى ساھەلەر بويىچە كەسپىي لۇغەتلەر داۋاملىق نەشر قىلىنماقتا.

# خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا

ۋاڭ سۇمېي

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى، خاراكتېرى، قانداق قىلغاندا خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش خىزمىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرگىلى بولىدىغانلىقى ۋە بۇ جەھەتتىكى بىرقانچە مۇھىم نۇقتا قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ.

خەنزۇ تىلى دەرسى رايونىمىزدىكى ئالىي، ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى چوقۇم ئوقۇشقا تېگىشلىك بولغان ئاساسىي دەرسلەرنىڭ بىرى. بۇ دەرس قورال دەرسى بولۇپ، باشقا دەرسلەرگە ئوخشاش ئاساسەن دەرسخانىدا مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلى بىلەن ئوقۇتۇلىدۇ. شۇڭا، خەنزۇ تىلىنىڭ دەرسخانىدىكى ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ناھايىتى مۇھىم.

مەن خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىپ، مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەريانىدا ھاسىل قىلغان تەجرىبىلىرىم ۋە تەسىراتلىرىمنى ئۇستازلىرىم، كەسپداشلىرىمنىڭ مۇھاكىمىسىگە سۇنۇپ، ئۇلار بىلەن ئورتاقلىشىش مەقسىتىدە بىرقانچە مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن. خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىقىنى ئۆز كەسپى قىلغان ئوقۇتقۇچىلار تۆۋەندىكى بىرقانچە مۇھىم تەلەپنى ئورۇندىشى لازىم:

1. دەرس ئۆتۈش — ئوقۇتۇش سەنئىتىدىكى قايتا ئىجادىيەت.

بىزنىڭ ھازىرقى دەۋردىكى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىمىز ئاساسەن سۆز مەنىسىنى چۈشەندۈرۈش ←گراماتىكىسىنى چۈشەندۈرۈش ← تېكىستنى كىرىشتۈرۈپ سۆزلەش ← مەشىق قىلدۇرۇش ← تاپشۇرۇق بېرىش ← تەرجىمىسىنى باشتىن ئاخىر سۆزلەپ بېرىشتىن، يەنى پۈتۈن جەرياننى ئاساسەن ئوقۇتقۇچى سۆزلەپ بېرىش، ئوقۇغۇچىغا ئوقۇتۇشتىن ئىبارەت.

تىل ئىككى ياكى كۆپ تەرەپلىمە ئالماشتۇرۇش قورالى. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك فورمىلاشقان ئوقۇتۇش قۇرۇلمىسى ھازىرقى دەۋر ئوقۇتۇش تەلىپىنى قاندۇرالمايدۇ. بۇنداق ئۇسۇل داۋاملىشىۋېرىدىغان بولسا، ئوقۇغۇچىلار تەبىئىي ئۆگىنىش كەيپىياتىنى شەكىللەندۈرەلمەيدۇ، مول بولغان تىل ئۆگىنىش مۇھىتىنى يارىتالمايدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز ئەقلىنى ئەركىن جارى قىلدۇرۇشىغا تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا بۇ خىل ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى تۆۋەندىكىدەك ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ.

1) ئوقۇتۇشتا مۇقىم ئۇسۇل بىلەن ماتېرىيالغىلا ئېسىلىۋالماسلىقنى تەشەببۇس قىلىش

لازىم.

ھازىرقى زامان مائارىپ نەزەرىيىسى ئىجابىي ئۆگىنىش ۋە ئىجادىي ئوقۇتۇش قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. ھەقىقىي تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچىلار دەرس ئۆتكەندە مۇقىم بىر خىل ئۇسۇلغىلا ئېسىلىۋالماي، كونكرېت ئەھۋالغا ئاساسەن جانلىق، ئەپچىللىك بىلەن مۇۋاپىق ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى تاللاپ، ئوقۇغۇچىلارنى جەلپ قىلىش ۋە تەبىئىي قىزىقتۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈشنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

بىزنىڭ ئوقۇتۇش ئوبيېكتىمىز شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار (ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قازاق، موڭغۇل ئوقۇغۇچىلارمۇ بار) بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىل ئۆگىنىش مۇھىتىدا پەرق ناھايىتى چوڭ بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تىل ساپاسىدىكى پەرقىمۇ ناھايىتى چوڭ. بۇ ھال خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا زور قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلمەكتە. شۇڭا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىدا قېلىپلاشقان بىر خىللا ئۇسۇل قوللىنىشقا بولمايدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىل ئۆگىنىش سەۋىيىسىگە ئاساسەن ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن سەۋىيىدىكىلەرنى ئاساس قىلىش، خەنزۇ تىلى ئاساسى ياخشىلارنى تېكىستنى تەھلىل قىلىش، يىغىنچاقلاش، ھۆكۈم قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە يېتەكلەش (ئىمكان قەدەر ئانا تىلنى ئىشلەتمەسلىكنى قولغا كەلتۈرۈش)، زېھنىنى ئاشۇرۇش جەھەتتە كۈچ چىقىرىشقا يېتەكلەش لازىم. خەنزۇ تىل ئاساسى ئادەتتىكىدەكلىرىگە خەنزۇ تىلىدا سۆزلىشىشنى مەشق قىلدۇرۇش، ئانا تىلنى ئىمكان قەدەر ئىشلەتمەسلىكنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم. يەنى بىر سىنىپتا بىر ۋاقىتتا ئوخشاش بولمىغان ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش لازىم. بولۇپمۇ «ئاڭلىق ئەمەلىيەت» ئۇسۇلىنى ئاساس قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلى» نى ۋە تونۇۋېلىش ئۇسۇلىنىمۇ مۇۋاپىق قوللىنىش لازىم.

ئەلۋەتتە بۇ خىل «جانلىق قوللىنىش» ئۇسۇلى خالىغانچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بولماستىن، بەلكى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەتراپلىق ماھارىتى بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان بىر ئالىي ئوقۇتۇش سەنئىتى. شۇڭا ئوقۇتقۇچى ئۆزىنىڭ مۇددەتلىك ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئاندىن «جانلىق ئىشلىتىش» قابىلىيىتىنى ھازىرلىيالايدۇ.

ئوقۇتقۇچى يەنە ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆزى، چىرايى، ھەرىكىتى، يۈرۈش - تۇرۇشى ۋە بەزى ئىنچىكە ئىشلىرىغا ئاساسەن ئۇلارنىڭ پىسخىكىلىك ئىچكى دۇنياسىنى ئېنىق كۆزىتىپ، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان «تەسادىپىي ئەھۋال» لارنى ئالدىن سېزىۋېلىپ، مۇناسىپ تەدبىر قوللىنىپ، ئوقۇتۇش ھالىتىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشى لازىم. ئوقۇغۇچىلاردىكى ھەر بىر ياخشى ئىپادىلەرنى بايقاپ ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلەپ، ئىلغارلىرىنى ئۈلگە قىلىپ ناچارلىرىنى يېتەكلەش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىنىڭ تەلىپى بويىچە دەرس ئۆزلەشتۈرۈشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسكە بولغان قىزىقىشىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ زېھنىنى ئۇرغىتىپ، دەرسنى خۇشاللىق بىلەن ئاڭلايدىغان، خاتىرە قالدۇرىدىغان، ۋە ئۆتۈلگەن مەزمۇنلارنى ئۆز بىلىمىگە ئايلاندۇرالايدىغان قىلىش كېرەك.

2) ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى پىششىق بىلىش، يېڭى مەزمۇنلارنى تولۇقلاش، سۆزلەش بىلەن مەشق قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش لازىم.

خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭ ئۇنىۋېرساللىقىدا يەنى بىر سائەتلىك دەرستىلا بىر ياكى بىرنەچچە خىل ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇنلىنىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا ئوقۇتقۇچى دەرسلىك مەزمۇنىنى پىششىق بىلىشى، مۇھىم نۇقتىنىڭ ئېنىق سىستېمىلىق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. دەرس سۆزلىگەندە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە ماسلاشتۇرۇپ، دەرس مەزمۇنىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان يېڭى ماتېرىيالنى تولۇقلاپ تۇرغاندىلا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ

بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىپ دەرس ئۆزلەشتۈرۈش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

دەرس ئۆتۈش جەريانىدا ئوقۇتۇش پروگراممىسى بىلەن ئوقۇتۇش ماتېرىيالىنى ئاساس قىلىشتىن سىرت، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئوقۇتۇش ماتېرىيالىنىڭ مەزمۇنىنى مۇۋاپىق تولۇقلاپ تۇرۇش، يەنى دەرس تېكىستى ئىچىگە يېڭى - يېڭى مەزمۇنلارنى كىرگۈزۈش لازىم، بۇنداق قىلغاندا ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسكە بولغان چۈشەنچىسىنى ئاشۇرغىلى، بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتكىلى بولىدۇ.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي سەۋىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىش ئۈچۈن، ئاساسىي بىلىمنى دەرسخانىدا ئۆگىنىش، ئاساسىي ماھارەتنى ئېغىزدا مەشق قىلدۇرۇش، ئاساسىي نەزەرىيىنى يېزىپ مەشق قىلىشقا يېتەكلەش لازىم. كۆپ تەرەپلىمە بىلىملەرنى ئۆزئارا كىرىشتۈرۈپ سۆزلەش، ئوقۇغۇچىلارنى پىكىر قىلىشقا ئۈندەيدىغان ئۇنىۋېرساللىقتا ئىگە مەشقلەرنى ئوقۇتقۇچىلار ئۆزلىرى تۈزۈپ چىقىپ ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن كەڭ ھەم بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولغان بىلىم ئېلىش شارائىتىنى يارىتىپ بېرىش كېرەك.

مەسىلەن: «تەبىئىي ھايۋاناتلار باغچىسى» دېگەن دەرسنى ئۆتۈش ۋاقتىدا، ئوقۇغۇچىلار ئالدىن «دەرس مەزمۇنىنى كۆرۈپ چىقىشنى» ئاندىن ئوقۇتقۇچى بىر قېتىم ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، ئۆگىنىشى ياخشى ۋە بىر قەدەر ياخشى ئوقۇغۇچىلاردىن تانزانىيىدىكى سالىنگات ھايۋاناتلار باغچىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنى خەرىتىدىن كۆرسىتىپ بېرىشنى ۋە تەبىئىي ھايۋاناتلار باغچىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە ھازىرلانغان شارائىتلارنى سۆزلەپ بېرىشنى، يەنە قانداق تەبىئىي ھايۋاناتلار باغچىسىنىڭ بارلىقى، تېكىستتە تونۇشتۇرۇلغان ھايۋاناتلاردىن باشقا يەنە قانداق ھايۋاناتلارنىڭ بارلىقى، نېمە ئۈچۈن ھايۋاناتلارنىڭ ھاۋانىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن قانۇنىيەتلىك ھالدا كۆچىدىغانلىقى، يەنە قانداق ھايۋانلاردا كۆچۈش ئەھۋالىنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقى، تەبىئىي ھايۋاناتلار باغچىسى بىلەن سۈنئىي ھايۋاناتلار باغچىسىنىڭ قايسى جەھەتلەردىن پەرقلىنىدىغانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار چۈشىنەلمىگەن خام سۆزلەرنى ۋە گراماتىكىلىق ھادىسىلەرنى سۆزلەپ چۈشەندۈرۈپ بەرسە بولىدۇ. ئۆگىنىشى بىر قەدەر ناچار ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا تېكىست مەزمۇنىغا ئاساسەن تۈگۈيراق سوئاللارنى چىقىرىپ جاۋاب ئېلىش، كىرىشتۈرۈپ مەشق قىلدۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك. ئوقۇغۇچىلارغا ئىلھام بېرىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە سۆزلەتكۈزۈش، چۈشەندۈرگۈزۈش، ئۆزئارا مۇنازىرە قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېكىست مەزمۇنىنى ياخشى چۈشىنىشىگە، خام سۆزلەرنى پىششىق ئىگىلىشىگە ياردەم بەرگىلى بولىدۇ، ئۇندىن باشقا يەنە ھەر خىل تېمىدا تاپشۇرۇق ئىشلەشكە ئورۇنلاشتۇرۇش، مەسىلەن، «ھايۋاناتلار باغچىسى» دېگەن ماۋزۇدا ماقالە يېزىشنى تاپشۇرۇق بېرىپ، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى تۆۋەندىكى مەسىلىلەر بويىچە يېزىشنى تەلەپ قىلىش لازىم: ① سۈنئىي ھايۋاناتلار باغچىسى بىلەن تەبىئىي ھايۋاناتلار باغچىسىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەرەپلىرىنى تەسۋىرلەش (شەكلى ۋە مەزمۇنى جەھەتتىن تەسۋىرلەش) ② ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى بىلەن يېتەرسىزلىكىنى تەسۋىرلەش (ساياھەتچىلەرگە قايسى جەھەتتىن قولايلىق، خۇشاللىق، ھوزۇر ئېلىپ كېلىشى، شەھەر قىياپىتىگە قانداق تۈس قوشىشى قاتارلىقلار) ③ ھايۋاناتلارنىڭ ئادەمگە كۆنۈش ھالىتىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ھايۋاناتلارغا بولغان تەسىراتىنى جانلىق ئىپادىلەش. ماقالە مەزمۇنى بىردەك بولۇشى تەلەپ قىلىنمايدۇ. مەزمۇنى ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمىغان بولۇشى، ئوقۇغۇچىلارنى ئۆز مەيلىچە ئەسلىتىش، تەسۋىرلىتىش لازىم.

3) ئوقۇتقۇچى ئۆز مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى

ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ تۇرۇشى كېرەك. خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى ئۆز خىزمىتىنى قىزغىنلىق سۆيۈپلا قالماي، ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپنى پىششىق بىلىشى، ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ تۇرۇشى شەرت. دېمەك خەنزۇ تىلى - يېزىقىنى پىششىق بىلگەندىن سىرت خەنزۇ مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت بىلىملىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ (ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ) مەدەنىيەت بىلىملىرى (تارىخ، جۇغراپىيە، سىياسىي، ئەدەبىيات، سەنئەت، قائىدە - يوسۇن، ئۆرپ - ئادەت قاتارلىقلار) دىن خەۋەردا بولۇشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئوقۇتقۇچى ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرەلەيدۇ، ئالىيجاناپ كەسىپ ئەخلاقىنى يېتىلدۈرەلەيدۇ، ئىجادچانلىق بىلەن دەرسلىكتىن پايدىلىنىپ، ئوخشاش بولمىغان تېما مەزمۇندىكى تېكىست مەزمۇنلىرىنى جانلىق ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ئۈنۈملۈك ئوقۇتۇش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ.

4) ئوقۇتقۇچىنىڭ نۇتۇق قابىلىيىتى بولۇشى كېرەك.

ئامېرىكىلىق ئاتاقلىق مائارىپچى، ئاراتور مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشىنىڭ 15 پىرسەنتى پەن - تېخنىكا بىلىملىرىگە، 85 پىرسەنتى ئىنسانىيەت قۇرۇلۇشى يەنى ئۆزىنىڭ پىكىر قابىلىيىتىنى بايان قىلىش، يېتەكلەش قابىلىيىتى ۋە باشقىلارنىڭ قىزغىنلىقىنى قوزغاش قابىلىيىتىگە باغلىق.» بۇ سۆز ھەقىقەتەنمۇ جايىدا ئېيتىلغان. غەربىي دۆلەتلىرىدە، تىل (سۆز قابىلىيىتى)، ئېلېكترونلۇق مېڭە، ئامېرىكا دوللىرى ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ ئۈچ چوڭ قورالى دەپ ئاتالماقتا. بۇنىڭدىن سۆز قابىلىيەتنىڭ ھەقىقەتەن مۇھىملىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ سۆز قابىلىيىتىنىڭ ياخشى بولۇشى ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى سۆز قابىلىيىتى ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇشقا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، ئۆزىنىڭ خىزمەتلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش - بولماسلىقىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ئىشلىرىدىن مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى بىلىم سەۋىيىسى يۇقىرى بولغاندىن تاشقىرى، يەنە كىشىنى قايىل قىلارلىق سۆزقابىلىيىتى ۋە ناتىقلىق سەنئىتى يۇقىرى بولغان كىشىلەردۇر. دېمەك، ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆز قابىلىيىتى يۇقىرى بولسا، ئۇنىڭ بىلىمى باشقىلار تەرىپىدىن ئاسان قوبۇل قىلىنىدۇ ھەم ھۆرمەتكە ئېرىشىدۇ، ئوقۇتۇش سۈپىتىمۇ ئۆزلۈكسىز ئۆسۈپ بارىدۇ.

5) ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزى ئۆلچەملىك، ئاۋازى يېقىملىق بولۇشى كېرەك.

ئوقۇغۇچىلار قەلبىدىكى ئوقۇتقۇچى بىلىمنىڭ مۇجەسسەمى، ئۇلار دائىم ئوقۇتقۇچىنى ئۆگىنىش نەمۇنىسى قىلىدۇ. شۇڭا، ئوقۇتقۇچى ئۆزىنىڭ سۆز ھەرىكىتىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەقلىد قىلىشى ئۈچۈن ئۆلچەملەشتۈرۈشى لازىم.

بۇنىڭدا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سۆزى ئۆلچەملىك، تەلەپپۇزى توغرا، سۆزى ئېنىق، جۈملىسى گرامماتىكىغا ئۇيغۇن، تىل خاتالىقى ۋە ئادەتلىنىپ قالغان يەرلىك شېۋە سۆزلىرى بولماسلىقى كېرەك. بولۇپمۇ جەمئىيەتتە ئېقىپ يۈرگەن قوپال سۆزلەرنى ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا سۆزلەپ قويماسلىقى، سۆز - ھەرىكەتلىرىدىن ئىلمىيلىكى چىقىپ تۇرۇشى كېرەك.

ئوقۇتقۇچى تىل جەھەتتىن ئۆلچەملىك بولۇپلا قالماي، تىل ۋە ئاۋازىنىڭ يېقىملىق بولۇشىغىمۇ دىققەت قىلىشى كېرەك. يەنى گەپ - سۆزى ئېنىق بولۇشى، سۆز ۋە ئاھاڭدا كەتكۈزۈپ قويماسلىقى، ئاۋازى سىلىق، جاراڭلىق بولۇشى؛ پىكرى ھېسسىياتلىق ئىپادىلىنىشى، ئاۋازى ھېسسىياتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشالىشى، گەپنىڭ بېشى بار، ئايىغى يوق بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىشى كېرەك.

خەنزۇ تىلىنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، بىر بوغۇم بىر خەت، ھەربىر خەتنىڭ سۆز مەنىسىنى پەرقلەندۈرىدىغان ئاھاڭى بولىدۇ. ھەربىر جۈملە

ئېگىز- پەس ئاھاڭلاردىن تۈزۈلىدۇ. شۇڭا سۆز جىددىي، ئاستا، نۆۋەتلەشتۈرۈلگەن دولقۇنسىمان، جاراڭلىق، خۇش ئاھاڭلار بىلەن ماسلاشتۇرۇلسا، يېقىملىق، گۈزەل ئاڭلىنىدۇ. شۇڭا، ئوقۇتقۇچى خەنزۇ تىلىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىشى كېرەك.

6) دەرسخانىدا ئىناق، خۇشخۇي كەيپىيات يارىتىش كېرەك.

دەرس ئۈستىدە ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىغا بېسىم ئىشلىتىدىغان، بىرەر ئوقۇغۇچىنىڭ «تەرتىپنى بۇزۇشى بىلەن دەرسنى توختىتىپ ئۇنى باشقۇرۇش بىلەن بولۇپ كېتىدىغان، ئۆزىمۇ ئاچچىق يۇتۇپ ھەم ئوقۇغۇچىلارنىمۇ ئەندىشىگە سېلىپ، دەرسخانا كەيپىياتىنى جىددىيلەشتۈرۈپ قويىدىغان ئەھۋاللاردىن ساقلىنىشى كېرەك. ئوقۇتۇشتا ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئىناق ئۆگىنىش كەيپىياتى يارىتىش، ئوقۇغۇچىلارغا بېسىم ئىشلەتمەسلىك، باراۋەرلىك، ئۆزئارا ھۆرمەتلەش كەيپىياتى ئىچىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش لازىم.

سوئال كۆپ بولۇش، ئورۇنسىز سۆزلەرنىڭ ئېيتىلىشى تۈپەيلىدىن، ئوقۇغۇچىلارنى جىددىي كەيپىياتقا سېلىپ، ئۇلاردا مۇداپىئەگە ئۆتۈش ۋە قارشىلىق كۆرسىتىش تۇيغۇسىنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلىنىش كېرەك، ئوقۇغۇچىلارغا خاتىرجەملىك ۋە كۆڭۈل ئازادىلىكى شارائىتى يارىتىش، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىمۇ ئىناقلىق ئاساسىدىكى ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆگىنىش ۋە ئۆزئارا ياردەملىشىش كەيپىياتىنى يارىتىش كېرەك.

2. ئوقۇتقۇچى سەۋرچان تىڭشىغۇچىدىن بولۇشى لازىم

دەرس ئۈستىدە ئوقۇتقۇچى بىلىم بېرىش بىلەن بىرگە كۆپ ۋاقتىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەشقىگە قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ خام سۆزلەرنى، تېكىستنى ئوقۇش، جۈملە تۈزۈش، تېكىستنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن سوئاللارغا جاۋاب بېرىش، تېكىست مەزمۇنىدىكى چوڭقۇر ئابزاسلارنى مۇنازىرىگە سېلىش، ئەمەلىيەتكە باغلىغان ھالدا ئۆزلىرىنىڭ كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدۇرۇش ۋە شۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچكى تىل بايلىقىنى ئېچىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ئۇنى تاشقى تىلغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش، تەسۋىرلەش، سۆزلەش، يىغىنچاقلاش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش مەشقى ئېلىپ بارغاندا، ئوقۇتقۇچىنىڭ سەۋرچانلىق، زېرەكلىك بىلەن ئاڭلىشى ناھايىتى مۇھىم. دېمەك، باشقىلارنىڭ سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاشنىڭ رولى دەرس «ئۆتۈش» تىن قېلىشمايدۇ. شۇڭا، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل پوزىتسىيىدە كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىشى، ئوقۇغۇچىنىڭ تەلەپپۇزىنىڭ ئۆلچەملىك بولغان، بولمىغانلىقى، سۆزلەرنى توغرا ئىشلەتكەن، ئىشلەتمىگەنلىكى، تۈزگەن جۈملىلىرىنىڭ ساغلام بولغان - بولمىغانلىقى، ئانالىز قىلىش، ھۆكۈم چىقىرىش، ئومۇملاشتۇرۇش قاتارلىق قابىلىيەتكە ئىگە بولغان - بولمىغانلىقىغا توغرا ھۆكۈم چىقىرىشى، خاتا جايلىرىنى ئوچۇق، سەممىيەتلىك بىلەن كۆرسىتىپ بېرىشى كېرەك. بىزنىڭ ئوقۇتۇش ئوبيېكتىمىزنىڭ كۆپ قىسمى يىراق، چەت رايونلاردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار-دۇر، ئۇ رايونلارنىڭ خەنزۇچە تىل ئىشلىتىش شارائىتى ياخشى بولمىغانلىقتىن، ئۇلار ئىنتايىن ناچار تەلەپپۇز بىلەن خاتا ھەتتا ئوڭ - تەتۈر سۆزلىگەن ھالەتتىمۇ، زېرىكمەستىن سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلاپ تۈزىتىش بېرىش، توغرا سۆزلىگەنلەرگە توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ، ئۇلارنى تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇرۇش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھۆرمىتىگە، ئىشەنچىسىگە ۋە كۆڭۈل بېرىشىگە ئېرىشىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىغا يېقىنلىشىدۇ ھەم ئۆز دوستىدەك بىلىپ ئوقۇتقۇچىسىغا ئوي - پىكىرلىرىنى يۈرەكلىك ئىپادىلەيدۇ. چۈشەنمىگەن دەرسلىرىني ئىككىلەنمەي سورىيالايدۇ. بۇنىڭ بىلەن تەدرىجىي ھالدا تىل ئىپادىلەش قابىلىيىتىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ ھەم خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىدا مۆلچەرلىگەن ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

# تاڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇنلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جۇڭگونىڭ قانۇن چىقىرىش تارىخىدا تۇتقان ئورنى

زەيتۇنە توختى

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇنلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جۇڭگونىڭ قانۇن چىقىرىش تارىخىدا تۇتقان ئورنى قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ.

لى يۈەن①ۋە ئۇنىڭ ئوغلى لى شىمىن ئاقسۆڭەك بيۇروكراتلار گۇرۇھى سۇي سۇلالىسىغا قارشى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ مېۋىسىنى تارتىۋېلىپ، مىلادى 618 - يىلى تاڭ سۇلالىسىنى قۇردى. بۇ فېئوداللىق ھاكىمىيەت مىلادى 907 - يىلغىچە 290 يىل ھۆكۈم سۈردى. تاڭ سۇلالىسى ئېلىمىز تارىخىدا سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە تازا يۈكسەلگەن مەشھۇر فېئوداللىق سۇلالىلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ بۇنداق گۈللىنىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدىن ئىبارەت.

تاڭ سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى ئىلگىرىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەن ۋە بىرمۇنچە قانۇنلارنى تۈزۈپ چىققان. ۋۇدې قانۇنى بۇ قانۇنلار ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر قانۇن بولۇپ، ئۇ مىلادى 624 - يىلى (ۋۇدېنىڭ 7 - يىلى) تاڭ سۇلالىسى جەمئىيىتىنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئاساسەن، كەيخۇاڭ قانۇنى ئۆلچەم قىلىنىپ تۈزۈپ چىقىلغان، ئۇ 12 باب 500 ماددىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

تاڭ سۇلالىسى قانۇنىنىڭ 6 - جىلدىدا: «تاڭ سۇلالىسىنىڭ ۋۇدې يىللىرىدا كەيخۇاڭ قانۇنىنىڭ باب، ماددىلىرىنى ئۆلچەم قىلىپ قانۇن تۈزۈپ چىقىش تەۋسىيە قىلىنغان» دېيىلگەن. بۇ، ۋۇدې قانۇنىنىڭ كەيخۇاڭ قانۇنىنى ئاساس قىلىپ تۈزۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

تاڭ تەيزۇڭ — لى شىمىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە ئەگىشىپ، قانۇن چىقىرىش ئىشلىرى كۈچەيتىلگەن. ئۇ جاڭسۈنۋۇجى ۋە فاڭ شۈەنلىڭ قاتارلىق كىشىلەرگە ۋۇدې قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى تاپشۇرغان. شۇنىڭ بىلەن جېنگۈەنىڭ 11 - يىلى «جېنگۈەن قانۇنى» تۈزۈپ چىقىلغان، ئۇ يەنىلا 12 باب 500 ماددىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. «كونا تاڭنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى تەزكىرىسى»دە مۇنداق دەپ يېزىلغان: جېنگۈەن قانۇنىدا «سۇي سۇلالىسىنىڭ قانۇنىغا قارىغاندا، ئۆلۈم جازاسىغا دائىر ماددىلاردىن 92 ماددا قىسقارتىلدى، سۈرگۈن قىلىش ۋە قاماق

① لى يۈەن — شەنشى، مەنشى، گەنسۇ ئەتراپلىرىدا ياشىغان چوڭ فېئودال.

جازالىمغا دائىر ماددىلاردىن 71 ماددا قىسقارتىلدى. جىنايى ئىشلار قانۇنىدا ئەمەلدارلار جازاغا تارتىلسا، ئۇلارنىڭ ئىسمى رويخەتتىن چىقىرىپ تاشلىنىپ، ئاددىي پۇقراغا ئايلاندۇرۇلىدىغانلىقى بەلگىلەندى. (ۋۇدى) قانۇنىنىڭ كىرەكسىز يەرلىرى چىقىرىپ تاشلاندى. ئېغىر جازا يېنىك جازاغا ئۆزگەرتىلدى». بۇ، جىنگۇەن قانۇنىنىڭ يەنىلا سۇي سۇلالىسى كەيخۇاڭ قانۇنىنى ئۆرنەك قىلىپ تۈزۈلگەنلىكىنى، ئەمما ئۇنىڭدا ۋۇدى قانۇنىغا قارىغاندا خېلى كۆپ ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

تاڭ گاۋزۇڭ دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇ تاڭ تەيزۇڭنىڭ «ئەلنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش» پرىنسىپىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغان. ئۇنىڭ بۇيرۇقى بويىچە جاڭسۇن ۋۇجى، لىجى، يۈيجىنىڭ قاتارلىق كىشىلەر ۋۇدى، جىنگۇەن قانۇنلىرى ئاساسىدا 12 باب 502 ماددىلىق «يۇڭخۇي قانۇنى» نى تۈزۈپ چىققان ۋە بۇ قانۇن يۇڭخۇينىڭ 2 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەتكە جاكارلانغان. يۇڭخۇي قانۇنىنى تۈزۈپ چىقىشتىكى پرىنسىپلارنىڭ روھىي ماھىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، يۇڭخۇي قانۇنى ماددىمۇ ـ ماددا، جۈملىمۇ ـ جۈملە ئىزاھلانغان. بۇ «شەرھ» دەپ، كېيىنكى دەۋرلەردە «تاڭ سۇلالىسى قانۇنىنىڭ شەرھىسى» دەپ ئاتالغان. «يۇڭخۇي قانۇنى شەرھى» (تاڭ سۇلالىسى قانۇنىنىڭ شەرھى) ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ «ئالتە قانۇنى» نىڭ ھازىرغىچە تولۇق ساقلىنىپ قالغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشقا قانۇنلىرى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن.

«يۇڭخۇي قانۇنى شەرھى» بىلىمىزنىڭ فېئوداللىق جەمئىيىتىدىكى بىر قەدەر مۇكەممەل قانۇن بولۇپ، ئۇ چىن، خەن سۇلالىلىرىدىن بۇيانقى فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەدلىيە تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، شۇنىڭدەك ئېلىمىزنىڭ فېئوداللىق جەمئىيىتىدە ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ گۈللەنگەنلىكىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلىدۇر. «ئالتە قانۇن»، «باشقۇرۇش قانۇنى»، «مائارىپ قانۇنى» «قائىدە ـ يوسۇن قانۇنى»، «سىياسىي ئىشلار قانۇنى»، «جىنايى ئىشلار قانۇنى»، «كەسىپ ئىشلار قانۇنى» دىن ئىبارەت ئالتە قانۇننى كۆرسىتىدۇ.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئالتە قانۇنى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ قەدىمىي مەمۇرىي ئىشلار قانۇنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ تۈزۈپ چىقىلىشى فېئوداللىق قانۇن چىقىرىش تارىخىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئالتە قانۇنى تۈزۈلگەندىن كېيىن، مەمۇرىي قانۇن جىنايى ئىشلار قانۇنىدىن ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىل قانۇنغا ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋرىدىلا ئىككى چوڭ قانۇن — جىنايى ئىشلار قانۇنى ۋە مەمۇرىي قانۇن بارلىققا كەلدى. دېمەك تاڭ سۇلالىسىنىڭ «ئالتە قانۇنى» نىڭ تۈزۈلۈشى ئېلىمىزدە فېئوداللىق قانۇن ـ تۈزۈمنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە قارا يۈزلەنگەنلىكىنىڭ مۇھىم بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ قانۇنلاردىن باشقا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇن سىستېمىسىدا بەش جازا ئون قەبىھ جىنايەت سەككىزگە ئېتىبار بېرىشتەك بىر قانچە خىل قانۇنمۇ تۈزۈپ چىقىلغان. بەش جازا: دەررە ئۇرۇش، كالتەكلەش، قاماپ قويۇش، سۈرگۈن قىلىش ۋە ئۆلتۈرۈشتىن ئىبارەت بەش جازانى كۆرسىتىدۇ. ئون قەبىھ جىنايەت، ئاساسلىقى پادىشاھنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق ئاساسىغا ۋە فېئودال دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانلىق تەرتىپىگە بىۋاسىتە دەخلى ـ تەرۇز قىلىنىدىغان ھەرىكەتلەرگە قارىتىلغان. ئۇلار: (1) قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇش؛ (2) يۈز ئۆرۈش؛ (3) ئاسىيلىق قىلىشقا ئۇرۇنۇش؛ (4) ئەشەددىي يامانلىق؛ (5) يولسىزلىق؛ (6) چوڭ ھۆرمەتسىزلىك؛ (7) ۋاپاسىزلىق ۋە ھازا تۇتماسلىق؛ (8) ئىناق بولماسلىق؛ (9) شەپقەتسىزلىك؛ (10) ئىچكى قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشتىن ئىبارەت. سەككىزگە ئېتىبار بېرىش ۋېي قانۇنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى قانۇنىدا تېخىمۇ

مۇكەممەللەشتۇرۇلگەن. سەككىزگە ئېتىبار بېرىش فېئودال ئاقسۆڭەك ئەمەلدارلارنى قوغداش مەقسىتىدىكى قانۇن بولۇپ، ئۇ پادىشاھنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىغا ئېتىبار بېرىش، سادىق كونا خىزمەتچىلەرگە ئېتىبار بېرىش، دانىشمەنلەرگە ئېتىبار بېرىش، قابىلىيەتلىكلەرگە ئېتىبار بېرىش، خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە ئېتىبار بېرىش، ئاقسۆڭەك ئەمەلدارلارغا ئېتىبار بېرىش، ئەمگەك سىڭدۈرگەنلەرگە ئېتىبار بېرىش، مېھمانلارغا ئېتىبار بېرىشتىن ئىبارەت.

ئېتىبار بېرىلىدىغان كىشىلەر ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە تېگىشلىك جىنايەت ئۆتكۈزسىمۇ گۇناھىنى ئەملى بىلەن كەچۈرۈم قىلىنىشقا، گۇناھىنى پۇل بىلەن يۇيۇشقا بولاتتى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇنلىرى فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بىر قەدەر مۇكەممەل قانۇن بولغاچقا، بۇ قانۇنلار كېيىنكى سۇلالىلەرنىڭ قانۇن چىقىرىش ئىشلىرى ئۈچۈنمۇ ئۈرنەك بولغان. تاڭ سۇلالىسى قانۇنلىرى ئېلىمىزنىڭ فېئوداللىق قانۇن - تۈزۈم تەرەققىياتىدا ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەر ئۈچۈن يول ئېچىشتەك رول ئوينىغان. مەسىلەن، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇن، پەرمان، نىزاملىرى ئاساسىدا، شۇ دەۋرنىڭ ئەمەلىيىتىگە ماسلاشتۇرۇلغان ھالدا تۈزۈلگەن. يۈەن سۇلالىسىنىڭ «جىيۈەن يېڭى نىزامى»①نىڭ مەزمۇنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ 12 بابلىق قانۇنى بىلەن ئوخشاش بولغان. مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە تۈزۈلگەن «بۈيۈك مىڭ سۇلالىسى قانۇنى»مۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇنلىرىنى ئاساس قىلغان. مىڭ سۇلالىسىنىڭ باش ۋەزىرى لى شيەنجاڭ بۇ ھەقتە: «بۈگۈنكى كۈندىمۇ تاڭ سۇلالىسى قانۇنلىرىنى ئاساس قىلىش كېرەك» دېگەن، مىڭ تەيزۇڭ②ئۇنىڭ سۆزىنى قوللىغان.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇنلىرى چىڭ خاندانلىقىنىڭ قانۇن چىقىرىش ئىشلىرىغىمۇ زور تەسىر كۆرسەتكەن. دېمەك، كېيىنكى سۇلالىلەردىكى سۇلالىسى قانۇنلىرىنى ئەينەن ئىشلەتكەنلەرمۇ، ئۆز دەۋرىنىڭ ئەھۋالىغا ماسلاشتۇرۇپ ئىشلەتكەنلەرمۇ بولغان.

تاڭ سۇلالىسى قانۇنلىرى ئېلىمىزنىڭ فېئوداللىق جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى، شۇڭلاشقا جۇڭگو قانۇن سىستېمىسىدىكى بىر نامايەندە بولغاچقا، ئۇنىڭ تەسىرى جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئاسىيا قىتئەسىدىكى بەزى مەملىكەتلەرنىڭ، جۈملىدىن ئىران، ياپونىيە، چاۋشيەن، ۋيېتنام قاتارلىق ئەللەرنىڭ قانۇن چىقىرىش ئىشلىرىغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. تاڭ سۇلالىسى قانۇنلىرى دۇنيادىكى تۆت چوڭ قانۇن سىستېمىسىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ياپونىيە پادىشاھى داباۋنىڭ 1 - يىلى (مىلادى 761 - يىلى) تۈزۈلگەن «داباۋ قانۇنى» ۋۇدې، جىنگۈەن، يۇڭخۇي قانۇنلىرى ئاساسىدا تۈزۈلگەن، بولۇپمۇ يۇڭخۇي قانۇنىنىڭ مەزمۇنلىرى ئۇنىڭغا كۆپرەك كىرگۈزۈلگەن. «داباۋ قانۇنى» 6 قىسىم، 12 باب بولۇپ، بۇ قىسىم ۋە بابلارنىڭ نامى ۋە ئالدى - كەينىلىك تەرتىپى تاڭ سۇلالىسى قانۇنىغا ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولغان، پەقەت بەزى ماددىلار يېڭىدىن قوشۇلغان، بەزى ماددىلار قىسقارتىلغان. چاۋشيەننىڭ قانۇنىمۇ باب، ماددا جەھەتتە تاڭ سۇلالىسى قانۇنىغا ئوخشاش بولۇپلا قالماي، مەزمۇن جەھەتتىمۇ تاڭ سۇلالىسى قانۇنىنى ئۈرنەك قىلغان.

تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش مەقسىتىدە، ئۆزلىرىنىڭ قانۇنلىرىدا، خەلقنى ئەمىن تاپقۇزۇپ، خەلق ئۈستىدىكى ئېكسپلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمنى يېنىكلىتىش، سىنىپىي زىددىيەتنى پەسەيتىش، پۇقرالارنىڭ مالىمانچىلىقتىن كېيىن

---

① «جىيۈەن يېڭى نىزامى» — يۈەن سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئېلان قىلىنغان تۇنجى يازما قانۇن.

② مىڭ تەيزۇڭ — مىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادىشاھى.

ئارام ئېلىۋېلىشىغا، ئۆي - ماكانلىرىنى قايتا گۈللەندۈرۈشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت روھنى ئەكس ئەتتۈرۈگەن. تاڭ سۇلالىسى قانۇنىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا بىر قەدەر مۇكەممەل قانۇن سىستېمىسىغا ئايلىنالىشىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب شۇكى، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈملىرى قانۇن چىقىرىش ئىشىغا ئەھمىيەت بەرگەن. تاڭ تەيزۇڭ لى شىمىن جېنگۇەنىڭ 2 - يىلى لى جى دېگەن ۋەزىرىگە: «ھەرقانداق ئىشتا چوقۇم توپ ئاساس بولۇشى كېرەك ... دۆلەت پۇقرالارنى ئاساس قىلىدۇ ... دۆلەت يولغا قويغان قانۇنىنىڭ كەڭ ۋە ئادىل بولۇشى تىنچ ۋەزىيەتتە ئەمەلگە ئاشىدۇ»، «پۇقرالارنى ۋە دۆلەتنى ئەمىن تاپقۇزۇش پادىشاھنىڭ ئىقتىدارىغا باغلىق، پادىشاھ پۇقرالارغا پايدا يەتكۈزۈشى، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىشى، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشى، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا پۇقرالار خۇشال بولىدۇ» دېگەن. مۇشۇنداق يېتەكچى ئىدىيىگە ئاساسەن، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى ئەخلاقنى ئاساسىي ئورۇنغا، جازانى قوشۇمچە ئورۇنغا قويغان، قانۇننى ئاددىيلاشتۇرۇپ، جازانىڭ تۈرلىرىنى قىسقارتقان.

تەيزۇڭ خان تەختكە چىققاندىن كېيىن، «ئۆلگەن ئادەمنى تىرىلدۈرۈش مۇمكىن ئەمەس، قانۇننىڭ كەڭ ۋە ئادىل بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك» دېگەن تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە قانۇننىڭ ئىزچىللىقى ۋە مۇقىملىقىغا ئەھمىيەت بەرگەن. جېنگۇەنىڭ 11- يىلى تەيزۇڭ خان ئۆزىنىڭ ۋەزىرىنى: «ئەمىر- پەرمانلارنىڭ شەكلى مۇقىم بەلگىلەنمىسە، كىشىلەر ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ساختىپەزلىك كۆپىيىدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرغان.

تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى فېئوداللىق ئىقتىسادىي بازىسىنى ۋە پادىشاھ ھوقۇقىنى قوغداشنى يادرو قىلغان، ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈلگەن مۇستەبىت تۈزۈمنىڭ ئىزچىللىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، چىن ۋە خەن سۇلالىلىرىدىن بۇيانقى قانۇن چىقىرىش ئەمەلىيىتى ۋە ئەدلىيە ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، بىرقانچە خىل جىنايى ئىشلار قانۇنىنى تۈزۈپ چىقىپ، جازالاش تۈزۈمى ۋە ئەدلىيە پرىنسىپلىرىنى ماددىلاشتۇرغان ھەمدە ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ مۇھىم تەرەپلىرى ئۈستىدە روشەن بەلگىلىمىلەرنى چىقارغان. دېمەك، تاڭ سۇلالىسى قانۇنلىرى ئېلىمىزنىڭ فېئوداللىق جەمئىيىتىدىكى ۋەكىل خاراكتېرلىك، ئەينى دەۋر ئۈچۈن بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان فېئوداللىق قانۇن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئۇ كېيىنكى دەۋرلەردە جۇڭگونىڭ قانۇن چىقىرىش تارىخىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن.

# دۇنيادىكى مىللەتلەر

ئۆمەر موللا

| | | |
|---|---|---|
| هىندىستان | تولۇلار | 图卢人 |
| بىرازىلىيە | تۇپىلار | 图皮人 |
| جەنۇبىي ئامېرىكا | تۇپى - گۋارانىلار | 图皮瓜拉尼人 |
| سىبىرىيە، موڭغۇلىيە | تۇۋالار | 图瓦人 |
| تۇنىس | تۇنىسلار | 突尼斯人 |
| پولىنېزىيە | تۇئاموتۇلار | 土阿莫土人 |
| پولىنېزىيە | تۇبۇئەيلەر | 土布艾人 |
| تۈركىيە | تۈركلەر | 土耳其人 |
| تۈركمەنىستان | تۈركمەنلەر | 土库曼人 |
| شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا | توبالار | 托巴人 |
| ھىندونېزىيە | توبېلولار | 托贝洛人 |
| ھىندىستان | تودالار | 托达人 |
| مېكسىكا | تولتېكلار | 托尔特克人 |
| مېكسىكا | توخولابالىلار | 托霍拉巴尔人 |
| پولىنېزىيە | توكېلاۋلار | 托克劳人 |
| ھىندونېزىيە | توراجالار | 托拉查人 |
| ھىندونېزىيە | تولاكلار | 托拉克人 |
| ھىندونېزىيە | تومىنلار | 托米尼人 |
| ئالبانىيە | توسكلار | 托斯克人 |
| مېكسىكا | توتوناكلار | 托托纳克人 |
| ھىندونېزىيە | توئالالار | 托亚拉人 |

Journal of Xinjiang University (Philosophy and Social Sciences, Uygur Edition)
No. 3. 1995. (Total: No. 63)

# Contents

Several Points about the Sense of Economic Lehal System ........ Fuzhaozhung (translatedby Akbar Husayin)
The successor of the Sogd people and Their Culture · Abduxukur Muhammad Imin
Some Points about the Editorial Work ........ Akbar Husayin
On Zunun Kadir ........ Azat Sultan
The Development about the Theory of Figure Images ;........ Abdulla Muhammad
The Major Way to Develope the Socialistic Market is Cooperating and opening to the Foreign Countries ........ Hakim Zunun
About the Establishmeut of the Modrn Business System ........ Kulya
The Necessarty about the Perfect Making of the local Fconomic Laws and Regulations ........ Rixat Momun
Several Problems about the Administrative Compensation ........ Gulbahar Niyaz
The use of Equivocal Inference in Tudicial Praetice ........ Hasanjan turdi
The Guide Faetors of Early Marriage and the Preventire Measures about It ........ Hamra Muhammad
A Thorough Inquiry about the Uyghur Hair in Braids ........ Ahmad Sulayman
On the Word 《Qi'at》 Which Is Mentioned in "Oghuz Biography' ........ Tursun Hushur
On Gaochang Uyghur Education ........ Chiman Najmidin
About Dictionary and Its Significance ........ Ravaydulla Hamdulla
The Discussion on the Improvemeut of the Teaching Quality in Chinese Langnage ........ Wang sumei
The Law of Tang Dynasty and Its Position in the History of China Legal System ........ Zaytuna Tohti
The Ethnic Nationalities in the World ........ Omar Molla

主编：艾克拜尔•侯赛因
副主编：克尤木•库尔班

تۈزگۈچى: «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى»
تەھرىر بۆلۈمى

باشقۇرغۇچى: شىنجاڭ داشۆسى
شىنجاڭ داشۆسى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتىرى
قوبۇل قىلىدۇ

شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى

新疆大学学报
JOURNAL OF XINJIANG
UNIVERSITY
(哲学社会科学维文版)
季　　刊
发行范围：公开发行

国际标准刊号：ISSN 1005—5878 :خەلقئارالىق ئۆلچەملىك نومۇرى
国内统一刊号：CN 65—1035/C :مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى

بۇ ژۇرنال ئاشكارا تارقىتىلىدۇ. ۋاكالەت نومۇرى: 58—13
باھاسى: 2.00 يۈەن.

ISSN 1005-5878